ISSN 1005 - 0876



# BULAK

# بۇلاق

1

2000

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

21 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 70 ـ سان

2000



موللانىيازنىڭ «تارىخى رەشىدى»نىڭ تەرجىمىسىگە يازغان كىرىش سۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدى» ۋە «قىسەسۇل - غەرايىب»قا كىرگۈزۈلگەن قول يازمىسىدىن ئېلىنغان سۈرەتلەر




ئەبدۇجەلىل ھاجى قەسىدىلىرىنىڭ قول يازمىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر

# بۇلاق

## 2000 - يىللىق 1 - سان

## مۇندەرىجە


ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

رەشىدي ...................... مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مىرسۇلتان ئوسمانوف

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

قەسىدىلەر ........................ ئابدۇجەلىل داموللا ھاجى (19)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەدئابدۇللا ھاجى

شېئىرلار ................................... ھاجى ئەمىن (26)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: شېرىپ خۇشتار

تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى ......... ھېرمان ۋامبېرى (85)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: باۋۇدۇن نىياز

خەلق ئىغىز ئەدەبىياتىدىن

سۇمبۇل قۇش (چۆچەك) ................................ (101)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى

رىۋايەتلەر ............................................ (104)

توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

ئەسھابۇلكەھپ مازىرى ھەققىدە رىۋايەت .................... (108)

رەتلىگۈچى: دىلمۇرات ئابلىز

مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

ھايات بېغى (پوۋېست) ........................ ل. بات (75)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جېلىل مۇھەممەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


### تارىختىن ئىزلار

قارغىش ـ ئاداۋەت قايىنىغان زېمىن.................. ۋەلى ئەلى (39)

### مەشھۇر شەخسلەر

ئىسمائىل بۇخارىي ................... سەدرىددىن سەلىم بۇخارىي(56)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: نۇرنىسا باقى

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

خەمسە ۋە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»نى يېزىشىغا
دائىر مەسىلىلەر ................................. ئەشرەب ئابدۇللا(59)
لەتىپىلەر ................................................... (111)


توپلاپ رەتلىگۈچىلەر : ئابلىز توختى ، دىلنۇر ئابلىز

* *

خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى، قايىنام جاببار.
نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام.

* *

مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: ئەسھابۇلكەھپ مازىرى
مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە: سۇ بېشى لەڭگىرىنىڭ خارابىسى ۋە تۇيۇقتىكى تاش كىمىرلەر. 1987 ـ يىلى بېرلىن دىترىش رايمېر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يىپەك يولى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: يەكەن ئالتۇنلۇقتىكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خان جامائىتى مازىرى.

* *


باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت.

# تارىخى رەشىدى

مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مىرسۇلتان ئوسمانوف

مۇھەررىردىن: ئاتاقلىق تارىخچى ئالىم مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك» تىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ۋە دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا زور شۆھرەت قازانغان يەنە بىر مۇھىم مەدەنىي مىراسى. بۇ ئەسەردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن تارتىپ تاكى سۇلتان ئەبدۇررەشىدخان دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىككى يۈز يىللىق تارىخى يورۇتۇپ بېرىلگەن. مىرزا ھەيدەر تۇغۇلغانلىقىنىڭ بەش يۈز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق سانلىرىدا «تارىخى رەشىدى» نىڭ موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇرنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە سۇنىمىز. شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ماقالىلەرنى داۋاملىق ئېلان قىلماقچىمىز.

## موللا مۇھەممەدنىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇرنىڭ «تارىخى رەشىدى» نىڭ تەرجىمىسىگە يازغان كىرىش سۆزى

ئەي، زاتىڭغا يوق نەزىر بىيشۇبھە مىسال، ھەمدىڭدە خىرەد قاسىرۇ ھەم ناتىق لال،
ھەم سەلتەنەتىڭ دەۋام بىينەقسۇ زەۋال. يەئنىكى ساڭا سەنا دېمەك ئەمرى مەھال.

موھتاجلار خەزىنىسىدىن ئاجىز قوللار بىلەن ھەمدۇ سانا جەۋھەرلىرىدىن ئىبارەت ھەدىيىلەر كەلتۈرۈلگەي ۋە ئۇ ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بولغان، ئالىي مەرتىۋىلىك سۇلتانلار ھەم شۆھرەتلىك خاقانلار ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئوردىسىنىڭ بوسۇغىسىدا گادايلاردىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغان سۇلتانىنىڭ دەرگاھىغا چېچىلغاي. ئىززەت ۋە ھۆرمەت سەھىپىلىرىگە ئەدەپ قەلىمى بىلەن پۈتمەس ـ تۈگىمەس تەشەككۈرلەر پۈتۈلگەي ۋە ئاجىز بىچارىلەر، ئۆي ـ ماكانسىز گادايلار ئۇنىڭ ئادالەتلىك دەرگاھىدا پادىشاھلاردىن ئېتىبارلىق ۋە ھۆرمەتلىك سانىلىدىغان، تەڭدىشى يوق ئۇ ئالىي پادىشاھقا بايان قىلىنغاي. رۇبائىي:

ئەي، قۇللارىڭغا قۇل بولۇبان سۇلتانلار، سەندىن تاپىبان سەلتەنەتۇ ئىززەتۇ جاھ،
مۇھتاج بولۇپ گەدايىڭە خاقانلار. سۇلتانلارۇ خاقانلارۇ جۇملە خانلار.

ئەزەل سۇلتانىنىڭ بارگاھىغا يېقىن تۇرىدىغان، ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل

www.uyghurkitap.com



قىلىنىدىغان، گۈزەل ئەخلاقىنىڭ كانى، يۈكسەك لۇتفۇ ئېھسان نامايەندىسى، ئەلچىلىك شەرىپىگە ئىگە بولغۇچى زاتقا چەكسىز تەبرىك ۋە سان ساناقسىز سالاملار بولسۇن. ئۇ «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى دېگەن» يارلىققا ئىگە بولغۇچى، «سۇ ۋە لايدىن يارىتىلغان ئادەملەرنىڭ پەيغەمبىرى» بولۇشتەك يۈكسەك ئورۇندا تۇرغۇچى، ئەنبىيالارنىڭ سۇلتانى، پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى، «بىز سېنى پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» دېگەن خىتابىنى ئاڭلىغۇچىدۇر. ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ۋە بارلىق سۆھبەتداشلىرىغا ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن. رۇبائىي:

مىلك نەئت ئاگاكىم ئېردى نەبىلەر شاھى،
شەھلەرگە ئىسكەندەر كەبى ئېرمىش جاھى،
مەخسۇس ئاڭا رۇتبەئى ھەبىبۇللاھى،
تالىب بولۇپ ئوقۇماقىغە سەگى دەرگاھى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە (پەيغەمبىرىمىزنىڭ) پاك ئەۋلادلىرى، — ئۇلار ساپلىق پەلەكىدە نۇرلۇق ئاي ۋە مەرىپەت ئاسمىنىدا يول كۆرسەتكۈچى يۇلتۇزلار ئىدى، — نىڭ بارلىق ئائىلە تەۋەلىرىگە ۋە (ئۇ زاتنىڭ) مۇھاجىرەتتە بىللە بولغۇچى ۋە قوللىغۇچى دوستلىرىغا كۆپتىن كۆپ دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن.

بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ پەخرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ كەينىدىكىلا كىشى ۋە ھەدىيسىنىڭ مەنبەسى، «پەيغەمبەرگە بىرىنچى بولۇپ ئىشەنگەن كىشى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبەتداشلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى»، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، رۇبائىي:

ئولكىم سەدەفى سىدقىدە گەۋھەر ئېرى،
دىن كىشۋەرىدە تەختى خىلافەت ئۈزرە،
ئېرفان فەلەكىدە مېھرى ئەنۋەر ئېردى.
بۇ بەكرىكى نايىبى پەيەمبەر ئېردى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىبن ئەبى قەھافە (ئۇلۇغ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) گە؛ يەنە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆھبەتداشلىرىدىن ئەڭ ئادىل ئەمىر، خاتا بىلەن ساۋابنى ئەڭ ئېنىق پەرق قىلغۇچى، ئەربابلار قاتارىدا قوبۇل قىلىنىدىغان، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، رۇبائىي:

ئولكىم ئىدى رەئيى ھەمە بىر ۋەفقى كىتاب،
ئەدلى ھەمەگەۋۇ دىندا كامىل،
ئىسلام ئەرۇسى يۈزىدىن ئالدى نىقاب.
مۇئمىنلەر ئەمىرى ئۆمەر ئىبنۇلخەتتاب.

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنۇلخەتتاب (ئۇلۇغ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) قا، يەنە، قۇرئاننى جەملەپ چىققۇچى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مەنبەسى، چوڭقۇر ئىشەنچنىڭ كانى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى. رۇبائىي:

ئەسھاب ئاراكى ماھى تابان ئېردى،
ھەم جامىئى فۇرقان، لەقەبى زۇننۇرەين
ھىلم ئىلە ھەيا جەۋھەرىغە كان ئېردى.
پاك ئىسمى ئانىڭ ھەزرىتى ئۇسمان ئېردى.

ھەزرىتى ئوسمان ئىبن ئەففان (ئۇلۇغ ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) غا؛ يەنە كۇففارلارنى قەتل قىلغۇچى، زۇلپىقار ئىگىسى، ئىنسانىيەت ۋە جىنلار پەيغەمبىرىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، ھەسەن ۋە ھۇسەيىننىڭ ئاتىسى، ئاللانىڭ شىرى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى ئىبن ئەبى تالىب (ئاللا ئۇنىڭغا شەرەپ ئاتا قىلسۇن) قا، رۇبائىي:

ئۆلكىم ئىدى مەزھەرى سىررى ئەزەلى، دامادى رەسۇل زەۋجى زۇھرائى تەبەۋۋۇل،
ئىلىم ئىلە شۇجائەتتە يوق ئېردى مەسەلى. ئىسلام ئېلىنىڭ ئەمىرى، ھەق شىرى ئەلى.

ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە، سۆھبەتداشلىرىغا، بالىلىرىغا، ئاياللىرىغا، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە ۋە ئۇنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاللانىڭ كۆپتىن كۆپ مەرھەمىتى ۋە سالاملىرى بولسۇن.

ئەمدى ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ يېنىدا دېۋەڭلەر گۇرۇھىغا ياتىدىغان، يېتۈك كىشىلەر جۇملىسىدىن ئالغاندا كەمتۈك ھېسابىغا كىرىدىغان، تالانتلىق كىشىلەر ئالدىدا قابىلىيەتسىز قارىلىدىغان، ئۆلىمالار يىغىلىشىدا جاھىل ۋە نادان ئاتىلىدىغان، باشتىن ئاياغ ئەيىب ۋە كەمچىلىك بىلەن تولغان مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ:

نەپىس مەنىلەرنىڭ خېرىدارلىرىغا مەلۇم ۋە تارىخلار توغرىسىدىكى يىغىنلاردا قىسسە سۆزلەيدىغانلارغا چۈشىنىشلىك، شۇنىڭدەك دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ ھەممە ئەرباپلىرىغا روشەن ۋە ھەممە ئىززەتلىك، ھەم ھۆرمەتلىك سۆھبەتداشلارغا ئوچۇق بولغايكى، مەيلى سۇلتانلار تائىپىسىدىكىلەر بولسۇن، مەيلى ئالىي مەرتىۋىلىكلەر ۋە خاقانلار گۇرۇھىدىكىلەر بولسۇن، ئۇلارنى بۇ يۇكسەك ئورۇنغا ئالەمنى ياراتقۇچى، ھەممىگە قادىر ھۆكۈمران ئىگە قىلىپتۇ ۋە خەلقنىڭ ئاسايىشلىقىنى ئۇلارنىڭ مەۋجۇدتلۇقىغا باغلىق ۋە ئالەمنىڭ تەرتىپ ئىنتىزامىنى ئۇلارنىڭ لۇتف - ئېھسانى بىلەن قەھر - غەزىپىگە قارايدىغان قىلىپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ قەدىمىي سۆزىدە ۋەھىيلىك — مەرتىۋىسى ۋە پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىدىن كېيىنلا ئىسلامىيەت سۇلتانلىرىنى تىلغا ئاپتۇ ۋە بۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى يۇقىرى - تۆۋەن ھەممە خەلقنى ئۇلارنىڭ ئىتائىتىدە بولۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئايەت كەرىمىدە «ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش باشقۇرغۇچىلارغا بويسۇنۇڭلار، ئىشتا قەتئىي ھۆكۈم قىلغۇچى يەنىلا ئاللادۇر» دېيىلگەنلىكى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. بۇ ئۇ ئۇلۇغ ۋە مۇتلەق ھاكىمنىڭ مۇكەممەل ھېكمىتىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئىنسان جۇملىسىدىن بولغان بىرسىگە سۇلتانلىق تونىنى كىيدۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدىغان نەچچە مىڭ كىشىلەرنى ئۇنىڭغا بويسۇندىغان قىلىپتۇ ھەم شۇ ئارقىلىق ئالەم قانۇنىنى تۇرغۇزۇپ ئىنسانلارغا ئارام يەتكۈزۈپتۇ. نەزم:

تەئاللاھ، ئول خالىقى بىينىياز، كى بىيھېكمەت ئېرمەسدۇرۇر سەنئەتى.
جەنابىدا ئەجز ئەھلىدۇر سەرفەراز. تانۇلماقنى چۈن ئىختىيار ئەيلەدى،
ئاڭا خاس ئېرۇر ئىززەتۇ كىبرىيا، ئەدەمدىن ھەممە يوقنى بار ئەيلەدى.
كى مۇلكىدۇرۇر جۇملەئى ماسىۋا. فەلەك تاقىنى قىلدى ئانداغ رەفىئ،
ھەكىيمىكى كۆپدۇر ئانىڭ ھىكمەتى، زەمىن سەھنىنى قىلدى مۇنداغ ۋەسىئ.

www.uyghurkitap.com

ئانىڭدا مەلائىككە بەردى ئورۇن،
زەمىن ئۈزرە ئىنسانغە بەردى سۈكۈن.
بەشەر خەيلىغە بەرمەك ئىستەب نىزام،
ياراتتى سەلاتىنى ئالىي مەقام.
ئانىڭ رۇتبەسىنى بەلەند ئەيلەدى،
خەلايىق ئارا ئەرجۇمەند ئەيلەدى.
ئاڭا ئالەم ئەھلىنى قىلدى مۇتىئ،
ۋەزىيرۇ، ئەمىيرۇ شەرىيفۇ ۋەزىئ.
ھەمەسىگە قىلدى ئانى ھۆكمىران،
ئەگەر زور بازۇ ۋەگەر ناتەۋان.
سالىپ باشىغە ھەيبەتى سايەسىن،
بىيىك قىلدى مۇنداغ ئانىڭ پايەسەن.
ھەمان بۇ ئىشىدا ئانىڭ ھىكمەتى،
ئىدى خەيلى ئىنسان رەفاھىيەتى.
كى باغلاپ ھەمە خاس ئىلە ئامنى،
قەۋى ئەيلەگەي دىنى ئىسلامنى.
رەئىيەتدىن ئولغاي بەسى باخەبەر.
كى بىر - بىرگە يەتكۈزمەگەيلەر زەرەر.
ئەگەر قىلسە ئاجىزنى زالىم سىتەم،
ئىشتكەچ ۋۇجۇدىنى قىلغاي ئەدەم.
مۇفەتتىنكى فىتنە سالۇر خەلق ئارا،
ئانىڭ ئەيلەگەي روزگاردىن قارا.
يەتىيمۇ غەرىيبۇ فەقىير ئولسا گەر،
ئانى قىلغاي ئىھسانىدىن بەھرەۋەر.
چېكىپ رەنج ئۆزى سۇبھ ئىلە شام ئول،
خەلايىقغە يەتكۈزگەي ئارام ئول.
بۇ ھىكمەت ئۈچۈن ئانى شاھ ئەيلەدى.
رەئىيەتكە ئانى پەناھ ئەيلەدى.
ئەگەر بولماسا شاھ ئالەم ئارا،
ئەمان بولماغاي خەيلى ئادەم ئارا.
بىيىكلىك تەقازا قىلۇر پەستلەر،
سىتەمگە سۇنار قول زەبەردەستلەر.
قىلور ئاجىز ئېلنى تەۋانا زەبۇن،
مۇسەللەت بولۇر ئېلگە ھەر رەزلۇ دۇن.
جەھاندا كۆتۈرگەي باش ئەۋباشلار،
بۇلۇر ئىززە بىيباكۇ قەللاشلار:
يامانلار قىلور دەئۋەئى سەرۋەرى،
بولۇر ياخشىلار زىندەلىكدىن بېرى.
ھەمە ئالەم ئەھلىگە تۇشكەي نىفاق،
خەلايىق ئارا قالماغاي ئىتتىفاق.
كېتەر رەۋنەق ئەھكامى ئىسلامدىن،
يىراق تۇشكەي ئېل ئەمنۇ ئارامدى.
تۇشەر قوزغالان مۇلكى كىشۋەر ئارا،
بولۇر شورۇشەر بەھر ئىلە بەر ئارا.
قەۋانىنى ئالەمدە قالماس نىزام،
بۇزۇلغاي جەھان جۇملە ھاسىل كەلام.

ئەگەر ئۆتمۇشتىن ئازراق سۆزلىسەك تا بۇ كەمگىچە يەر يۈزى پادشاھ ۋە ھاكىملاردىن خالىي بولغان ئەمەس. ئۇلاردىن ياخشى ئىش قىلغانلىرى، ئادالەتپەرۋەرلىرىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۆمۈر بويى مۇستەھكەم، سەلتەنەتلىرى تۇراقلىق بوپتۇ ۋە ئاخىرەتكە كەتكەندىن كېيىنمۇ ياخشى ئاتلىرى جاھان خەلقىگە يادىكار بولۇپ قاپتۇ. پەيلى يامان ۋە زۇلۇم سالغۇچى زالىم بولغان بولسا، بۇ پانىي دۇنيادا ياشىغان دەۋرىدە دۆلەت ۋە سەلتەنەتتىن بەھرىمەن ۋە ئەيشۇ پاراغەت بىلەن بىللە بولالماپتۇ؛ باقىي ئالەمگە ماڭغىنىدا بولسا يامان ئاتلىرى تاكى قىيامەت كۈنلىرىگىچە ئەلنىڭ ئاغزىدا قاپتۇ ۋە يامانلىقلىرى كىتابلارغا يېزىلىپتۇ. نەزم:

ھۆكۈمەت ئېرۇر تۇرفە ئەمرى ئەزىيم،
ھەم ئۇممىيد ئېرۇر ئاندا كۆپ، داغى بىيم.
ھەم ئول موجىبى ئەيشۇ ئىشرەتدۇرۇر،
ھەم ئول بائىسى دەردۇ ھەسرەتدۇرۇر.
ھەم [ئول] راھەتۇ ئافىيەتكە سەبەب.
ھەم ئاندىن يېتەر رەنج بىرلە تەئەب.
ھەم ئول رەھنەمايى سەئادەت تۇرۇر،
ھەم ئول مۇجىباتى شەقاۋەت تۇرۇر.
بىراۋكىم ئانى قادىرى بىينىياز.
ھۆكۈمەت بىلە ئەيلەمىش سەر فەراز.
ئەگەر ئول شەرىيئەتكە بولسا مۇئىن،
قەۋى قىلسە سەئيى ئىلە ئىسلامى دىن،
رەئىيەتكە ئەدل ئىلە داد ئەيلەسە،
ھەم ئېل مۇشكىلىنى كۇشاد ئەيلەسە،

داغى بولسە جۇۋدۇ سەخا پىيشەسى،
غەمى ئاخىرەت بولسە ئەندىيشەسى،
شىئار ئەتسە دائىم نىيكۇ كارلىغ،
بۇ رەڭ تۇزسە رەسمى جەھاندارلىغ
بولۇر ئۇمر ئىلە دەۋلەتى بەركەمال،
يېتىشمەس ئانىڭ دەۋلەتىغە زەۋال.
ئەگەر ئېيلەسە ئەزمى دارىلقەرار،
قالۇر ياخشى ئاتى ئانىڭ يادگار.
ئانى رۇزگار ئەھلى ياد ئەتكۇسى،
دۇئا بىرلەر رۇھىنى شاد ئەتكۇسى.
داغى كورمەگەي ئاخىرەتتە ئەزاب،
بىھىش ئىچرە داخىل بولۇر بىيھىساب.
مەئازەللاھ، ئول شەھكى غافىل ئېسە،
مۇسۇلمانلىق ئەمرىدە كاھىل ئېسە،
قەۋي قىلماسە شەرئى ئەھكامىنى،
رەۋا ئەتمەسە خەلقىنىڭ كامىنى.
ستەم رەسمىنى ئاشكار ئەيلەسە،،
تەئەددى تەرىيقىن شىئار ئەيلەسە،
ۋىداد ئەيلەسە جۇۋدۇ ئىھسان بىلە،
ھەرىس ئولسە ئىل مالىغە جان بىلە،
بۇ نەۋئ ئايىنى ئولسە شاھى ئاڭا.
ئېرۇر جەزمى قەھرى ئىلاھى ئاڭا.
يېتەر دەۋلەتىغە دەما دەم خۇتۇر،
يانار بەختى، ئىقبالى تاپغاي قۇسۇر.
رىئاياسى بىزار ئولۇرلار تەمام،
تىلەرلەر ئانىڭ ئۆلمەكىن سۇبھۇ شام.
گەر ئول دۇنيادىن كۇسى رىھلەت چالۇر،
يامان ئاتى ئالەمدە باقى قالۇر.
نە كەچىكەي ئاڭا رۇزى مەھشەردە ھال.
كىشى بىلمەس ئانى، مەگەر زۇلجەلال.

بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، بىزدىن بۇرۇنقى بىلىم ئىگىلىرى تاكى ئالەمنىڭ يوقىلىشىغا قەدەر سۇلتانلار ۋە خاقانلارنىڭ ھۆكۇمەت ۋە سەلتەنەت شارائىتىنى، خەلق ۋە مەملىكەتنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىنى بىلىشى؛ داۋا ـ تەلەپتە ئادىل بولۇشنىڭ پايدىسى ۋە زۇلۇم ھەم چىرىكلىشىشنىڭ كەلتۇرىدىغان نەتىجىسىدىن خەۋەردار بولۇشى؛ دۆلەتنىڭ مۇستەھكەم بولماسلىقى ۋە ياخشى ئات قالدۇرۇش قاتارلىقلارغا نىسبەتەن سەزگۇر بولۇشى؛ ئادىل ۋە ئىنساپلىق بولۇش يولىنى تۇتۇشى؛ جەبىر ـ زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىشنى ۋاجىپ بىلىشى ئۇچۇن ھەر ئەسىردىكى پادىشاھلار ئەھۋالىنى تارىخقا ئەينەن يېزىپ قالدۇرۇپتۇ؛ ئۇلارنىڭ ماختاشقا لايىق خىسلەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. يارىماس ئىشلىرىغا كۆز يۇماپتۇ. ئالايلى، «تارىخى جەھان گۇشاي» ، «تارىخى بەناكەتى» ، «مەجمەئۇتتەۋارىخ» ، «تارىخى گۇزىدە» ، «تارىخى مەنزۇمە» ، «زەفەرنامە» ۋە يەنە بىرقانچە مەشھۇر تارىخلارنىڭ ھەممىسى ئىراق ۋە خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇلاردا پەقەت ئۇ تەرەپلەردىكى پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالى يېزىلغان. ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرىدىن باشقا ۋەقەلەرگە كۆڭۈل بۆلۇنگەن. موغۇل خانلىرىنىڭ زىكرى ۋە نام ـ نەسىپى، ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىدىغان بىرەر كىتاب تۇزۇلمەپتۇ ۋە تارىخ يېزىلماپتۇ. پەقەت «تارىخى رەشىدى» كىتابى بولسا مىرزا ھەيدەر كوراگان ئىبنى مۇھەممەد ھۇسەين كۆرەگان (ئاللا ئۇنىڭ قەبرىنى يورۇق قىلسۇن) نىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇنى 951 ـ يىلى ئەبدۇررەشىدخان ئىبنى سۇلتان سەئىدىخاننىڭ نامىغا بېغىشلاپ يازغان. ئۇنىڭدا تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ زىكرىدىن تاكى ئەبدۇررەشىدخان ۋە ھۇمايۇن پادىشاھنىڭ قىسسىلىرىغىچە بولغان ئەھۋاللار تەرتىپ بويىچە يېزىلغان؛ ۋە تۇتقان ئورنى ئېتىبارى بىلەن ھەر قايسى خانلار ۋە پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، شۇنىڭدەك موغۇلىستان زېمىنىنىڭ چوڭلۇقى، ئاب ـ ھاۋاسى ۋە قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ شەھەر ۋە ئىمارەتلىرى، مازارلىرى، سەھرا، باغ دەريا، تاغ ۋە چۆللىرى ۋە بۇ جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، رەسىم ـ قائىدىلىرى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە

تەكشۈرۈلۈپ، ئېنىقلىنىپ خېلى كەڭ بايان قىلىنغان. شۇ نەرسە ئۈچۈنكى، بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ تەرىپى ۋە موغۇل خانلىرىنىڭ زىكرى باشقا ھېچ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ئەمەس، گەرچە تاسادىپىي ھالدا بەزى تارىخلاردا ئانچە - مۇنچە ئېيتىلىپ قالغان بولسىمۇ، لازىم بولغان يېرىلا قىسقىچە بايان قىلىنغان، تەپسىلىي بايان قىلىنىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈلمىگەن. «تارىخى رەشىدىي» دە بولسا، مەخسۇس خانلارنىڭ ھېكايىلىرى ۋە موغۇلىستان ۋەقەلىرى تولۇق بايان قىلىنغان ۋە شۇنچىلىك تەپسىلىي قىلىنغانكى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. ئۇ ھەقىقەتەن كۆڭۈلگە ياقىدىغان بىر كىتابكى «سىلەرگە ئۇ يەر (جەننەت) دە كۆڭۈللەر تارتىدىغان كۆزلەر ھۇزۇر ئالىدىغان نەرسىلەر بار» دېيىلگىنىدەك، چىرايلىق سۆز ۋە ئىبارىلەر بىلەن زىننەتلەنگەندۇر ۋە تەگدىشى يوق بىر نۇسخىكى، ئۇنىڭدا ئاجايىپ - غارايىب ھېكايىلەر ۋە «كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان نەرسىلەر» دېگەندەك ئۇنۋان ۋە ئەمەللەر ئۈچۈق يېزىلغان؛ شۇنداق بىر كىتابكى، ئۇنىڭ ھەقىقىيلىكى ۋە تەربىيۋى ئەھمىيىتى پېقىر ۋە يوقسۇللار ئۈچۈن زۆرۈر ھەم ئىنتايىن پايدىلىق. ئۇنىڭدىكى ھېكايىلەر ۋە ۋەز - نەسىھەتلەر ئىززەتلىك ھەم ھۆرمەتلىك شەخسلەرنى ئىبرەت ئېلىشقا ۋە ئاگاھ بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ يەنە شۇنداق بىر مەجمۇئەكى، مەملىكەت ئىشلىرىدا قوللىنىلىدىغان، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قوللانما، ھەربىي ئەمەلدار، باتۇرلار ئۈچۈن مۇھىم چارە تەدبىر ۋە ھىيلىلەر نامايەندىسىدۇر. نەزم:

زېھى خۇش لەفزۇ خۇش مەزمۇن كىتابى،
جەھانى نۇكتەدۇر ھەر فەسلۇ بابى.
ئىباراتى ھەمە مەتبۇئۇ دىلكەش،
سەفا ئەھلى دىلىدەك لەفزى بىيغەش.
ھىكاياتى سەراسەر ھىكمەتۇ پەند،
ئېرۇرجان كامىغە مەزمۇنى چۇن قەند.
تولا كۆرگەنچە ئارتار زوۋقۇ ھالەت،
ئوقۇپ تاپماس كىشى ھەرگىز مەلالەت.
ھىكايەتكىم ئېمەس ئېل ئىچرە مەزكۇر،
ئېرۇر بىر - بىر بەتەفسىل ئاندا مەستۇر.
كىتابىدۇر بەسى مەنزۇرۇ مەرغۇب،
كى ھەر بىر قىسسەسى بىر - بىرسىدىن خۇب.
ئېرۇر قەدر ئىچرە دۇررى بىيبەھادېك،
ئەزىز ئەھلى جەھانغە كىيمىيادېك.
دېمىشلەر ئانى «تارىخى رەشىيدىي»
كى ئېرمىش رۇشد ئىشكىنىڭ كەلىيدى.
نەچە ۋەسفىن دېسە ئەفزۇندۇر ئاندىن،
ئېرۇ خامە تىلى قاسىر بەياندىن.

ئەمما، بۇ كىتاب خۇددى ئەنقادەك نىشانى يوق ۋە خۇددى كىمىيادەك يوشۇرۇن ئىدى.

رۇبائىي:

مۇسھەف ئارا ئىسمى ئەئزەم ئاسا پىنھان،
ياكىم زۇلۇمات ئىچرە ئابىھەيۋان.
ئىكسىر مەسەللىك ئېل كۆزىدىن مەستۇر،
ئەنقا كەبى ئالەم ئىچرە بىينامۇ نىشان.

بۇ كىتابنىڭ ئالەمدە بارلىقىدىن ھېچبىر ئادىمى - ئىنسان خەۋەردار ئەمەس ئىدى، شۇڭا موغۇل خانلىرىنىڭ بايانى خەلق ئىچىدە مەلۇم ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى ئالەم ئەھلى نەزىرىدىن سىرتتا ئىدى.

بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ يۈكسەك سەلتەنەت ئىگىسى ۋە تاجدارى، گۈزەللىك بۇرجىدىن ئورۇن ئالغان ھاكىم، پادىشاھ خەلقنىڭ تىنىچ ۋە خاتىرجەملىكىنى قانات يايدۇرغۇچى، خەير - ئېھسان ئىشلىرىنى كېڭەيتكۈچى، ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە جەم قىلغان، يارامىلىق خىسلەتلەرنىڭ ئىگىسى، زاتى ۋە نەسەبى پاك، تەبىئىتى يېقىملىق،

گۈزەل ئېتىقادلىق، يۈكسەك ئىرادىلىك، دىيانەتلىك، ئادىل ھاكىم، ئىلىم ۋە ئالىملارنىڭ، ھەقىقىي پاك كىشىلەرنىڭ دوستى، ئاجىزلار، يوقسۇللار ۋە مىسكىنلەرنىڭ يۆلىكى، شەرىئەتنى مۇستەھكەملىگۈچى، مىللەت ۋە دىنىنىڭ ھامىيسى، يېقىملىق، مېھىر-شەپقەتلىك، جانابىي ئاللا ياخشى كۆرىدىغان كىشى، نەزم:

ئەمىرىكىم ئىدى ھىشمەت ئارا ئىسكەندەرى سانى،
ئاڭا ئېردى مۇسەللەم رەسمى ئايىنى جەھان بانى.
شەرافەت بۇرجىدا ئېردى سەئادەت كەۋكەبى گۇيا،
ھۆكۈمەت ئاسمانى ئۈزرە ئېردى مېھرى رەخشانى.
جەلالەت كوھىدا ئېردى ئەجەب ياقۇتى سىيرابىي،
ئەسالەت بەھرىدە ئېردى يەگانە دۇررى غەلتانى.
سەخا بابىدا بىمانەند ئىدى دائىم، يېتەر ئېردى
زەمان ئەھلىغە يەكسان ئەبرى باران ياڭلىغ ئېھسانى.
زەكاۋۇ دانىشۇ فەزلۇ ھۇنەردە بەركە مال ئېردى،
ھەيا دۇررىغە بەھر ئېردىيۇ ھىممەت لەئلىنىڭ كانى.
تەرىقى ئەدلۇ ئىنساف ئىچرە ئېردى نادىرى دەۋران،
كەم ئېردى ئەسرىدە مۈلك ئىچرە مىسكىنىيۇ ۋەيرانى.
تەئەددى خىرمەنىن ساۋۇردى ئانداغ سەرسەرى قەھرى،
كى دەۋرىدە ئەدەم قەئرىگە كەتتى زولم تۇفانى.
خەزان بولغان جەھاننى سەئيى ئىلە باشدىن بەھار ئەتتى،
زەمانە ئەرسەسىن سىيراب قىلدى ئەدلى نېيسانى.
ئىدى تەربىيەتى ئىنئام ئىلە ئىلم ئەھلىگە مەخسۇس،
كى بولماس ئاندىن ئارتۇق تەربىيەت قىلماقنى ئىمكانى.
ھەر ئىشدە ئېردىلار مەنزۇرىيۇ ھەم ئىززەتى ئۇقبا.
پسەند ئولماس ئىدى تەبئىگە ھەرگىز دەۋلەتى فانى.
زىلالى ھىيبەتۇللاھ ئېردى سىيماسىدە پەيدا ھەم،
جەبىنىدە ئىدى زاھىر زىيايى نۇرى سۇبھانى.
مۇغىسۇلخەلقۇ ئەۋنۇلمۇسلىمىنۇ ھەم ماھىي باتىل،
زەلالەت دەيرىغە ھادىم، ھىدايەت قەسرىغە بانى.
مۇئىنى شەرئۇ مىللەت، ناسىرى ئىسلامۇ دىن پەۋەر،
كى جەھدىدىن مۇشەييەد بولمىش ئېردى شەرئى ئەركانى.
ئەمىرى مۇئەدەلەت ئەتۋارى نىيكۇ كارى خەير ئاسار،
مەدارى دىنمۇ دەۋلەت، مەزھەرى ئەلتافى رەھمانى.
نىيازى قايىسى تىل بىرلە ئانىڭ ۋەسفىن ئەدا ئەيلەر،
نەھەددۇر زەررەدە تەۋسىف قىلماق مېھرى بەيزانى.

پايتەخت يەكەننى مۇتلەق ئىدارە قىلىپ تۇرغان ئاق كۆڭۈل، سائادەتمەن مەرھۇم، يەنى ئەبدۇررەھمان ۋاڭ ھاكىمبېگىم (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە شەپقەت قىلسۇن) كى، ئۇلارنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى قۇياشتىنمۇ روشەن ۋە يېقىملىق ناملىرى ئۆتكەنكىلەردىنمۇ پارلاقتۇر (بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىتابنىڭ ئاخىرىغا ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك تەرىپلىرى قوشۇمچە قىلىنغۇسىدۇر)، مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك سۈپەتلىرى ھېسابسىز كۆپ ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرى ناھايىتى مەشھۇردۇر، يەكەن ھۆكۈمىتى تەختىدە ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان مەزگىلدە، ئاجىزلارغا بولغان يۈكسەك غەمخورلۇقى بىلەن بۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان، كىشىلەرگە كەمچىلىك ۋە يېتىشسىزلىكى بىلەن مەلۇم بولغان پېقىر مۇھەممەدنىياز ئىبىن ئەبدۇلغەفۇرغا رەھمەت سايىسىنى سالغانىدى ۋە ئېتىبار بىلەن قارىغانىدى. خۇددى ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئاجىز چۈمۈلىگە يۇمشاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىنىدەك، كۆپ ۋاقىتلاردا كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشلىرىغا بۇ قەدىرسىزنى تېگىشلىغۇچى سۈپىتىدە قاتناشتۇراتتى ۋە بۇ پېقىرغا كۆپ قېتىم شۇنداق دېگەنىدى:

«بۇ يەرلەر موغۇلىستانغا قاراشلىق ۋە خانلارنىڭ پايتەختى بولغان يەرلەردۇر، چىڭگىزخان زامانىدىن تاكى خانلارنىڭ نەسلى ئۈزۈلگەچكە ئۆتكەن خانلارنىڭ ئەھۋاللىرى ئېنىق ئەمەس، بۇ ۋىلايەتلەردە قانچە خاننىڭ ھۆكۈمەت تەختىدە ئولتۇرغانلىقى، ھۆكۈمدارلىق قائىدە - قانۇنلىرىنى قانداق يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ۋە قايسى ۋاقىتتا ئاخىرەتكە سەپەر قىلىنغانلىقى مەلۇم ئەمەس، موغۇل خانلىرىنىڭ نامى يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كەتمەسلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى كېيىنكى زاماندىكى كىشىلەرگە مەخپىي قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە خانلارنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان بىر كىتاب يېزىلغان بولسا ياكى بىر ئىشەنچلىك ھېكايە قىلغۇچى بولغان بولسا، بۇ ھېكايىلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېيتىلغان بولسا بولاتتى».

ئەمما، «تارىخى رەشىدىي» دېگەن كىتابنىڭ زامانىمىزنىڭ كىتابخانىسىدا بارلىقىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. تاسادىپىي بۇ كىتابتىن بىر نۇسخا تېپىلىپ قالدى، دىققەت بىلەن قارىساق باشتىن ئاياغ خانلارنىڭ ھېكايىلىرى ۋە موغۇلىستان ۋەقەلىرىنىڭ رىۋايىتى ئىكەن. لېكىن، كىتاب خۇددى مەھبۇبلارنىڭ چاچلىرىدەك چۇۋۇق ۋە ۋاراقلىرى پۈتۈنلەي بىر - بىرىدىن ئاجراپ كەتكەنلىكتىن، ھەر قىسىمدا بايان قىلىنغان ھېكايىلەر بىر - بىرىگە يېپىشمايتتى. ئەبدۇررەھمان ۋاڭ ھاكىمبېگىم بۇ كىتابنىڭ مۇنداق بولۇپ كەتكەنلىكىگە كۆپ ئۆكۈنگەن ۋە ماڭا شۇنداق دېگەنىدى:

«ئەپسۇسكى بۇ كىتاب تولۇق ۋە رەتلىك بولغان بولسا، سېنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم، بۇ شۇنداق بىر نۇسخىكى يا ئۇنىڭ ۋاراقلىرى بىر -بىرىگە يېپىشمايدۇ، ياكى ھېكايىلىرى بىر -بىرىگە باغلاشمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇق بەرسەم بۇ ئېغىر كېلىدىغان بىر بۇيرۇق ۋە بەلكى ئىجرا قىلىش تەس بىر ۋەزىپە بولۇپ قالىدۇ» دەپ پېقىر بىچارىگە مۇنداق ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈتمەسلىككە رەھىم - شەپقەت كۆرسەتكەنىدى. پېقىرنىڭ بۇ مۇھىم ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىم ئۆزۈمگە ئوچۇق ئايان ئىدى. ئامما، ئۇ ھەزرەت شەپقەت يۈزىدىن بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش قارارىغا كېلىشىمگە بۇيرۇق بەرمىگەچكە، بۇ ھەقتە ئاجىزلىقىمنى بىلدۈرۈشۈمنىڭ، ئۆزرەمنى قوبۇل قىلىشنى سورىشىمنىڭ ئورنى يوق ئىدى.

سەلتەنەت ئاسمىنىنىڭ ئون تۆت كۈنلۈك نۇرلۇق ئايى، مەملىكەت ھاكىمىيىتىنىڭ تەخت ئىگىسى، ئېسىللىق ۋە رەھىمدىللىقىنىڭ بەخت يۇلتۇزى ۋە ۋىلايىتىمىزنىڭ يىگانە گۆھىرى، ئىقبال ۋە بىلىم جەۋھەرلىرىنىڭ كانى، پەم - پاراسەت گۈل -چېچەكلىرىنىڭ ماكانى، يۇمشاقلىق ۋە مۇرۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى، ئادالەت ۋە ساخاۋەتنىڭ نامايەندىسى، شەرىئەت قانۇنلىرىنى كۈچلەندۈرگۈچى، ئالىملارنى ئىززەتلەپ، پۇقراغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى،

شەرەپلىك ئەمىر، ھەزرىتى رەسۇلىللاھىنىڭ شەرەپلىك خادىمى خوتەن پايتەختىنىڭ ھاكىمى، يەنى مۇھەممەدئەزىز ۋالىڭ ھاكىمبەگىم ئىبن ئەبدۇررەھمان ۋالىڭ ھاكىمبەگىم (ئاللا ئۇنىڭ دۆلىتىنى ۋە سەلتەنەتىنى ئەبەدىي قىلغاي) خۇداغا شۈكرى، ئاپەت ۋە قالايمىقانچىلىقلاردىن كېيىن خوتەن تەۋەسىدە ھاكىمىيەت تەختىدە ئولتۇردى. نەزم:

ۋالىيى دەريا دىلۇ ۋالا جەناب،
قەدرى ھېيكەلىكدە فەلەك ئىنتىساب.
پاك روۋۇ پاك دىلۇ پاك زاد،
تىينەتى پاكىزەۋۇ ئالىي نىژاد.
لەئلى دۇرەخشاندەئى كانى ھەسەب،
گەۋھەرى ئۇممانىيۇ ئۇللۇ نەسەب.
زاتى بىلە ئىززۇ شەرەف تۇ ئەمان،
ئۆزى داغى بەختى مەسەللىك جەۋان.
بەخت ئانىڭ بىرلە تاپىپ زىيبۇ فەر،
سايە كەبى ھەمرەھى فەتھۇ زەفەر،
ھىممەتىدۇر چەرخى بەرىندەك زەفىئ.
كۆئلى فەلەك جۇۋفى مەسەللىك ۋەسىئ،
سىينەئى بىكىينەسىدېك رەئيى ساف.
قەۋلى ھەممە ۋەئدەسىدېك بىيخىلاف،
تەبئى خۇشۇ فەھمى خۇشۇ خۇش سۇخەن،
خۇيى كەبى جۇملەئى فىئلى ھەسەن.
جەبھەسىدۇر مەتلەئى مىھرى شەرەف،
ئارەزىدۇر بەدرى سىپىھرى شەرەف.
كۆئلى ئېرۇر مەخزەنى ھىلمۇ ھەيا،
ئىلكى مەسەللىك نەزەرى كىيمىيا.
بىر كەفىدور بەھر يەنە بىرسى كان،
بەخشىشىدىن مۇنتەفىئ ئەھلى جەھان.
ئاچلار ئولۇپ سىير ئانىڭ خانىدىن،
فەزل ئېلى بەھرەۋەر ئېھسانىدىن.
دەر سۆزى ھەق، نىيەتى خالىس تەمام،
فىكرى ھەممە مەسلىھەتى خاسۇ ئام.
تاغ كەبى تەمكىينۇ سۇباتى ئانىڭ،
زاتى كەبى ياخشىدۇر ئاتى ئانىڭ.
ھېچ كىشىگە بىجىيھەت ئازارى يوق،
فىئلى نىيكۇدىن بۆلەك ئەتۋارى يوق.
ئەجز ئېلىنىڭ ھاجەتىن ئەيلەر رەۋا،
تاپتى نەۋا ئىشكىدە ھەر بىينەۋا.
ئەدلى بىلە مۇلۇككە مەئمۇرلۇق،
لۇتفى بىلەن خەلقغە مەسرۇرلۇق.
زاتىدا يوق دەئۋىئى كىبرۇ مەنى،
ھېلمۇ مۇلايىملىق ئولۇپدۇر فەنى.
زىھنى خۇشۇ تەبئى بەغايەت بەلەند،
نۇكتەئى نازۇكغە بەسى زەۋقمەند:
ئىلم ئېلىگە شەفقەتى بىيھەسرۇ ھەد،
لۇتف ئىلە تەربىيەتىدۇر بىيئەدەد.
فەقر ئېلى ئالىدا ئۆزىن پەست ئېتەر،
زۇلم ئېلىنى خاكغە ھەمدەست ئېتەر.
سۇرەتى شەھ، سىيرەتى دەرۋىشۋار،
قەھرى كەمۇ مەرھەمەتى بىيشۇمار.
ھەد نەچە ۋەسف ئەيلەسە ئاندىن فۇزۇن،
ھەددى ئەددۇ شەرھى بەياندىن فۇزۇن.
تاڭ ئېمەس ئەر بولسە بۇ رەڭ خۇش سىفات،
چۇنكى ئېرۇر پاك نەسەبۇ پاك زات.
قىلسە نىيازى نەچە ۋەسفىن رەقەم،
بولماس ئەدا يۈز مىڭدىن بىرسى ھەم.

مۇشۇ ۋاقىتتا چەكسىز شەپقەت ۋە مەرھەمەت يۈزىدىن بۇ پېقىرنى ۋارىسلىق قىلغۇچى خىزمەتكارلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، خۇددى نۇرلۇق قۇياش تۆتىنچى پەلەكتىن يەردىكى ئوت - چاۋارلارغا نۇر بەرگىنىدەك، غەمخورلۇق سايىلىرىنى ھۇما قۇشىدەك بېشىمغا يەتكۈزۈپ، شەرەپلىك خىزمەتلىرىگە يېتىشتۈردى.

شۇ كۈنلەردە يەنە بىر «تارىخى رەشىدىي» كىتابى ھۆكۈمەت كىتابخانىسىدا تېپىلىپ قالدى، بۇ كىتاب بىر كىشىنىڭ قەلىمى بىلەن چىرايلىق يېزىلغان، ئوقۇشقا ئوڭاي ۋە باشتىن ئاياغ رەتلىك ۋە تولۇق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئالىي سۈپەتلىك زات بۇ ئەرزىمەس خىزمەتچىگە كۆپ ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ: «بۇ كىتابتا پۈتۈنلەي موغۇل خانلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ھېكايىلىرى ۋە موغۇلىستان مەملىكىتىنىڭ تەرىپى يېزىلغان بولۇپ، بۇ بىر يىگانە نۇسخا، ئۇنىڭدا ئاجايىپ - غارايىب ھېكايىلەر بار ئىكەن، بۇ نۇسخىنى ھېچ كىشى كۆرمەپتۇ، ۋە بۇنىڭدىكى ھېكايىلەرنى ھېچ كىشى ئاڭلىماپتۇ، ئەمدى تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن پارس تىلى بىلەن يېزىلغانىكەن. شۇڭا، ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭدىن تەڭ بەھرىمەن بولالمايدۇ ۋە ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تەڭ چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇ خۇددى مۈشكۈل بىر تىلنىڭ خىلۋەتخانىسىدا ئولتۇرغان ۋە باشقا بىر تىل پەردىسىـــــدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مەھبۇبقا ئوخشايدۇ. سەن بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇنغان بولساڭ، بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەڭ ۋە مەنىلەر گۈزەللىرىنى تۈركىي تىل نەزەرىدە جىلۋىگە كەلتۈرسەڭ، شۇ ئارقىلىق نەزەر سالغۇچىلار ئۇ روپۇش نازىنىنلارنىڭ جامالىنى ھېچقانداق قىـــينالماي كۆرەلەيدىغان بولسا، ئۇ مەھبۇبنىڭ ۋىسالىغا جاپا تارتمايلا يېتىشكەن بولسا، يەر يۈزىدىن يوقىلىپ كەتكەن خانلارنىڭ ئاتلىرى يېڭىۋاشتىن ئاشكارا بولسا، بىزمۇ ‹ياخشى ئىشقا دەلالەت قىلغۇچى ياخشىلىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ›، دېگەندەك ياخشىلىقنىڭ بىر قىسمىدىن بەھرىمەن بولساق ۋە خانلارنىڭ روھىدىن مەدەت ئالساق، سەنمۇ ياخشى مۇكاپات ۋە نۇرغۇن ساۋاب تاپساڭ، جاھان ئەھلىگە بىر يادىكار قالسا، دۇنيادا ئادەم بالىسى مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ھەم خانلارنىڭ بايانى ۋە بىزنىڭ نامىمىز خەلق تىلىدا ئاتىلىپ تۇرسا» دەپ، مۇنداق بىر بويسۇنماي بولمايدىغان پەرمان بېرىلدى. قانچىلىك ئويلىنىپ كۆرسەممۇ، ئۆزۈمدە بۇ چوڭ ئىشقا قەدەم قويۇش ئۈچۈن جۈرئەت قىلىشقا ۋە بۇ بەك مۇھىم ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا لايىق ئىقتىدارنى تاپالمىدىم. تېڭىرقاپ، ئىككىلىنىپ قالدىم. گاھى: «ھەر بىر ئىشنىڭ يول يۇرگۈچىسى بار» دېگەن ماقالىنىڭ مەزمۇنى بىلەن «سۈكۈت قىلغان كىشى قۇتۇلىدۇ» دېگەن ئويغىمۇ كەلدىم ۋە گاھى «ھەر يەرنىڭ ئۆز ماقالى بار» دېگەن تەمسىلنىڭ مەزمۇنى بويىچە «جىم تۇرغان كىشى ئامان قالىدۇ» دېگەن خىيالغىمۇ كەلدىم يا ئالىي بۇيرۇققا سەل قاراش ۋە ئۇنى كېچىكتۈرۈشكە قۇدرىتىم، يا قۇدرىتىم يەتمەس ئىشقا قەدەم قويۇشقا جۈرئىتىم يوقلۇقىدىن قاتتىق تەڭلىكتە قالدىم، ئاخىر ئەقىل پىرى مېنىڭ بۇ نائىلاجلىقىمنى كۆردى ۋە شەپقەت قىلىپ ساۋابلىق يولغا يۈز كەلتۈرۈپ يول كۆرسەتتى ۋە مۇنداق دېدى:

«ئەي ئىلاجسىزلىق دېڭىزىغا غەرق بولغان ۋە قورقۇنچ دەشتىدە بېشى ئايلانغان! ئەندىشە قىلىپ بىئارام بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقىنىڭ قانداق بىر بىھۇدە خىيال؟ نېمىگە ئىككىلىنىسەن؟ ھەل قىلىشنىڭ يولى روشەنغۇ! ئىمكانىيىتىمۇ بار تۇرسا، يەنە ھودۇقۇپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ‹بۇيرۇلغۇچى ئۆزرىلىك، قىلىنىدىغان ئىش مۇقەررەر› دېگەن گەپنى بىلمەمسەن؟ بۇ ‹ھەر قانداق چەكلەش زۆرۈرىيەتكە يول قويىدۇ›، دېگەن ئېتىبارلىق سۆزدۇر. قابىلىيىتىڭنىڭ كەملىكىدىن قورقمىغىن، چۈنكى ‹جىددىي ئىزدەنگەن كىشى تەلەپ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ›، دېگەن تەمسىل بويىچە تىرىشساڭ، ئەلۋەتتە تەلىپىڭگە يېتەلەيسەن، لاياقىتىڭنىڭ يوقلۇقىدىن ئەندىشە قىلمىغىن، چۈنكى ‹ئىشىكنى ئارقىمۇ ئارقا چەككەن كىشى ئۆيگە كىرەلەيدۇ›، دېگەن دەلىل بىلەن مەقسەت ئىشىكىنى قاقساڭ ئاخىر ئېچىلىدۇ. بۇ بۇيرۇققا بويسۇنۇشتا كەتكۈزۈپ قويماسلىقىڭ كېرەك ۋە بۇ خىزمەتنى ئورۇنداشتا ھايال بولماسلىقىڭ كېرەك.»

ئەقلىنىڭ پىرى مۇشۇنداق يول كۆرسىتىشى بىلەن روھلىنىپ كۆڭلۈمدە بىر جۈرئەت ھاسىل بولدى، دەرھال قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم ۋە «بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلغىن» دېگەن ھۆكۈمگە بىنائەن ئىشىكلەرنى ئاچقۇچى جانابىـــي (ئاللا) غا تەۋەككۇل قىلىپ بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇندۇم. كىتابتا مەنە ھۆرلىرى پارسىي

كىيىملەرنى كىيگەنىكەن، ئۇلارنى تۈركىي تىل پالىسىغا ئوراپ يېزىلىق قېرىلاردەك قىلدىم. بەت - چىرايلىرى ئاق نۇر چېچىپ تۇرغانىكەن، ئۇلارنى قارا رەڭ سۈركەپ، ئۆز يۈزۈمدەك قارا قىلدىم. ماڭا شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۇ كىتاب تەرجىمىسىدە قەلىمىمنىڭ ئۇچىدىن ئۆتكەن ھەر بىر رەقەم پۈتۈنلەي خاتا ۋە يەڭگۈشتۇر، بىلىملىكلەرنىڭ نەزىرىگە مۇۋاپىق ۋە ئەقىللىقلارنىڭ پىسەنتىگە لايىق كەلمەيدۇ. ئەمما، شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، بۇ كىتابقا نەزىرى چۈشكەن ھەر بىر بىلىم ئىگىسى ئەگەر بۇ ئېتىقادارسىز پېقىرنىڭ ھالىغا ئويلىنىپ قارىسا «ھەر قانداق قاچا ئۆز ئىچىدىكى نەرسە ئارقىلىق تەپچىرەيدۇ (سىزىدۇ)» دېيىلگەندەك، بۇ نۇسخىدا پېقىردىن ئۆتكەن خاتالارنى توغرا ۋە يەڭگۈش ئورۇنلارنى ساغلام دەپ تونۇپ قالىدۇ، ئەگەر ھەقىقەتەن ھەممىگە خاتا دەپ ھۆكۈم قىلسا ۋە تەرجىماننى مالامەت رىنغا تۇتسا، بۇ ئۇمۇمەن پېقىرنى زاڭلىق قىلغانلىقى، ئۇلار بۇنىڭ بىر غەنىيمەت ئىكەنلىكى ۋە مالاللىقىمنى بېسىشقا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى تەئەججۈب بىلەن كۆرۈشىدۇ. نەزم:

گەرچە رەسۋالىق نىشانىدۇر مەنىڭدېك بىتەرىمىز،
ئەھلى فەزل ئالدىغە مۇنداق نۇسخەنى كەلتۈرمەكىم.
كۆپ تاڭ ئېرمەسكىم نېدىنكى مۇندا ھەم بىر ۋەجھى بار،
فەرزدۇر ئول ۋەجھىنى ئېل سەمئىگە يەتكۈرمەكىم.
يىغلاتالماسمەن ئەگەرچە نۇكتەئى بىر سۆز ئىلە،
ئاز ئىش ئېرمەسدۇر پەرىيشان سۆز بىلە كۈلدۈرمەكىم.

ۋە يەنە مۇنداق قوش پايدا ھاسىل بولىدۇكى، بىر تەرەپتىن ئالىي بۇيرۇققا كېچىكمەي، سۆزسىز بويسۇنىدىغان بولىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كىتابنى كۆرگۈچىلەر سۆزۈمنىڭ مەزمۇنىدىن ھالىمنىڭ پەرىشانلىقىدىن خەۋەردار بولىدۇ ۋە رەھىم - شەپقەت قىلىپ، ياخشى دۇئادا ياد قىلىدۇ. نەزم:

سۆزۈم ياڭلىغ ئېرۇر ھالىم پەرىيشان، ياماان ھالىمنى فەھم ئەيلەر سۆزۈمدىن؛
تەرەھھۇم ئەيلەبان قىلغاي دۇئايى. ئۈمىدىم ئولكى بىر ئەھلى سەفايى.

شۇ نەرسىلەرمۇ مەخپىي قالمىغايكى، بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىدە تۆۋەندىكىچە يول تۇتۇلدى:

بەزى ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەرنى كىتابنىڭ يازغۇچىسى پارسىي سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرگەنىكەن، ئۇ پارسچە مەزمۇن تۈركىي تىل بىلەن تەرجىمە قىلىندى ۋە بەزىلىرىنى يازغۇچى چۈشەندۈرمىگەن بولسا، ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا جۈرئەت قىلىنمىدى.

ئېنىق مەنىسىنى پەملىگىلى بولمىغان بەزى ئەرەبچە بېيتلارنى شەرھلەشكە ئورۇنۇلمىدى، ئالىملاردىن ياكى كىتاب ئىگىسى تەرەپتىن يېزىلغان بەزى تۈركىي شېئىرلار ئەينەن ئۆز تىلى بويىچە يېزىپ قويۇلدى، پارسىي شېئىرلاردىن بەزىلىرى بەدىئىي سەنئەتكە ئالاقىدار ياكى تېپىشماق ۋە ياكى تارىخ ھېسابىنى چىقىرىش مەقسەت قىلىنغان بولسا، ئۆزگەرتمەي، ئۆز پارسىي تىلى بويىچە ئېلىندى، چۈنكى، مۇنداق شېئىرلار تەرجىمە قىلىنسا، كۆزلەنگەن مەقسەتكە دەخلى يەتكۈزەتتى. بەزى پارسىي شېئىرلار ئالىي مەرتىۋىلىك

ئەۋلىيالارنىڭ گۆھەر چاچقۇچى تىللىرىدىن چىققان بولسا، قابىلىيەتنىڭ يېتىشىچە تۈركىي تىل بىلەن شېئىرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىندى ۋە پارسچە شەكلىنىمۇ تەرجىمە ئۈستىگە يېزىپ قويۇلدى. چۈنكى، ئۆزۈمگە روشەنكى، ئۇ تەرجىمىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خاتالىق ۋە يېتىشسىزلىكتىن خالىي ئەمەس، ناۋادا بىر بىلىم ئىگىسىنىڭ قىممەتلىك نەزىرى بۇ كىتابقا چۈشۈپ قالسا، ئۇ ئۇلۇغلارنىڭ نەزمىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قاراپ بۇ پېقىرنىڭ تەرجىمىسىدىكى خاتالىقلارنى بايقىغاي ۋە يەڭگۈش ئورۇنلىرىنى تۈزەتكەي، شۇ ئارقىلىق ئەۋلىيالارنىڭ ئەسلىدىكى مۇبارەك سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى خاتا قىلىنىپ بۇلغانغان پېتى قالمىغاي. شۇنىڭدەك ئۆتكەن زامان شائىرلىرىدىن ھەر سۆزنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا تەستىقلاش ئۈچۈن كەلتۈرگەن ياكى كىتابنىڭ يازغۇچىسى ئۆزى يازغان پارسچە شېئىرلار بولسا، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئىمكانقەدەر تۈركىي تىل بويىچە شېئىرىي تۈسكە كىرگۈزۈلدى. بەزى سۆزلەر ئەرەبچىمۇ ئەمەس، پارسچىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆتكەن زامانىدىكى موغۇلچە ياكى قالماقچە سۆزلەر بولسا كېرەك، مەسىلەن: «ماڭلاي»، «غاچىرچى»، «نىگەش» ۋە «قۇرۇلتاي» قاتارلىقلار. مۇنداق ئېنىق بولمىغان سۆزلەر زۆرۈرىيىتىگە قاراپ سۆزنىڭ ئالدىدا ۋە سۆزنىڭ كەينىدە ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان سۆز بىلەن قىياسەن تەرجىمە قىلىندى. بەزى ئانچە كۆرۈلمەيدىغان پارسىي سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ خاتالىق كۆرۈلگەن بولۇشى تامامەن مۇمكىن. چۈنكى قابىلىيىتىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم ۋە تەرجىمە قىلىش يولىنى تۇتتۇم ھەم پارسچە مەزمۇننى تۈركىي تىل بىلەن ئورۇنداشقا قانائەت قىلدىم. ۋە سۆز ـ جۈملىلەرنى بېزەش ئاۋارىچىلىكىنى تارتمىدىم. ئىش قىلىپ بۇ كىتابنى مۇھەممەد ئەزىز ۋاڭ ھاكىمبېگىمنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇيرۇقى بىلەن تەرجىمە قىلماققا تۇتۇندۇم ۋە بۇ نۇسخىنى باشتىن ئاياغ ئۇنىڭ مۇبارەك ئېتىغا بېغىشلىدىم. چۈنكى، كىتابنىڭ يازغۇچىسى مىرزا ھەيدەر كۆرەگان بۇ كىتابنى ئىسمىنى ئوخشاش قىلىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئېتىغا بېغىشلاپتۇ، ئەمدى مەن بۇ نۇسخىنى بۇ ئاق كۆڭۈل ئەمىرنىڭ نامىغا تۆۋەندىكى ئۈچ مۇناسىۋەت بىلەن يازدىمكى، ئۇنىڭ بىرى قوش مۇناسىۋەتلىك، ئۇلار تۆۋەندىكىلەر: بىرى شۇكى، بۇ كىتاب ئۇنىڭ دەۋرىدە يوشۇرۇنغان پەردە ئىچىدىن ئوچۇقلۇق مەيدانىغا چىقتى. ئىككىنچىسى، بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا ئۇنىڭ جاھان بويسۇندىغان بۇيرۇقى سەۋەب بولدى. ئۈچىنچىسى شۇكى، بۇ كىتابنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ئاتىلىشىغا سەۋەب پۈتۈنلەي تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلامغا كىرىش ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە سەۋەب بولغان ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىن (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ توغرا تەلىم ـ تەربىيىسى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئاتىسى مەۋلانا جەمالىددىن (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ ۋەسىيىتى ئىدى. بۇ ئالىي ئەمىرنىڭ شەرەپلىك نەسەبلىرى بىر قانچە ۋاسىتە ئارقىلىق مەۋلان جەمالىددىنغا يېتىدىغانلىقى مەلۇم. گەرچە ھەزرىتى مەۋلانانىڭ نۇرلۇق مازىرى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئايكۆل دېگەن جايىدا بولسىمۇ، لېكىن بۇ شەرەپلىك مازارنىڭ خىزمەتلىرىنى بىجىرىش تاكى زامانىمىزغىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد، ئەسىرمۇ ئەسىر بۇ قۇتلۇق ئەمىرنىڭ ئالىي خاندانىغا قاراشلىق بولۇپ كەلگەن. بۇ ھەيران قالارلىق بىر مۇناسىۋەت ۋە كېلىشكەن بىر تاسادىپىيلىق بولدىكى، بۇ كىتابنىڭ ئۇنىڭ دەۋرىدە ئاشكارىلىنىشى ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئىلتىپاتلىرىدىن بولغانلىقى شەكسىز. ئۇنداق بولمىسا، ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان بۇ دىيارلاردا «تارىخى رەشىدىي» كىتابىنىڭ بارلىقىدىن چوڭ ـ كىچىك ھېچكىمنىڭ خەۋىرى بولمىغان بولاتتىمۇ؟ گويا ئۇنىڭغا قاراشلىق تۇرغاندەك ئۇنىڭ زامانىدا ئاشكارىلاندى. شۇ سەۋەبتىن بۇ نۇسخا قولىيازما ئۇنىڭ ھۇمايۇن ئىسمى بىلەن ياساندۇرۇلدى. گەرچە بۇ پېقىرنىڭ تەرجىمىسى ئۆزۈمدەك پىشمىغان ۋە ئەرزىمەس بولسىمۇ، نەزم:

پايى مەلەخى نەزدى سۇلەيمان بۇردەن،
ئەيبەستۇ لېكىن هۇنەرەست ئەز مۇرى.

(چېكەتكىنىڭ پۇتىنى سۇلايمانىنىڭ يېنىغا ئەكېلىش ئەيىبدۇر، لېكىن بۇ چۇمولە ئۇچۇن هۇنەردۇر) دېيىلگىنىدەك ئۇز هالىمغا يارىشا چىققانلىقى كۆرۈندى. ئۇنى ئۇ ئەمىر، بەلكى يۈكسەك مەرتىۋە ئىگىسىنىڭ تەقدىمي كۆزىدىن كەچۈرۈشىگە تۆهپە قىلدىم. هەقىقىي ئۈمىدىم شۇكى، ناۋادا شەرەپ بىلەن قوبۇل قىلىنىشقا مۇيەسسەر بولمىسىمۇ، خارلىنىپ رەت قىلىنىپ قالماس. شۇنىڭدەك خانلارنىڭ ئالىيجاناب خىسلەتلىرى دەۋرىمىز سەهىپىسىدە يېزىپ قالدۇرۇلدى. ئۇ ئالىي مەرتىۋىلىك ئەمىرنىڭ نام - ئاتاقلىرى تاكى قىيامەت كۈنلىرىگىچە زامان دەپتىرىدە پۈتۈكلۈك ۋە خەلق تىلىدا ئېيتىلىپ تۇرغاي ۋە بۇ كىتابقا نەزىرى چۈشكەن هەر بىر كىشى تەرجىمىسىگە بۇيرۇق بەرگەن ئۇ ئەمىرنى ياخشى دۇئا بىلەن ياد قىلغاي ۋە بۇ ئەرزىمەس تەرجىمانىنى هەم شۇ چاغدا يادىغا ئېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغاي. بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىدە هەر قانداق خاتا ياكى سەۋەنلىكلەر كۆرۈلسە، ئەپۇ قەلىمى بىلەن تۈزىتىپ قويغاي. نەزم:

مەن ئېردىم بىتەمىيزى نارەسايى،
بەسى ئىدراكۇ دانىشدىن جۇدايى.
ۋۇجۇدۇم بىخەبەرلىك بىرلە تۇئەم،
ئۆزۈم گويياكى بىر جەهلى مۇجەسسەم.
مۇئەررا هۇشى قەترەتدىن دىماغىم،
سەۋادى جەهلىدىن كۆزدە قاراغىم.
دىلىم لەۋهىدە نەقشى ئىلم مەئدۇم،
زەمىيرىمدە خەباسەت خەتتى مەرقۇم.
سۆزۈمدە يوق ئەسەر سوزۇ ئەسەردىن،
ئۆزۈمدە يوق نىشان فەزلۇ هۇنەردىن.
ماڭا لۇتۇف ئەيلەپ ئەمىر ئەتتى بەناگاه،
جەهاندارۇ فەرىدۇن قەدرى جەم جاه.
هۆكۈمەت كىشۋەرىنىڭ هۆكمىرانى،
ئەسالەت مۇلكىنىڭ ئالىي نىشانى.
هەۋايى بەزلىنىڭ باران سەهابى،
كەرەم ئەۋجىدە تابان ئافتابى.
نىكۇ ئەسلۇ نىكۇ زاتۇ نىكۇ بەخت،
ئەمىرى مۇلكى ماچىن هاكىمى ۋەقت.
ئەزىمۇششان ئەمىرى ئەدل گۇستەر،
ئەزىيز ۋاڭ بەگ مەنسۇرۇ مۇزەففەر.
دېبانكىم: «ئۇشبۇ (تارىخى رەشىيدي)،
جەهان ئىچرە كىتابدۇر جەدىيدى.
هېكاياتى غەرىيب رەڭگۇ مۇكەررەر،
ئەجايىب قىسسەلەردۇر نامۇكەررەر.

هەمە خانلارنىڭ ئەهۋالى بەيانى،
هەمە مۇلكى مۇغۇلنىڭ داستانى.
بۇ دەمكى بىزگە تاپماق دەست بېردى،
...①
كېرەككىم تەرجىمە قىلساڭ سەن ئانى،
ئانىڭدىن بەهرە ۋەر بولسە جەهانى.
هەمە خانلارنىڭ ئاتى بولسە مەشهۇر،
خەلايىق ئىچرە زىكرى بولسە مەزكۇر.
ئاز ئىش ئېرمەسكى نەفئى ئام ئېرۇر بۇ،
بۇ ئالەم ئىچرە ئۆچمەس نام ئېرۇر بۇ.
داغى ئۇممىدكىم ساهىب زەكايى،
كۆرۈپ قىلغاي ساڭا بىزگە دۇئايى.»
چۇ سادىر بولدى مۇنداغ هۆكمى ئالىي،
ماڭا ۋاجىب كۆرۈندى ئىمتىسالى.
ماڭا گەر بۇ ئىش ئېرمەس ئېردى مەقدۇر،
نېتەيكىم دېبدۇر: «ئەلمەئمۇرۇ مەئزۇر».
چۇ مەن شەهـ ئەمرىگە مەئدۇندۇرمەن،
نەچە مەئيۇب ئېسەم مەئزۇردۇرمەن.
يېتىشتى چۇن ماڭا ئەمرى بۇ سۈرەت،
ئىتائەت قىلىدىمۇ بولدى زەرۇرەت.
تۇتۇپ لازىم بۇ خىزمەتنىڭ ئەداسىن،
ئالىپ مەن ئىلكىمە خامە ئەساسىن.
ئانى تۈركىي قىلۇرغە ئەزم قىلدىم،

① بۇ يەردە بىر مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان.

www.uyghurkitap.com

گەھى قوپتۇم گەھى داغى يىقىلدىم.
گەھى بۇ سەفھەگە ھەق سۆزنى يازدىم،
ۋەلې كۆپ سۆزدە فەھمىم يەتمەي ئازدىم.
بىھەر ۋەجھ ئولماي شەھ ئەمرى تەئخىر،
ئەيىب ئېمەستۇر ئۆزگە تەقسىر. ②
شۇرۇۋ ئېتتىم چۇ بۇ دەم ئىبتىداغە،
ئۈمىدىم ئولكى يەتكەي ئىنتىھاغە.
مۇرادىم غۇنچەسىدىن گۈل ئاچىلغاي،
سۆزۈم گۈل بىرگىدەك ھەريان سىلچىلغاي.
قەبۇلىيەت شەمىمىدىن تاپىپ بۇ،
مۇئەتتەر ئەيلەگەي ئالەمنى ھەر سۇ.
نىيازى ئىمدى قىل شەھنىڭ دۇئاسىن،
بۇ ياڭلىغ قىل دۇئا تەرزى ئەداسىن.
خۇداۋەندا بۇ شەھقە قىل ئىنايەت،
ھەمە ھالەتدە بەر تەۋفىق ھىدايەت.
ئەزىز ئەتكىل ئۆزىنى ئاتى ياڭلىغ،
بەلەند ئېت رۇتبەسىنى زاتى ياڭلىغ.
بىنايى دەۋلەتىنى پايىدار ئېت،
ئاساسى شەۋكەتىن گەردۇن بەدار ئېت.
مۇلازىم قىل ئاڭا فەتھۇ زەفەرنى،
پۇر ئېت ئاۋازەسىدىن بەھرۇ بەرنى.
ئانىڭ قەدرىن دەما دەم ئەرجۇمەند ئېت،
ھەمىشە بەخت بىرلە سەر بەلەند ئېت،
ھەمە دەردىگە لۇتفۇڭدىن دەۋا قىل،
ھەمە ھاجەتلەرىن بىر - بىر رەۋا قىل.
ھۆكۈمەت تەختىدە دائىم مۇقىم ئېت.
ئەدالەت مەسنەدىدە مۇستەقىم ئېت،
ئۆزىنى مايىلى ئىنساف قىلغىل.
دىلىن ئايىنە ياڭلىغ ساف قىلغىل،
نېچۈك مەتلەبكى تەبئى قىلسە خاھىش،
مۇيەسسەر قىل ئاڭا بىيسەئيى كۆشىش.
ياۋۇتمە دامەنىغە غەم غۇبارىن،
خەزانسىز ئەيلە ئىستىقبال بەھارىن.
سىفاتىن قىل جەھاندا ئاشكارا،
ھەمىشە مىسلى مىھرى ئالەم ئارا.
دۇ چەندان قىل دىلى تەۋلى ھەياتىن،
ئاتاسى ياڭلىغ ئەتكىل ياخشى ئاتىن.
ئىككى ئالەمدە ھەم مەقبۇلى دەرگاھ،
بەھەقىقى شاھۇ تەختى لى مەئەللەھ.
ئانىڭ ئاتىغەكىم يازدىم بۇ نامە،
ئانى قىلغىل پەسەندى خاسۇ ئامە.
كى تاباقىيدۇرۇر بۇ دەھرى فانى،
ئوقۇغايلار زەمانى ئەھلى ئانى.
بۇ شەھنىڭ ياخشى ئاتىن ئەيلەگەي ياد،
كى ئاتى ئۆچمەگەي تا يەۋمى مىيئاد.
دۇئايى خەير ئاڭا قىلغاي دەما دەم،
نىيازى خەستە ياڭلىغ ئەھلى ئالەم.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

② بۇ يەردىكى سۆزنىڭ يېزىلىشى ئېنىق ئەمەس

# قەسىدىلەر

**ئابدۇجەلىل داموللاھاجى**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەدئابدۇللاھاجى

* *

**بىسمىللاھىر - رەھمانى - رەھىم**

## مەۋلەۋى مۇھتەرەم سەييىد ئەۋلادى ھۇسەيىنخان ساھىب ھەزرەتلەرى مەدھىيىدە «گۈلبەرگى فىردەۋس» ناملىق قەسىدەدۇر

بۇ گۈلشەن ئىچرە نە گۈلبەرگنى نەۋايى ھەزار،
زەبانۇ زەمزەمەئى ھەمدۇ سانىئى خۇشكار.
كى چەكدى لەۋھى زەمىين ئۇزرە خامەئى ئىبداﺉ،
بەھار رەڭگىلە فىردەۋس شىبھىن ئەتتى نىگار.
تەرەف - تەرەفكە يازىب سەبزەئى زۇمۇررەد رەڭ،
چەمەن - چەمەندە، نە خۇش، ئاچدى لەئلىگۇن ئەزھار.
گۇمان قىلۇرسەن ئانى خەتتى مەھۋەشى نۇخەت،
مۇنى ئۇزارى دىلارام ئاتەشىن رۇخسار.
نە رەڭگى ھۇسنى بەھا بەردى شەممەئى لۇتپى،
ئېسىب جەھان ئارا يەئنى نەسىمى فەسلى بەھار.
قەبايى سۇندۇسى سەبزە ئىچرە سەرد ئېتىپ جىلۋە،
ئىمىش ئاياغىغە خەلخال، تەۋقى قۇمرىئى زار.
ھەزار نالەئى جانسۇز چەكسە تاڭ يوقكىم،
يار يۇدى چېھرە ئۇتىن تۇرفە شاھىدى گۈلزار.
شىكۇفت قويدى دىلۇ لالە ئىچرە نەرگىس داغ،
چۇنانكى ئەھلى سەبابەت دىلىدە دىيدەئى يار.
مۇنىڭ ئۇچۇن تۇتار ئۇل جامى مەي جىگەر قانىدىن،
كى خۇنى دىل مەيىغا خۇبلار كۆزىدە خۇمار.
دىماغى ئەقلىنى رەيھان شىدادى نەكھەت ئىلە،
مۇئەتتەر ئەيلەگەچ ئۇل ئۇلدى نافەئى تاتار.
بىنەفشە تاغ ئۇزە ئەنبەر مىسال بۇيى ئىلە،

www.uyghurkitap.com



ئەيان نادىرە كار ئەتتى رەستەئى ئەتتار.
كۆكۈل قۇشغە ئىمىش دام باغ ئارا سۇنبۇل،
ئۇشۇل سىفەتكى مۇئەنبەر كەلالەئى دىلدار.
تەمام كۆيدى كۆكۈل مەزرەئىدە خىرمەنى غەم،
چاقىنغاچ ئالەم ئارا بەرقى شۇئلەئى گۇلنار.
خىرەد قۇلاقىغا خۇش سەۋسەن ئەيلەمىش ئىنشاد،
فەساھەت ئىلە بەھارىيىە دىل نىسىن ئەشئار.
چەمەن سەھىفەسىدە غۇنچە نۇقتەسى ئۇيلە،
دىلى مۇقەددەسى ئارىف مىسالى پۇر ئەسرار.
كىتابى سەد ۋە رەقى گۇل ئالۇر ئاڭا سۇرخى،
سەبا مۇفەسسەل ئىتىب قىلسە شەممەئى ئىزھار.
بۇ باغ ئىچرە كۆرۈب سەنئەتى ھەكىيمۇ خەبىر،
كۇلەر تەئەججۇب ئىلە پىستەئى تەبەسسۇم كار.
تەئەممۇل ئۇيلەكى بادام كۆزى قىلۇر ئىيما،
ئىتىب بۇ رەمزۇ بىلەن مەغزى مەۋئىزەت ئىيسار.
كى سەيرى چەشىم ئىسەڭ، ئىبرەت ئەيلە گىتىيدىن،
لەبىيبۇ ۋەر دەھر ئىمىش سەنى ھۇشيار.
ئەجىيب دىيدە فەرب ئۇلدى تاڭغەچە تۇرلى،
مىسالى ئەقدى سۇرەييايى گۇنبەدى دەۋۋار.
شەرابى مۇژدەسىلە نۇكتە گەۋھەرىن تىزغاچ،
خۇش ئۇلدى مايەئى ئۇلدى جەمئىييەتى دىل مەيخار.
شەرابى بىھجەت ئىلەن مەست ئۇلۇپ چىكەر لەھجە،
جەمىئى مۇرغى خۇش ئەلھان نەشىيدى مەستان ۋار.
سەدايى بۇلبۇ ئىرۇر راھى كەۋسەرى گۇيا،
كى ئۇلدى خامەئى ئەبدىلجەلىل ئاڭا مىنقار.
[سەدايى بۇلبۇلى خۇش لەھن نەغمەئى ۋەھدەت،
مەرگىركى خامەئى بىيدىل ئىمىش ئاڭا مىنقار.]
بۇ تەرزى دىلكەشى ئۇسلۇبى خۇش ئىلەن ئالەم،
نەزەر فەرىيبى ئىمىش دىلكۇشاۋۇ نۇزھەترار.
ئەلەلخۇسۇس ئۇلۇپ قارغەلىقكى رەشكى ئىرەم،
ئىمىش يىگانە جەھان ئىچرە باغى خۇلد ئاسار.
زىلالى خىزر ئىرۇر بۇ سەۋاد ئارا جارى،
نەسىيم ئورنىغا ئاندا دەمى مەسىيھ ئىيپار.
سىپىھرى قەسرىدا ئەنجۇم كۆزى ئىرۇر ئاقكىم،
نەسىيب ئولۇرمۇ ئاڭا سۇرمە خاكىدىن بەربار.
زەمىن جەبھەسىدە غۇررەئى كەرامەت ئەسەر،
مۇنىڭلە قىلسە سەزا ئاسمانغا نازى فەخار.
زەمان ئىلكىدە بىر نۇسخەئى سەفا مەزمۇن،
خۇش ئاندا سەبزە خەتى بىرلە جەدۋەلى ئەنھار.

تەئەججۇب ئەيلەمە توفراق ساۋۇرسا باشىغا،
جەھان چىقارسا فەلەك قەسرى ئۈزرە ئاھى غۇبار.
كى ئېردى جىلۋەئى رەھمەت ئۈچۈن ھەمە مەررات،
ۋەلىكى تاپدى تەجەللى بۇ قىتئە ئىچرە قەرار.
فۇرۇغى سۇبھى سەئادەت ، سەفايى ھۇسنى شەرەف،
مەدارى چەرخ ئۇلا ، مەركەزى زەمىنى ۋەقار.
تەمامى نۇرى بەسىرەت مەلەك سىرىيشت ئىنسان،
كى پايگاھى ئاڭا دىيدەئى ئۇلىل - ئەبسار.
زەبانى شەمئۇ دەھانى پىيالەئى لەبرىز،
جەمىلى زىكرىڭلە مەھفىل فىرۇز پۇر ئىسكار.
چەمەندە خامەئى ئىئجاز بارى قىسسەسىلە،
سەھابى فەسلى بەھارى ساچىپ دۇرى شەھۋار.
ھۇجۇمى كۇش ئېرۇر ياكى جۇشى خەندان لەب،
شۇئۇرى چەشمىن ئاچىپ قىل نەزارەئى گۈلزار.
ئەسايى مۇئجىزە زايى كەلىيم ئېرۇر كىلكى،
يوقاتمىش ئەژدەر ئولۇپ فەنى سىھر ھەر سەھھار.
بەيانى بەزمىدە ئاتەش زەبانى شەمئ كەبى،
نۇكاتى سەيدگەھى ئىچرە تىيز پەر شۇنقار.
ۋۇجۇدى پاكى بەھار ، رىيازى ئىززۇ شەرەف،
دىلى مۇنەۋۋەرى خۇرشىد ئالەمى ئەنۋار.
مەھەللى سۇرەتى فەزلۇ ھۇنەر ھەيۇلى ئاھى،
زەيىن ئاي يۇزىگە ھۇسنى خۇ جەمالى شىئار.
كەلىيمى نۇرى ھاقايىق مەسىيھى دارى شىفا،
خەلىيلى قەلبى يۇسۇف رويى ئەھمەدى ئەتۋار.
بۇزىيبۇ تاجى شەرەف گەۋھەرى تەئالەللاھ،
بەدىيئى رىفئەتى بىيھەددۇ ئىنتىسابى تۇتار.
كى ئابرۇيى ئۇشۇل ئەبرى مەكرۇمەتدىندۇر،
كى فەيزى جۇدىلە بۇ مەزرەئە نەزارەتدار.
جەلال تاغىنى ئۇل لەئلى مۇھرەئى كەمەرى،
جەمالى گۈلشەنىغە پۇر سەفا لەتىفى بەھار.
ئانى زىياسىلە بەزمى ۋۇجۇد ئىمىش رەۋشەن،
ئانى خۇمىدىن ئېرۇر جامى مەئرەفەت سەرشار.
شەھى سەرىرى دۇنا رايەتى ئىمىش لەۋلاك،
خەمىسىكى مەلەكۇل - مەۋت ئېرۇر سىپەھسالار.
نۇبۇۋۋەت ئەھلىنىڭ ئۇل ھەلقەسىگە خەتم نىگىن ،
ۋەقارى كىشۋەرىدە ئۇل ئەزىمى شان سەردار.
ئۇل ئېردى مەركەزى يەكتا ۋۇجۇد لەۋھىدە،
چۇ چەكدى دائىرە كۇن ئۈچۈن خۇدا پەركار.
زىھى ئۇلائى فەلەك ئەتلەس ئېردى پايانداز،

www.uyghurkitap.com



تۇنكى تەگرى سارى ئېردى ئول بۇراق سەۋار.
مۇھەممەد ئەھمەدى مالىك رىقابى جۇملە ئۇمەم،
رەسۇل ئەكرەمى ساھىب بىشارەتى ئىنزار.
نەبىيى مۇھتەرەمى ھاشىمى ئەبۇلقاسىم،
شەفىئۇ رەھمەتۇ فەخرى جەھان سەفى مۇختار.
نەسىمى مىشكى شەمىمۇل - جىددى ۋەسسەلەۋات،
ساھابى راھى مەسابى مەكارىمى غەففار.
ئول ئەمجەدى رەسۇلۇ ئىترەتىيۇ ئەسھابى،
رىيازى پاكىكى ئولغاي ۋەزانە رەھمەتى بار.
مەدامى تاكى تۇتار سەبت ئايەئى نەئتىن،
جەھان كەفىدە بەيازۇ سەۋادى لەيلۇ نەھار.

«ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل - ئالەمىنە ئەلاھۇسنۇل - ئىختىتام ،
ۋەسسەلاتۇ ئەلا ئەفزەلۇر - رەسۇلۇ سەييىدۇل - ئەنام،
مائىنتەرزەممەتۇل - فەرائىدى ۋە سەجئۇل - ھەمام»

×

دەپ ئىلكىم ئاچار ئىدىم دۇئاغە،
مۇستەسقىدەك باقىپ سەماغە.
ناگەھ بىر پىرى خىزرى مەنزەر،
تالىئ ماڭا ئولماق ئىلە ياۋەر.
كەلدى ئىشكىمغە ، ئايدى: ئەي راد،
ھەل ئىندەكە لىل غەرىيبى مىن زاد.
ساچراپ قوپۇپ ئايدىم: ئەي ئاتا، كەل،
ئەي جانى جانىم مەرھەبا كەل.
كەل تۇرماغىل، ئەي خوجەستە سەرۋەر،
كىم ئۆي سىنىڭۇ بۇ بەندە چاكەر.
چۇن كىردىيۇ بولدى مىھمان ئول،
جانسىز جەسەدىمغە تازەجان ئول.
تاپتىم ئانى بىر خوجەستە شاھى،
جان كىشۋەرى ئىچرە تەختىگاھى.
باشدىن ئاياغىغە ئەقلدىن پۇر،
ھەر ئايغە نۇكتەسى ئىدى دۇر.
مەقسۇدى ۋۇجۇددىن خەبەردار،
سالۇكى جەھان نەۋەردى ھۇشيار.
كەزمەكلە ئولۇپ ئىنىڭغە مەئلۇم،

×

ھىندۇ ئەرەبۇ تاتار ئىلە رۇم.
ھەر بۇقئە ئولۇپ ئانىڭ مەسىيرى ،
ھەر شەخس ئولۇپ ئىنىڭ سەمىيرى .
ياخشىيۇ يامانغە يارۇ ھەمراھ ،
ياخشىيۇ يامان قىلىقدىن ئاگاھ.
ھەر خانىقەھ ئىچرە زىكرى كۆرگەن،
ھەر مەدرەسەدە ۋەرەق ئۆگۈرگەن.
ھەر ئىلمۇ ھۇنەردە سەخت بازۇ،
تەمىيزدىن ئىلكىدە تەرازۇ.
ھەركىم ئىلە ئول بولۇپ مۇنادىم،
ئەمما تانىمايىن ئانى ھەركىم.
تاپغاچ ئانى جانۇ دىل ئۇمىيدى،
كۆرگەچ ئانى مەقسەدىم كەلىيدى.
ئايدىم ئاڭا: ئەي غەمىم شىفاسى،
ئەي دەردى دىلىم گىرىھكۇشاسى.
ئەي خاجەئى مىھمان سەرايەم،
ئەي ھاكىمى مۇلكۇ ئەقلۇ رايەم.
سەيرىڭ ئارا، ئەي ھەكىمى دانا،
كۆردۇڭ شەمسىنى ھەم ھەمانا.

هالى نە ئېرۇر دېگىل مۇبەييەن،
شۇغلى نە ئىكىن دە ئانى رەۋشەن.
[شۇغلى نە ئىكەن دېگىل مۇبەييەن،
هالى نە ئىكەن ئايتئانى رەۋشەن.]
تەئلىيفگە كۆپمۇ ئىشتىياقى،
يادەرس ئارا تىيزتەر بۇراقى.
ئول بولسە قايۇ فەن ئىچرە ئېركەن،
بۇ گەر ئېسە قايسى فەندە دېركەن.
كۆنلەر چېكىبان مەشەققەتۇ رەنج،
جەمئى ئەتمىش ئىدى شەھانە بىر گەنج.
يەئنى ئول گەنجى بىينىشانى،
مەۋلانا هالىنىڭ بەيانى.
هەر چەندىكى نەفئى ئام ئېردى،
لېكىن دەخى ناتەمام ئېردى.
ئول گەنجىنى تام ئەيلەمىشمۇ،
ئول نەفئىنى ئام ئەيلامىشمۇ؟
پىر ئەددى بۇ نەۋئى دۇرپىشانلىق،
قىلماق ئىلە لۇتفا مىھرىبانلىق.
كىم ئاتلاغىل، ئەي ئەزىز فەرزەند،
ئەي شەۋق ئارا بىيمىسلۇ مانەند.
شەمسي ئول شىيرى مەردى مەيدان،
ئول دۇررى سەمىين بەهرى ئىرفان.
هەم فازىلۇ بارىئو رەسادۇر،
شەئنىندە نېچۇك دېسەڭ سەزادۇر.
ئەقرانى ئىچىندە ئول بەهادۇر،
لۇئلۇئىلار ئىچىندە ئۇيلەكىم دۇر.
لېكىن باشى ئۇزرە بىر بەلا دۇر،
كىم رەسمى جەهانغە مۇبتەلادۇر.
ئەپسۇسكى، ئۇيلە بىر خىرەدمەند،
ئولمىش ئېل سۇھبەتىغە پابەند.
بۇ سۇھبەت خۇلقى مار كىردار،
يۇتمىش قەلەمىنى ئەژدىهاۋار.
بەرمەي ئاڭا بۇ بەلاۋۇ ئافەت،
دەرسۇ تەتئىق ئېتەرگە فۇرسەت.
قىلجۇمله ئەگەرچە دەرسى هەم بار،
شەئنىغە ئەمەس ۋەلې سەزاۋار.
چۈنكىم هەمە سەئيۇئىلتىفاتى،
بولمىش چو مەنتىق مۇقەددىماتى.
تەكرار تاپىپ ئانىڭدە هەردەم،
«شەمسىييە»ۋۇ «هاشىيە»ۋۇ «سۇللەم».
بولماق ئىلە ئۇمرى سالۇ ماهى،
مەسرۇف تەتىممەگى خانىقاهى.
تۇللابغە بەرمەك ئولسە رىفئەت،
ئوقوتاردۇر ئېركىن ئەسكى هىكمەت.
ئېركىن هەمە لەززەتى مەئاشى،
ئەبهاس رەكىكەگى هەۋاشى.
كەسمەي سۆزىنى هەنۇز ئول پىير،
قىلدى يۈرەكىمغە سەخت تەئسىير.
ئايدىم: ئەي مۇرشىدى جەۋانبەخت،
كەلدى بۇ سۆزۈڭ ماڭا بەسى سەخت.
ئاللاھ، ئاللاھ، نە سۆز ئېرۇر بۇ،
ئاندىنمۇ ئۆتۈپ كەمال ئولۇرمۇ.
بىلمەك بۇ كىتابلارنى بەسدۇر،
مۇندىن باشقە كېرەك ئەمەسدۇر.
بولماس ئاڭا هېچ شۇبهە ۋارىد.
كىم هىسسى ئېرمىش ئانىڭغە شاهىد.
ئايدى ئىشتىپ سۆزۈمنى ئول شەھ،
بىر غەم ئانا بولدى ئىككى، ۋەھ – ۋەھ.
ئەي قەيدى كەمەندى رەسمۇ تەقلىد،
بەرسۇن ساڭا تەڭرى لۇتفى تەئيىد.
بۇ سۆزكى دېدىڭ هەمە خەتادۇر،
سەر تاپا هىسلارىڭ غەتادۇر.
هىس ئالەمىدىن بىر ئۆزگە ئالەم،
بار ئۇشبۇ سۆزۈمنى تىڭلا مەهكەم.
هەر ئىلمىكى ئېرمەس ئاڭا رەهبەر،
ئول ئىلم ئىلە جەهلدۇر بەرابەر.
بۇ ئىلملەرنىڭ ئېرۇر سەلالىم،
سۇللەمدە كىشى تۇرارمۇ سالىم.
سۇللەملەر ئېرۇر هەمەسى ئالەت،
ئەسلا ئانى تۇتما بىيزەرۇرەت.
ئالەتسىز ئەگەرچە ئوخشاماس كار،
ئىش ۋەقتىدە تۇتغىل ئانى ناچار.
تۇتماي هەم ئولۇر ئىشىڭ مۇيەسسەر،
ماهىر ئېسەڭ ئىشدا، ئەي هۇنەرۋەر.

www.uyghurkitap.com

ئايدىم بۇ سۆزۈڭنى ئول فەلەك شان،
مانا بىلۇر، ئەي ھەكىيمى لۇقمان.
بەس نېچۈن سەئيى ئەتمەس ئاخىر،
نېچۈن مەقسەدغە يەتمەس ئاخىر.
دېدىكى: بىلىش ئىككىدۇر، ئەي جان،
زەن دەي بىرىنى ۋە بىرنى ئىيقان.
ئىككىغىنجىسى ئىلمى مۇئتەبەردۇر،
مەقسەد تەرەفىغە راھبەردۇر.
بولغۇچىغە تەگرى لۇتفى ياۋەر،
ھەر چەند بۇ ئىلىم ئېرۇر مۇيەسسەر.
تەقلىدى رۇسۇمى مانىئىدۇر،
شەمسىئى تەقلىد قانىئىدۇر.
ئەي كاشكى، ئول ئەدىيبى دانا،
تەرك ئەتسە رۇسۇمى ئەھلى دۇنيا.
ئۇزلەت ئىلە كەچسە ماھۇ سالى،
تەئلىيف ئولۇر ئېرسە نەقدە ھالى.
خىلۋەتگەھ ئاڭا فەلەك ئولۇردى،
ھەمراز ئاڭا مەلەك ئولۇردى.
چۈن قىلدى سۆزىنى مۇندا كۇتاھ،
ئاڭلاپ بۇ سۆزىدىن ئولدۇم ئاگاھ.
كىم تەرجۇمە ئولمامىش مۇتەممەم،
تەتمىم ئىلە ئولمامىش مۇخەتتەم.
چىرماپ مېنى غەمنىڭ ئەژدىھاسى،
باشىمغە تۇشۇپ قارا بالاسى.
جىسمىم ئارا پىچۇ تاب تۇشدى،
كۆڭلۇم ئارا ئىزتىراب تۇشدى.
غۇسسە ئىلە بىر زەمان بوغۇلدۇم،
بوغۇلە بوغۇلە بىرلا سۇلدۇم.
ئاخىر خىرەت ئولدى ئاجىزۇ لال،
بۇ غۇسسەدىن ئۆزگەچە ئولۇپ ھال.
[ئاخىر ئەقل ئولدى ئاجىزۇ لال،
بۇۋەجھدىن ئۆزگۇچە ئولۇپ ھال.]
تىشلەپ ئىلىكىمنى يارە قىلدىم،
يىرتىپ ئېگنىمنى پارە قىلدىم.
چۈن ئەيلەدى غارەت ئىلكىنى تىيز،
ئەقلىمغە جۇنۇن نېچۇككى چىنگىيز.
دىل كىشۋەرىغە ئوزاتدى قايغۇ،
تەخرىيب ئىلكىنى چۈن ھىلاكۇ.
ئازغان سارى ئىش ئۆزى يولىدىن،
بارغان سارى تۇس خىرەد قولىدىن.
گەھ كاج ئۇرار ئىدىم يۇزۇمگە،
گاھى كۇلۇبان ئۆزۈم ئۆزۈمگە.
گەھ قازار ئىدىم زەمىننى بىباك،
گەھ كۆككە باقار ئىدىم غەزەبناك.
دەب ئاڭا گەھ: ئەي سىپىھرى بىداد،
ئەي سەندىن ئۇلۇس ھەمىيشە ناشاد.
ئەي زالى ئەبۇشقەئى جەفاكار،
ئەي فەزل ئىلىگە ھەسۇدۇ غەددار.
تا ئادەمدىن بۇ دەمغە كارىڭ،
جەۋرئەتمەكۇ زۇلمدۇر شىئارىڭ.
جاھىلغە يېتىپ سىنىڭدىن ئىنئام،
فازىلغە تۇتۇپ سەممىڭ بىلەن جام.
يولسىز يۇرەرىڭنى قويمادىڭ ھىچ،
خونخورلىغىڭغە تويمادىڭ ھىچ.
يانساڭ نە ئولۇر ئۇ يان كىېچەردىن،
قانساڭ نە بولۇر بۇ قان ئىچەردىن.
بەرسەڭ نە ئولۇردى، ئەي فەلەك پاي،
فۇرسەت شەمسىغە بىر ئىكى ئاي.
تا گەنجىنى پۇتەرىپ گۆھەردىن،
باغىنى يېتىشتۇرۇپ سەمەردىن.
ئانى تۇھفى كىرام قىلسا،
مۇنىڭ سارى ئىزنى ئام قىلسا.
دەپ بۇيلە چېكىپ بەسى فىغانلار،
ياش ئورنىغە تۆكمەك ئىلە قانلار.
يىغلار ئىدىم، ئايدى پىيرى كامىل:
بەس قىل، ئەي بولفۇزۇلى جاھىل.
كۆكدە نە گۇناھ، قوي يىغاڭنى،
سەبر ئەيلەگىل، يۇت ئاچچىغاڭنى.
شەمسگە ئېرۇر دىلىڭ ئۇمىيدى،
ھەم ئىلكىدە مۇشكىلىڭ كەلىيد.
ئاندىن چۇكىلۇر قولۇڭغە مەقسۇد،
كۆككە غەزەب ئەيلامەكدە نە سۇد.
رەۋشەنكى ئوشۇل كەرىمى ئەسئەد،
سائىل تىلەگىنى ئەلەمەس رەد.

[مۇھتاج سۆزىنى ئەيلەمەس رەد].
بەس ئاڭا شىكايەتىڭنى ئەرز ئەت،
ھەم ئاڭا ئىزالەسىنى قەرز ئەت.
بۇ ياڭلىغ ئېتىپ ماڭا ئىنايەت،
چۈن قىلدى بۇ يول سارى ھىدايەت.
بىخودلۇغۇم ئولدى ئويلە مەنكۇب،
كىم «يا» بولدى «ئەلىيف»غە مەقلۇب.
ئىلكىمگە ئالىپ دەۋەتۇ خامە،
جۈرئەت قىلدىم يازارغە نامە.
يوق - يوقكى ئەرىيزە ئەتدىم ئىزھار،
ئاڭلا ئانىكىم ئەدالەتىڭ بار.
ئىشكىڭە باقكى مەنىڭچە مۇشتاق،
فەزلىڭ سارى تەلمۈرۈپ كۆزى ئاق.
مىھرابى ئەمەل ئېتىپ يولۇڭنى،
جەيھۇنى كەرەم بىلىپ قولۇڭنى.
ياتمىشلارۇ يۈز فەياز بىرلە،
سەن ياتمە بۇ كەبى ناز بىرلە.
بول ئەمدى خەزىنەڭ ئىشكىنى ئاچ،
ئەل باشىغە دۇررۇ گەۋھەرىڭ ساچ.
نامۇس قىل، ئەي كەرىمى نامۇس،
ياندۇرمە بۇلارنى زارۇ مەئيۇس.
ئىھسان يولىدىن كەنارە تۇتمە،
مۇنلارنى بىر يولى ئۇنۇتمە.
گەنجىنەنى ئەتمە مارى ئاباد،
گۈلشەنىنىمۇ قىلما خارى بۇنياد.
ئۆز تەئمىرىڭ خەراب قىلمە،
دەريايىڭنى سەراب قىلمە.
سۇبھىڭنى سۇبھى كازىب ئەتمە،
شەمھىڭنى نارى ھۇباھىب ئەتمە.
سوراساڭ ئەگەر مەندىن ئەھۋال،
بۇدۇر رەۋشىمدىن قولاق سال.
كىم بەيتى ھەزاندە ئۇزلەت ئەتدىم،
يۈز شۈكرىكى شاھلىقغە يەتدىم.

ئۇزلەتكى ھەمىشە سۆھبەت ئامىز،
خىلۋەتكى سۇرۇرۇ بىھجەت ئەنگىز.
تۇللاب ئولۇپ ئانىڭغە مەھرەم،
مەھرەمسىز ئەمەس بۇ خىلۋەتىم ھەم.
ياراندىن رىشتە ئۈزگەنىم يوق،
ئەغيار ئىلە ساز تۈزگەنىم يوق.
فۇرقەت غەمىدىن بولەك غەم ئولماي،
جۈز ماتەم ھەجرى ماتەم ئولماي.
باشىمدە پەدەر قوچاقدا فەرزەند،
دىل رىشتەسى ساڭا سەخت پەيۋەند.
ۋەقتىم كېچەدۇر بۇرەڭگى خۇررەم،
ھاسىد كۆزى كور بولسا نې غەم.
ئۇقبا ھەم ئولۇرسەن بۇ ياڭلىغ،
بۇ تەئم ئولۇر تىلىمدە تاتلىغ.
گەر لۇتفى ئىلاھ بولسا ھەمراھ،
ئاندا بۇ ھەياتە شۈكرى لىللاھ.
گەر بار ئېسە كارىم ئاندا دۇشۋار،
بولغاچ غەزەبى ئوتىغە دۇچار.
مەسكەن ئولۇر ئېرسە دەۋزەخۇ جاھ،
بۇ خۇشلۇقدىن نەئۇزۇبىللاھ.
مۇندىن ئۆتۈپ سۆزگە يوق يول،
ئاغاز ئېتىپ دۇئا، ئاچاي قول.
دەۋلەت ساڭا يارۇ ياۋەر ئولغاي،
ئىقبال ئىشىكىڭدە چاكەر ئولغاي.
يا رەبكى، بارىچە چەرخ دەۋۋار،
يەر كېمەسى بەھرە ئىچىندە سەييار.
كۆكدەك رىفئەت شىئار قىلغىل،
يەردەك ساھىبى ۋەقار قىلغىل.
ئەل كۆڭلىن ئاڭا مۇسەخخەر ئەيلە،
شەھلەرنى ئانىڭغە نەۋكەر ئەيلە.
ھۇسسادىنى ئەيلە خارۇ غەمكىن،
بەرگىل تىلەگىنى، يا رەببى، ئامىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

## ھاجى ئەمىن يېڭىسارى①

نەشرگە تەييارلىغۇچى: شېرىپ خۇشتار

قۇل بولۇپ ساتىلدى ئاخىر، بولدىلار بىل پادشاھ،
مىسىرنىڭ شاھى ئۇشۇل، يۇسۇفى كەنئان قالمىغاي.
ئىنسۇ جىن دىۋۇ پەرىيگە، ھۆكمى سۈرگەنلەر قەنى،
ئاسىف ئىبنى بەرخىيا، شاھى سۇلەيمان قالمىغاي.
ئەۋۋەلەن ئاتەشكە كىردى، زەررە پەرۋا قىلمىدى،
ئۇتنى بولستان ئەيلەگەن خەلىلى رەھمان قالمىغاي.
دەردمەنلەر دەردىگە دائىم دەۋا قىلغان، بىلىڭ،
بىل تەبىبى ھازىقى ھەكەمى لوقمان قالمىغاي.
بىل پەيەمبەرلەرنى تۇپراقغە رەۋان قىلغان ئۆلۈم،
فانىي بولماي بۇ جەھاندا، ھىچ پەيەمبەر قالمىغاي.
ئۇل رەسۇلىللاھ قەنى ئۇممەت غەمىدە يىغلىغان،
روزى شەب قان يىغلىغان مەھبۇبى سۇبھان قالمىغاي.

* *

بىل تەمامى ئەنبىيالار قالمىدى، تاپتى ۋەفات،
بۇ ئۆلۈمنىڭ دەستىدىن، ھىچ ئەنبىيالار قالمىدى.
بول ئەبۇ بەكرى، ئۇمەر، ئۇسمان، ئەلىي شىرى خۇدا،
چەھار يارى با سەفا، شىرى زەمانلار قالمىدى.
ئۇل ھەسەن بىرلە ھۇسەين، بولدى شەھىدى كەر بەلا،
جان پىدا قىلغان ئۇشۇل، شاھزادە جانلار قالمىدى.
بۇ ئۆلۈم ھازىر بىلىڭلار، جۇملە ئىنسان باشىدا،
نەۋبەتى يوقتۇر ئۆلۈم، ياشۇ جەۋانلار قالمىدى.
بارچىنى يوق قىلغۇسىدۇر بۇ ئۆلۈم بىر - بىر ئېلىپ،

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

ياخشى بولسۇن خاھ يامان، مەردۇ زەنانلار قالمىدى.
ئەي بەرادەرلەر، مۇدام ماتەمدە بول، ماتەمدە بول،
زاھىدۇ ئالىمۇ ئابىد، تەمجىيدى خانلار قالمىدى.
ئەي يارانلار، تۈن كېچەلەر تەۋبە دەپ يىغلا مۇدام،
ئۇشبۇ دۇنيادا بىلىڭ، ياخشى ـ يامانلار قالمىدى.
ئۇشبۇ دۇنيا دوستلىرىم، ماتەم سارادۇر بىلىسىڭىز،
گول تەرىيقۇل ئەقل ئەفلاتۇن، ئەرەستۇ قالمىدى.
ئەي ئەمىن ھاجى، كېچە ـ كۈندۈز يانا يىغلا مۇدام،
تەۋبەسىزلەر ئاقىبەت، شەرمەندە كەتمەي قالمىدى.
ئەي ئەمىن ھاجى، سەھەرلەردە مۇدام قان يىغلاغىل،
بىۋەفا دۇنيادا بىل، ئۆلمەي فەقەد جان قالمىدى.

* *

گول خۇداغە بەندە مەن دەپ لاپ ئۇرغانىمغە ۋاي،
تۈن سەھەرلەر يىغلىماي، يۈرگەن مېنىڭ ھالىمغە ۋاي.

نامى بەندە دوستلار، بىر فاسىقۇ گۇمراھ ئۆزۈم،
دائىما غەيبەت ھەسەددۇرلار مېنىڭ قىلغان سۆزۈم،
بىل يامانلاردىن يامان يۈزى قارادۇر مەن ئۆزۈم،
دۇنيىنى ئىزلەپ مۇدام، بىلگىل، قەلەندەرمەن ئۆزۈم.
ئىنىۋئان دەپ دۇنيادىن ئۆتكەن شۇبۇ ھالىمغا ۋاي.

بۇ دىلىمنىڭ تەختىغە نەفسىمنى پادشاھ قىلىپ،
بۇد قىلىپ نەفسىمنى، ئەي دوستلار، باشىمنى جا قىلىپ،
نەفسى دوزغا بۇ ئىنانى ئىختىيارىمنى بېرىپ،
نەفسىمى ئىززەت قىلىپ، ئاخىر ئارا يولدا قالىپ.
ھەق تەئالا ئالدىدا شەرمەندە بولغانىمغە ۋاي.

نەفسىنىڭ راھىغا بارغانلار، بىلىڭ ئادەم ئەمەس.
روزى مەھشەردە خۇداۋەندى كەرىيم بەندەم دېمەس،
ئەۋۋەلى ئاخىر رەسۇلىللاھ ئانى ئۇممەت ئەمەس.
بەندە بولساڭ دائىما پەستۇت ئۆزۈڭنى ئارى خەس،
ئاقىبەت، ئەي دوستلار، دەۋزەخدە قالغانىمغا ۋاي.

يۈرمەگىل بۇدەمدە ئازادە، ئۆزۈڭنى خار تۇت،
ھەم يەتىيم بىينەۋەلارنىڭ مۇدام كۆڭلىنى ئۇت.
كىبىر ئەيلەپ، دوستلار، بوينىڭغە ئالما بەلكى بۇت،
ياخشىلار، ھۇشيار بولۇپ، مەككار ئۇشۇل نەفسىڭنى تۇت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uygurkitap.com

سۈرەتىم ئادەم سىفەت، بىھۇدە يۈرگەنىمغە ۋاي.

تون تۇماق مەيسە كىيىپ، باشىمغا بۆ سەللا ئوراپ،
باقمايىن ھەلالغا، دوستلار، دائىما ھەرام بوراپ،
تۈن كېچەلەردە تۇرۇپ، تۆكمەي كۆزۈمدىن دىيدە ئاب،
ئەي ئەمىن ھاجى، مۇدام دىل ئاقىغە ئۆزۈڭ خۇراب،
مەن ئەمىن ھاجى يامانىنىڭ قىئلۇ ئەفئالىمغە ۋاي.

*          *

ئەي يارانلار، مەن يامان، غەفلەتدە كەتكەنىمغە ۋاي،
تەۋبە قىلماي مەن نادان، بىيتەۋبە يۈرگەنىمغە ۋاي.

ئەي خۇدايا رەھىم قىلغىل، مەن غەرىب بىچارەغە،
يول ئاداشىپ يولدا قالغان، بۆ دىلى ئەفگارەغە.
ناتەۋانۇ بىيكەسۇ، ئاجىز، غەرىب، بىمارەغە،
يۈز قارا كەتكەن مېنىڭدەك، ئاجىزۇ ئەۋۋارەغە.
ئېينۇئان دەپ دۇنيادىن ئۆتكەن مېنىڭ ھالىمغە ۋاي.

دەۋلەتى ئەفزەل بىلىپ، مەن بۆ جەھانىنىڭ ئەيشىنى،
ئەمرى ھەقنى قىلمايىن، بەرباد بىرىپمەن ئۆمرىنى.
ۋىرد قىلماي، ئەي بەرادەرلەر، خۇدانىڭ زىكرىنى،
راھىبەر ئەيلەپ ئۆزۈمگە، فانىي دۇنيا فىكرىنى،
بۆ تۆشەك - ياستۇق ئارا مەن خاب قىلغانىمغە ۋاي.

ياساتىپ ئايۋان ساراي، مېھمانخانە گەژ - خاك قىلىپ،
فانىي ئۆيگە، ئەي بەرادەرلەر، يانا دىلنى بېرىپ،
ئەمرى ھەقنى ئەيلەمەي، يۈردۈم مۇدام يولدىن ئېزىپ.
ئاقىبەت قالدىم ئارا يولدە، بەرادەرلەر، ھېرىپ.
بۇندا زەندەك ياسانىپ، ئازادە يۈرگەنىمغە ۋاي،

ئەسلىگە باق، ئەي نادان، ئەسلىڭ سېنىڭ ئابى مەنى،
يادى ئەللاھنى، ئايا، دىلىڭغا ئالغانىڭ قەنى،
جان بېرىپ، ئۆزگە بەندە ئەيلەدى ئەللاھ سېنى،
ئەللاھ دەپ دائىم سەھەر بىدار بولغانىڭ قەنى؟
ماۋۇ مەنلىك ئەيلابان دۇنيادىن ئۆتكەنىمغە ۋاي.

ئەي مېنىڭ، ئەي دوستلار، سەھراۋۇ باغ سەيلان قىلىپ،
باغ ئارا نەغمە ناۋا ئەيلەپ مۇدام ئويناپ كۈلۈپ،

ئالته كۆنلۈك ئۆمرىنى، ئەي ياخشىلار، دەۋلەت بىلىپ،
ھەسراتاكىم، ئەي ياراتلار، بارۇ - يوقتىن ئايرىلىپ،
بۇ ئەمىن ھاجى غەرىب، غەفلەتدە كەتكەنىمغە ۋاي.

* * *

دەردىم تولا، ئەي دوستلار، مەن بىناۋا قايداق قىلاي،
يولدا قالدىم مەن غەرىب، ھالىم تەبا قايداق قىلاي؟

دەردىمگە دەرمان تاپمادىم، سەبرى قەرارىم يوق مېنىڭ،
دەر بەدەردۇرمەنكى، بىر يەردە قارارىم يوق مېنىڭ،
دەردى ھالىم سورغىلى بىر ئاشنايىم يوق مېنىڭ،
دائىمەن سەرسانۇ بىر يەردە قەرارىم يوق مېنىڭ،
يولدا قالدىم مەن غەرىب، قادىر خۇدا، قايداق قىلاي.

پادشاھا، سەندىن ئۆزگە ھىچ پەناھىم يوق مېنىڭ،
كۆرمىسەم دىدارى ھەق، سەبرى قەرارىم يوق مېنىڭ،
دائىما سەۋدايى، بىر يەردە تۇرارىم يوق مېنىڭ.
ئول جەمالۇللاھدىن ئۆزگە مۇددەئايىم يوق مېنىڭ،
بولدىلار باغرىم كەباب، ئەي ياخشىلار قايداق قىلاي.

رەھىم قىلغىل مەن غەرىبغە، پادشاھى زۇل جالال،
روزى مەھشەردە غەرىبلەرغە نەسىب ئەيلە جەمال،
مەن غەرىبدە مۇددەئادۇر، ئەي بەرادەرلەر، ۋىسال،
يىغلابان، ئەي دوستلار، ھەممىشە ئەيلەپ ئەرزى ھال،
دوستلار، دائىم مېنىڭ، قەددىم دۇتاھ قايداق قىلاي.

يۈز قارا ھاجى ئەمىن يالغان بۇ سۆزنى ئايتادۇر،
راست بولسۇن خاھى يالغان بىلگۇسى دائىم غەفۇر.
ئەي ئەمىن ھاجى، سېنىڭكى ئۇشبۇ دادىڭ راستىمدۇر،
ئەفۇ قىلغايسەن ئۆزۈڭ غەففارسەنسەن، يا غەفۇر،
روزى مەھشەر كۆنلەرى يۈزۈم قارا قايداق قىلاي.

* * *

بەرادەرلەر، ئۆزۈمنى بۇ زەماندا خارۇ زار ئەيلەي،
مۇدام يىغلاپ ئۆزۈمنى ياخشىلەرگە ئاشنا ئەيلەي،
تەبىيبلەردىن سوراپ، ئەي دوستلار، دائىم داۋاسىنى.
تاپىپ ھازىق تەبىيبنى ئۇشبۇ دەردىمگە دەۋا ئەيلەي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەجازى بۇ تەبىپلەر بىلمەگەي دەردىم دەۋاسىنى.
داۋا بەر دەپ ئوشۇل ھازىق تەبىبىكە ئىلتىجا ئەيلەي،
تەبىپ ھازىق، يارانلار، ئول ياراتغان پادشاھىمدۇر.
ئانىڭ ئىشكىدە دائىم، شەيئىلللاھ دەپ سەدا ئەيلەي،
ئىشتىپ ئوشبۇ ئاۋازىم، ئەدالەت پادشاھ چىقسا.
ئۆزەم يەرگە ئورۇپ، ئەي دوستلار، ئول دەم نەۋا ئەيلەي،
«نە دەرسەن» دەپ ئەدالەت پادشاھ مەندىن سوئال قىلسە،
«ئۆزۈڭگە جۇملە ئىش مەئلۇم»، دەبان يىغلاپ دوئا ئەيلەي.
كەرەملىك پادشاھىم، مەغفىرەت قىلسا گۇناھىمنى،
بولۇپ خۇرسەن ئوشۇل دەم چۆرگۈلۈپ، رەقسۇ سەما ئەيلەي.
خۇدايىم بەرسە تەۋفىيقى مەن سىفەت فاسىق گۇمراھغە،
ئۆزۈمنى ئوشبۇ نەفسىم تەختىگە مەن پادشاھ ئەيلەي.
يارانلار، نەفس شەھرىغە، ئۆزۈمنى پادشاھ ئەيلەپ،
توتۇپ بۇ نەفسىنى، ئەي دوستلار، قىيناپ ئەدا ئەيلەي.
بۇ نەفسىمنى توتۇپ باغلاپ، ئېگىز دارغە ئاسىپ، دوستلار،
«زەلەمنا رەببەنا» دەپ دائىما يىغلاپ نەۋا ئەيلەي.
بۇ نەفسىم، دوستلار، ئەژدەر سىفەت يۇتماققا قەست ئەتسە،
«زەلەمنا، رەببەنا، فەغفىرلەنا» دەپ مەن نىدا ئەيلەي.
ئەزىزلەر سۇھبەتىنى، دوستلار، ھەر جايدا مەن تاپسام،
ئۇشۇنداغ ياخشىلەرگە بۇ ئەزىز جانىم فىدا ئەيلەي.
ئەمىن ھاجى غەرىيبى ناتىۋانغە رەھمە قىلغايسەن،
ھەمىشە شەيئى لىللا دەپ، گەدالاردەك سەدا ئەيلەي.

* *

ئاھ دەرىغا، ئاھ دەرىغ، ھەسرەتدە كەتتىم ئاقىبەت،
ئەمرھەقنى قىلمىدىم، مىڭ داغدا كەتتىم ئاقىبەت،
پەرزى ئەيىنى قىلمىدىم، ئەرماندا كەتتىم ئاقىبەت،
تۈن سەھەرلەر يىغلىماي، غەفلەتدە كەتتىم ئاقىبەت،
ئەينى دەپ، ئەي دوستلار، ئىللەتدە كەتتىم ئاقىبەت.

بەندەلىك، دەئۋا قىلۇرمەن زەررە تائەت مەندە يوق،
سۇرەتىم ئادەم ئېرۈرلار، ھېچ ئىبادەت مەندە يوق،
يۈز قارادۇرمەن، يارانلار، ھېچ تاقەت مەندە يوق،
يولغا چىقتىم، ئەي يارانلار، ھېچ فۇرسەت مەندە يوق،
داغى ھەسرە بىرلە كەتتىم بۇ جاھاندىن ئاقىبەت.

ئەي يارانلار، دۇنيادىن ئارماندا كەتتىم، ئاھ دەرىغ،
ھېچ ئىبادەت مەندە يوق، بۇ داغدا كەتتىم، ئاھ دەرىغ،

تەقۋى تائەت مەندە يوق، ھەسرەتتە كەتتى، ئاھ دەرىغ،
فىسقۇ ئىسيانلار ئارا كۆلفەتدە كەتتىم، ئاھ دەرىغ،
چولغانىپ غەفلەت ئىچىندە غەمدە كەتتىم، ئاقىبەت.

سەن خۇداغە بەندە بولساڭ، تۈن كېچە بىيدار بول،
ئول خۇداغە يىغلابان، سەن لايىقى دىيدار بول،
بىل خەتەرناكدۇر بۇ يوللار، ئەي ئوغۇل، ھۇشيار بول،
يىغلابان دائىم سەھەرلەردە، ئايا، بىيدار بول،
يىغلىساڭ دىيدارىنى ئاخىر كۆرەرسەن ئاقىبەت.

گەر خۇداغە بەندە بولساڭ تۈن كېچەلەر يىغلاغىل.
ئىشق ئوتىدا كۆيدۇرۇپ، دائىم يۈرەكنى داغلاغىل،
ھەق يولىغا، دوستلار، مەھكەم بېلىڭنى باغلاغىل،
بۇ سەفەر، قاتتىق سەفەر، يولغە ئۆزۈڭنى چاغلاغىل،
ئەي ئەمىن ھاجى بۇ جاندىن ئايرىلۇرسەن ئاقىبەت.

* *

ئەي ئەزىزلەر، بۇ دۇنيا بولسا ئەسلا ۋەفا قىلماس. بۇ ئۆمرىدە ئىئتىماد يوق. بۇ ھاياتلىققە خۇرسەن بولما. خۇدايى تەئالانىڭ ئەمرىن قىل. ئەسلا خۇدايى تەئالانىڭ يادىدىن غافىل بولما. بۇ دۇنيا ماتەم سارادۇر. ھالىڭغا يىغلا، بەرادەرلەر.

بۇ تەئرىخ بىر مىڭ ئۈچ يۈز يەئنى ئاتمىش تۆرتدۇر،
ئۇيقۇدىن بىدار بولغىل، ئەيلەگىل سەن ۋەھمى گور،
بىز بولۇرمىز، دوستلار، بىل، ئاقىبەت ئەھلى قۇبۇر.
تاڭ سەھەر بىدار بولۇپ، يىغلا خۇداغە بىھۇزۇر،
رەھم قىلغىل ئاسىيلەرگە، پادشاھ سەن، يا غەفۇر.

ئۆمرنى كۆپ چاغلىما، بۇ ئۆمر ئازدۇر، ئەي دىلا،
ئاقىبەت بىل جۇملىگە ئىمان ئەتا قىلسۇن خۇدا.
ئۆمرى ئاخىر قىلمىسۇن، بۇ نۇرى ئىماندىن جۇدا،
رەھنەمادۇر بەندەسىگە ئەۋۋەلۇ ئاخىر خۇدا،
يىغلاغىل تۈن كېچىلەردە، قىلماغىل باتىننى كور.

كېچە - كۈندۈز تەۋبە دەپ ھاجى ئەمىن كۆپ يىغلا سەن،
تاشلا دۇنيا پىكرىنى قىلغىل گۇرىستاندا ۋەتەن،
مەن فەلان ئىبنى فەلان دەپ، قىلماغىل نىسبەت بەلەن،
قەترەئى ئابى مەنىدىن، يەئنى پەيدا بەندەسەن.
مەن فەلان دەپ كىبرە ئەيلەپ، يۈرمىگىل سەن، ئەي قۇسۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەي ئەمىن ھاجى، كىچە - كۈندۈز يانا يىغلا مۇدام،
بىر نەفەس ئول يادى ھەقدىن بولما غافىل سۇبھۇ شام،
قىل رىيازەت كىچە - كۈندۈز، كەم غىزايۇ ئۇخلا كام،
سەي رىيازەت بىرلە ئۆتكەرگىل بۇ ئۆمرۇڭنى تەمام،
ئەمرى ھەقنى قىلماغان سۇرەت ئىرۇر، ئادەممۇدۇر؟

*   *

كىردى سالىڭ ئەللىك ئىككى، ھەم ئاقاردى ساچ - ساقال،
بىل يېقىن كەلدى ئەجەل، باغرىمغا سانچىلدى تىكەن.
چاغلىما بۇ ئۆمرىنى كۆپ، كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچىدۇر،
ئۆمرى كۆرگەي سەندىن ئارتۇق، سۇدا ئۆسكەن بىر يىكەن.
كىچە - كۈندۈز تەۋبە دەپ يىغلا، ئايا ھاجى ئەمىن،
تاشلا دۇنيا ئىشلارىن، قىلغىل گورىستاندا ۋەتەن.
مەن فەلان دەپ، باش كۆتەرىپ يۈرمەگىل، بۇ ئۆمر ئاز،
جان چىقىپ كەتسە بۇ تەندىن، خارۇ - خەس بىر مۇردەسەن.
جاندىن ئايرىلىپ زەمىن ئۈستىدە تۇرساڭ ئىككى كۈن،
جۇملە بەدبۇيىدىن يانا، بەدبۇي ئەجەپ شەرمەندە سەن.
ئەيىبىمىزنى ئول خۇدا ئەمرى بىلەن ياپغاي زېمىن،
يىغلا ھالىڭغا كىچە - كۈندۈز، ئايا ھاجى ئەمىن.

*   *

ھاجى ئەمىننىڭ جۇنۇنلارى زىيادە بولۇپ، بىرئاز ئىشق سۆھبەتىدىن بايان قىلغانلارى. ئەي بەرادەرلەر، دۇنيادا ئىشق ئوتىدىن يامان ئوت بولماس، ئىشق دەردىگە دىيدارى ھەقدىن باشقە دەۋا بولماس؛ چىن ھەقىقىي ئاشىقلار مەھشەر كۈنى دىيدارى ھەقنى كۆرمەگۈنچە ئەسلا ئارام ئالماس، ئاشىقلار ھەق جەمالىن كۆرمەگۈنچە جەننەت سارى باقماس، ھەۋزى كەۋسەر ئىچمەسلەر؛ ۋاۋەيلا دەپ مەھشەرگاھنى بۇزارلار. ئاشىقلار دەۋزەخدىن پەرۋا قىلماسلار، ئاشىقلار ئاللاھ تەئالا دىيدارىغە مۇشتاقدۇر.

پادشاھدۇر جۇملە دەردلەرنىڭ ئىچىندە دەردى ئىشق،
پادشاھلارنى گەدا قىلغاي، بىلىڭلار، ۋىردى ئىشق.

ئىشق ئوتىنى تاغقا سالسا، قىلغۇسى زىرۇ زەبەر،
بولغۇسى ھەرقانچە ئاقىللار، ئۆزىدىن بىخەبەر.
ئىشق ئوتىدا كۆيگۈچىلەر ئاقىبەت قەندىنى يەر،
قىلغۇسى شاھنى گادا، گەدانى شاھ بۇ دەردى ئىشق.

ئىشق ئوتى تەگدىيۇ تەختىدىن ئۆزىنى تاشلادى،

تاشلادىلار تاجۇ ـ تەختنى، يادى ـ ھەقنى باشلادى،
ماسىۋەللا بولدىلار، دۇنيا تەرەفكە باقمادى.
پادىشاھلارنى، بەرادەرلەر، قەلەندەر قىلدى ئىشق،

تەختى بەختىدىن كېچىپ ئىبراھىم ئەدھەمدەك كىشى،
تەركى ئەتتى پادىشاھلىق، قىلمادى دۇنيا ئىشى.
ھەر زەمان ئاللاھ دېمەك بولدى ئۇلارنىڭ ۋەرزىشى،
تەگسەلەر تاشقە ئەگەر، بىل، ئانى گەۋھەر قىلدى ئىشق.

تەگدى ئىشق، ئەي دوستلار، تەختىدىن ئۆزىن تاشلادى،
ئەيلەدى ئاگاھ ئۆزىنى، يادى ھەقنى باشلادى،
كەچتى تەختى بەختىدىن، ئەھلى ئىيالنى تاشلادى.
پادىشاھنى لايىقى، بۇ زىكرى سۇبھان قىلدى ئىشق،

تاجى تەختنى تاشلادى، ئىبراھىم ئەدھەم پادشا.
چىقتىلار جەزىرەگە قىلدى ئۆزىنى بىر گەدا،
ھەر نەفەستە ھەق دەبان، ھەر دەم ئاڭا كەلدى سەدا،
كۆيدۈرۈپ ئەخكەر قىلىبان، تىغى مەۋلان قىلدى ئىشق.

ئىشق ئوتى بىر بەلادۇر، قىلغۇسى شاھنى گەداھ،
قىلغۇسىدۇر خانە ۋەيران ھەم تەئەللۇقدىن جۇداھ.
قىلغۇسى ئاشىق خۇدانىڭ يولىغە جانىن فىدا،
ھەر كىشىگە تەگسە ئانى، كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدى ئىشق.

ئىشق بوتاسىغە بۇ مىس ـ تۇچ تۇشسە، بولغاي زەر ئۇشۇل،
ئىشق باغىغا تىكەن، كىرسە بولۇر ئول دەمدە گۈل.
ئىشق يولىدا ئىشلەبان قىلغىل ئۆزۈڭنى مىسلى قۇل،
تەگسە گەر قاتتىغ چۆيۈنگە، ئانى مۇمدەك قىلدى ئىشق.

ئەي ئەمىن ھاجى، .بۇ ئىشق دەردى ئەجايىب دەرد ئىكەن،
ئىشق ئوتىغە قىلغۇچى بەرداش، بىلىڭلار، مەرد ئىكەن،
ئىشقىنىڭ باغىغە كىرگىل، ئاچىلىپ، بولغىل چەمەن،
تاشنى قورغۇشۇم سىفەت سۇ قىلغۇسىدۇر دەردى ئىشق.

* *

ئەر ئەگەر بولساڭ، يارانلار، بول ھەمىشە ئەھلى ئىشق،
ئاقىل ئېرسەڭ، ئەي مۇسۇلمان، بىلگىل ئەمدى قەدرى ئىشق.

ئىشق ئوتىدا كۆيگۈچىلەر، بولغۇسى ئاخىر گۇھەر،
كېچە - كۈندۈز ئەھلى ئىشقلەر، ئول ياراتقان شاھنى دەر،
دۇنيالىققە كارى يوقدۇر، بىل، ئۇلار ھەقنى سۆيەر،
پادىشاھلىقنى بىلىك، بىر پۇلغا ئالماس ئەھلى ئىشق.

ئىشق ئەھلى بىلسىڭىز، ئۆزنىڭ دىلىغە شاھ ئېكەن،
كېچىلەر ھەق يادىن ئايتۇرلا، ئۇلار ئاگاھ ئېكەن،
ئىشق ئەھلىنىڭ، بىلىڭلار، مەتلەبى ديدار ئېكەن،
دۇنيالىققە كارى يوق، ديدار تەلەبدۇر، ئەھلى ئىشق.

ئەي ئەمىن ھاجى، بۇ ئىشقنىڭ دەردىگە يوقدۇر دەۋا،
يىغلىساڭ تۈن كېچىلەر، رەھم ئەيلەگەي قادىر خۇدا،
تەۋبە دەپ يۈرگىل ھەمىشە، قىلماغىل ھەرگىز خەتا،
ئەي ئەمىن ھاجى، خۇدادىن تىلەگىل سەن زەررە ئىشق.

ئول خۇدايىم زەررە ئىشق، بەرسە يەنە پەرياد قىل،
ئىشقنىڭ دەردى بىلەن غەملىك كۆڭۈلنى شاد قىل.
يىغلابان دائىم سەھەرلەردە ئۆزۈڭ ناشاد قىل،
ئەي يارانلار، يىغلا دائىم، بىلگىل ئەمدى قەدرى ئىشق.

ئىشقنىڭ قەدرىنى بىلگەنلەر ئۆزىن بۇلبۇل قىلۇر،
سايرابان بۇلبۇل سىفەت ئاشىق ئۆزىنى گۇم قىلۇر.
ئول سەنەم ئۆزىنى گۈلىستانلىغ ئارا بىر گۈل قىلۇر،
ئىشق يولىدا يىغلاتىپ، بۇلبۇلنى گويا قىلدى ئىشق.

* *

گەرچە مۇئمىنسەن، بەرادەرلەر، يانا بول ئەھلى ئىشق،
بەرھەمەن بولساڭ ئەگەر بۇدخانەغە، بول ئەھلى ئىشق.
ئەھلى دۇنيا بولماغىل، بولغىل، يارانلار، ئەھلى ئىشق،
بىلسەڭىزلەر كىمىيا تۇپراقنى ئالتۇن قىلدى ئىشق.

ئەھلى ئىشق دائىمى بىخۇددۇر ئۆزىنى بىلمەگەي،
دائىما بىھۇش ئۇلار ئەسلا ھۇشىغە كەلمەگەي.
تۈن كېچەلەردە بولۇپ بىدار، ھەمىشە ھەق دېگەي،
روزى مەھشەر كۈنلەرىدە پادىشاھدۇر ئەھلى ئىشق.

ئىشق ئەھلىنىڭ مەجازىغە بىلىڭلار، كارى يوق،
ھەقتەئالادىن بۆلەك ئەسلا ئاڭا دىلدار يوق.

دۇنيىدا بۇ ئىشقى ئەھلىدەك بىلىڭ ھۇشيار يوق،
تۇتى ھىندۇستان سىفەت سايرار ھەمىشە ئەھلى ئىشق.

ئىشقىنىڭ دەردى، ئەمىن ھاجى، ئەجايىپ دەرد ئىكەن،
ئىشق دەردىگە، ئايا، بەرداش قىلغان مەرد ئىكەن.
ئىشق ئوتىدا كۆيمەگەن، ئادەم ئەمەس ھەيۋان ئىكەن،
ئەي ئەمىن ھاجى، ھەمىشە يىغلا، بولغىل ئەھلى ئىشق.

* * *

ئىشق ئوتىدا كۆيمەگەنلەرنىڭ، بىلىڭلار، جانى يوق،
ئەھلى ئىشقىنىڭ ئىككى دۇنيادا، بىلىڭ، ئەرمانى يوق.

ئىشق ئوتى، ياخشىلار، كۆيگەن سارى ئەۋھەر قىلۇر،
تۇشىلەر ئىشقىنىڭ بوتاسىغە ئەگەر تۇچ، زەر قىلۇر.
ئىشق بىر ھازىق تەبىبدۇر، دەردىگە دەرمان قىلۇر،
ئىشق ئوتىدا كۆيمەگەنلەرنىڭ تېنىدە جانى يوق.

ئول خۇداغە بەندە بولساڭ، ياخشىلار، ئىشق ئىستەگىل،
بولسا ئەقلىڭ ئاخىرەتىنىڭ دائىما غەمىن يېگىل.
تۇن كېچەلەردە تۇرۇپ، ئەي ياخشىلار، ئەللاھ دېگىل،
ئىشق ئەھلىدەك بۇ دۇنيادا بىلىڭ، مەردانە يوق.

غافىل ئۆتكەنلەر، بەرادەرلەر بىلىڭ، ئادەم ئەمەس،
ئەھلى غەفلەتنى، بىلىڭلار، ئول خۇدا بەندەم دېمەن.
تاڭلا مەھشەر كۈنلەرى ھەزرەت شەفائەت ئەيلەمەس،
ئەھلى غەفلەتدەك، بىلىڭلار، دۇنيادا زەنانە يوق.

ئەھلى ئىشقنى جىننى دەرلەر، غافىل ئۆتكەن جىننىيدۇر،
ياخشى يولدىن ئايرىغان بىزلەرنى شەيتان دىيۇەدۇر.
يادى ئەللاھ بىلسىڭىز شىرىن بەمىسلى مىيۇەدۇر،
ئەمرە ھەقنى قىلماغانلار ئاقىبەت كەتكەي قۇرۇق،

ئەي ئەمىن ھاجى، خۇدانىڭ يادىنى دائىم دېگىل،
يادى ئەللاھنى دەبان دائىم سەھەر شەككەر يېگىل.
تەندە جانىڭ بارىچە بۇ يادى ئەللاھنى دېگىل،
زار - زار يىغلاپ سەھەرلەردە، خۇداغە بول ياۋۇق.

* *

www.uyghurkitap.com

نە ھەددىمدۇر، بەرادەرلەر، مېنىڭ يادى خۇدا قىلماق،
ئۆزىدىن بولمىسا ئىمداد، نې ھەد زىكرى سەنا قىلماق.
خۇدايىم بەندەسىغە، دوستلار، لۇتفۇ كەرەم قىلسا،
كى ئاندىن يىغلابان ئول پادىشاھغە ئىلتىجا قىلماق.
تونۇتمىسا ئۆزىن ئول شاھ، تونۇماقغە نې ھەددىڭ بار،
ئىگەمنىڭ ئىلتىفاتىدۇر ئۆزىگە ئاشىنا قىلماق.
تونۇغىل ئۇشبۇ شاھنى، ياخشىلار، دائىم سەھەر يىغلا،
خۇدايىمغە مۇدام يىغلاپ، سەھەرلەردە دۇئا قىلماق.
ئۆزىگە بەندە ئەيلەبدۇر، ھەمىيشە شۇكرى قىلغىل سەن،
كىلازىمدۇر بۇ يولدا يىغلابان ئۆزنى ئەدا قىلماق.
ھەمىشە تەۋبە قىلغىل، ياخشىلار، قىلغان گۇناھىڭغە،
ئىشىڭ بولسۇن، مۇسۇلمانلار، مۇدام زىكرى سەنا قىلماق.
خۇدانىڭ ئەمرىنى قىلغىل، ئەگەر چەندى مۇسۇلمان سەن،
مۇدام بولسۇن ئىشىڭ، دوستلار، خۇداغە ئىلتىجا قىلماق.
بۇ دۇنياغە كۆڭۈل بەرمە، ۋەفاسىزدۇر، بەرادەرلەر،
بۇ دۇنيادىن ئۆزىنى تارتىبان بىل ماسىۋا بولماق.
بۇ دۇنيادا ۋەفا يوقدۇر، بەرادەرلەر، سېنى ئالدار،
ھەمىشە يىغلابان، ئەي دوستلار، لازىم نەۋا قىلماق.
خۇداغا يالبارىپ، ئەي دوستلار، دائىم سەھەرلەردە،
ئۇشۇل شاھدىن تىلەپ، نەجادنى يىغلاپ دائىما قىلماق.
خۇداغا بەندەدۇرسەن، يىغلاغىل دائىم سەھەرلەردە،
ئۇشۇل ھازىق تەبىبگە يىغلابان، دەردىڭ دەۋا قىلماق.
بۇ دۇنيا يول ئۆتەر لەڭگەر ئىكەن، دوستلار، مۇنى بىلگىل،
نېمە لازىم ئۆتەر يول ئۈستىدە، تۇرلۇك خەتا قىلماق.
ئەمىن ھاجى، ئەدالەت پادىشاھىڭغە ئۆزۈڭ تاشلا،
ئىشىڭ بولسۇن ھەمىيشە يىغلابان زىكرى سەنا قىلماق.
ئۇشۇل «لا تەقنەتۇ مىن رەھمەتۇللاھ» دىن ئۇمىد قىلغىل،
ساڭا لازىم ئېرۇر، ھاجى ئەمىن، ئەمدى نەۋا قىلما.

* *

دىلىمدا بار ئىدى ئول پادىشاھغە نالە ـ زار قىلماق،
ئانىڭ دەردىدە، دوستلار، مىڭ بەلاغە مۇپتىلا بولماق.
ئۇشۇل شاھ ئىشكىدە ئىتلار سىفەت باشىم قويۇپ ياتسام،
نىگار ئىشكىدە دائىم شەيئى لىللاھ دەپ سادا قىلماق.
ئەدالەتلىك ئۇشۇل شاھ ئىشكىدە دائىم سادا ئەيلەپ،
ئانىڭ ئىشقىدە، ئەي دوستلار، يىغلاپ ئەدا بولماق.
ئالىپ قولغە ئەسانى چۆل ـ بەيابانلار ئارا يۈرسەم،

خەيالىمدا يارانلار، بار مېنىڭ بەلكى گەدا بولماق.
ھەمىيشە يىغلىسام، چۆلۈ بەياۋانلار كېزىپ، دوستلار،
بولۇبان خارۇ زار يۈزمىڭ بەلاغە مۇپتىلا بولماق.
ھەمىيشە يىغلاسام، ئەي دوستلار، باقغايمۇ ئول جانان،
ئانىڭ ئىشقىدا يىغلاپ، دوستلارىم، ھەردەم نەۋا قىلماق.
ئەجەپ چوڭ پادىشاھدۇر، دوستلار، ئول شاھى ئادىل بىل،
ئانىڭدىن ئەفۋ قىلماق، بەندەدىن دائىم خەتا قىلماق.
بەرادەرلەر، نى ئىش بولدى، ماڭا ئول شاھ باقمايدۇر،
سەۋەب بولدى نى ئىش، ئەي دوستلار، جاناندىن ئايرىلماق.
كېتىپسەن شاھى ئادىل نەزەرىدىن، ئەي نادان جاھىل،
كى لازىمدۇر، ماڭا ئەمدى ھەممەدىن ماسىۋا بولماق.
ھەمەنى تەرك ئېتىپ ، ئەي يار، ئۆزۈڭنى ماسىۋا ئەيلەپ،
كىشى دوست تۇتسا ئانى، بۇ تەئەللۇقدىن جۇدا بولماق.
رەۋادۇر ئول نىگارىڭ يولىدا، ئەي دوست، جان بەرسەڭ،
ئەزىز باشنى تىكىپ، يولىغا دائىم ئاشىنا بولماق.
ئەجەب چوڭ پادىشاھدۇر باش ئالۇرغە تىغى ئانىڭ تىز،
ئاڭا دوست بولغۇچىلار باشىدىن دائىم جۇدا بولماق.
ھەمىيشە شاھى ئادىل دوستىنىڭ باشىنى ئالغايلار،
بەلاسىغە قىلىپ سەبرى قەزاسىغە رىزا بولماق.
ئەمىن ھاجى ئۇشۇل شاھىڭ، ئەجەب چوڭ پادىشاھ ئىرمىش،
ئۇشۇنداق پادىشاھغە سەندە نې ھەد داد خا بولماق.

*                    *

بەرادەرلەر، ئىشق ئوتى ياماندۇر. يالغۇز ئىنساندىن ئاشىق چىقماپدۇر، چەررەندە، ئۇچار قۇشلار ئىچىدە ھەم ئاشىق بىناۋا قۇشلار بار. ئەقلى بار ئادەم شۇ قۇشلاردىن ئىبرەت ئېلىشى لازىمدۇر. قۇشلار ئىچىدە بۇلبۇل دېگەن جانۋار قىزىلگۇلغا ئاشىقدۇر. بۇلبۇل بىچارە تۈن كېچىلەردە قىزىلگۇل ئىشقىدە سايراپ نالە ـ ئەفغان قىلادۇر. ئول جانۋارنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھالى پەرىشان بولاردۇر. بۇلبۇل بىچارىغە ئاللاھ تەئالا نۇرى تەجەللىسىنى قىزىلگۇلدىن كۆرسەتىپدۇر. زاھىرى گۇل بولماغلىق بىلەن باتىنــــــى ھەقىقىيدۇر. جانۋارلار ئىچىندە بۇلبۇل، كاككۇك، ھوقۇش، قۇمرى، سۇفى، تورغاي، ئاق كەبۇتەر، چۇمچۇق، قالاغاچ، ھۇدھۇد، كەكلىـــــك، بۇدان، چوغۇندەك قاتارلـــــق جانۋارلارنىڭ ھەممىسى ئاشىقلاردۇر. بۇلارنى بىر ـ بىر بەيان قىلىپ ئۆتۈرمەن.

بەرادەرلەر، ئەجەب دىۋانى قۇشدۇر بىلسەڭىز بۇلبۇل،
ئۇشۇل بۇلبۇل ئېرۇر ئاشىق، ئانىڭكى مەئشۇقىدۇر گۇل.

قىزىلگۇل ئىشتىياقىدا بۇ بۇلبۇل باغرى قان ئېرمىش،
ئانىڭچۇن، دوستلار، بۇلبۇل بىلىڭ گويا زەبان ئەرمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قىزىلگۈل ئىشقىدا بۇلبۇل ئەجەب پارىيادىلار قىلمىش،
قىزىلگۈلغە ئەجەپ، ئەي دوستلار، ئاشىق ئىرۇر بۇلبۇل.

بۇ بۇلبۇل گۈلنىڭ ئىشقىدە ھەممىشە سايرىغاي ھارماي،
قىزىلگۈلنىڭ شاخىدە سايرىغاي، ھىچ يەرگە بۇ بارماي،
ھەممىشە نالە ئەيلەپ سايراغاي بۇلبۇل ئارام ئالماي،
قىزىلگۈل باشىدا، ئەي دوستلار، پەرۋانىدۇر بۇلبۇل.

بۇ گۈل بۇلبۇلغە باقماي بۇ غەرىبىغە كۆپ ئەلەم قىلدى،
كۆيۈپ گۈل ئىشقىدە بۇلبۇل مۇدام سايراپ پىغان قىلدى.
بۇ سايراپ تۈن - سەھەرلەر، ئاقىبەت باغرىنى قان قىلدى،
قىلىپ ئەرزىن خۇداغە زارۇ ئەفغان قىلدىلا بۇلبۇل.

جاننى بەردىلەر بۇلبۇل، قۇتۇلدى گۈلنى نازىدىن،
ئۆزىنى ئالدى باقىيغە يانا بۇلبۇل مەجازىيدىن،
يامانەۋر ئىشق ئوتى، ئەي دوستلار، دەۋزەخ ئەزابىدىن،
بۇ جاندىن كەچتى، دوستلار، گۈلنىڭ ئىشقىدا غەرىيب بۇلبۇل.

بۇ بۇلبۇل سايرىسا، ئەي دوستلار، باقماس ئىدىلەر گۈل،
ئەجەبمۇ نازى قاتتىغ، بەلكى زالىمدۇر، بىلىڭلار، گۈل.
كى سايرارغە باشىدا بۇلبۇلى يوق، قالدى يالغۇز گۈل،
جانىن بەردى ئازارلار يەپ قىزىلگۈلدىن غەرىيب بۇلبۇل.

باشىدىن بۇلبۇلى كەتتى، قىلدىلار بۇ گۈل پۇشەيمانلار،
پۇشەيمان ئەيلەبان دائىم، تۆكەر كۆزدىن قىزىل قانلار،
ئالىڭ ئىبرەت بۇ بۇلبۇلدىن، ئايا ئەي يارۇ يارانلار،
ھەقىقەتدە، يارانلار، ئاشىقى ھەقدۇر غەرىيب بۇلبۇل.

بۇ بۇلبۇل سايرابان دائىم، سەھەرلەردە نەۋا ئەيلەر،
كى ئايتىپ مىڭ بىر ئىسمىنى، خۇداغە ئىلتىجا ئەيلەر،
ئەمىن ھاجى يۈرەكىغە ئاتىپ ئوتنى، يارا ئەيلەر،
ھەقىيقەتدە خۇدانىڭ ئىشقىدە كۆيگەن ئىرۇر بۇلبۇل.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

## بەلسىنچى باب

# قارغىش ـ ئاداۋەت قايىنىغان زېمىن

## ئايدۇۋۆدلى ئەلى

(ئاپتورنىڭ «مەختۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى» ناملىق تارىخىي قىسسىسىدىن)

ھەي ساقىي، پەلەك جامىنى تولدۇرۇپ،
توختىماستىن مەي تۇتقىن. چۈنكى، مېنىڭ ئازار
يېگەن دىلىم بىردەم بولسىمۇ پەلەك زۇلمىدىن
ئارام تاپسۇن!

— «مەجەلىسۇن نەفائىس»

مىلادى 1533 ـ يىل (يىلان يىلى) 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، پەيشەنبە قولى باغلاقلىق مىرزاسەئىد مۇھەممەد دوغلات سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا باش ئېگىپ تەزىم قىلدى ۋە:

— ئادىللىق قىلىڭ شاھزادەم، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ تۇرۇپ، — مەن گۇناھكار ئەمەسمەن!

— گۇناھكار بولمىساڭ بىزنى بىر كېچە شەھەر سىرتىدا قويغان بولارمىدىڭ؟! — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قاتتىق غەزەپلىنىپ.

— مەن ئەقىلسىز بۇ ئىشنى خاتا قىلغان، شاھزادەم، — دەپ مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلات بىر ـ ئىككى قەدەم يېقىنلاپ، قولى كەينىگە باغلانغان پېتى تىز چۆكتى، — ئۇزۇمنىڭ خاتا قىلغانلىقىمنى بوينۇمغا ئالىمەن. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار: «بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە — ماھى زۇلھەججىنىڭ ئوتتۇزى بولۇپ قالدى. بۇ كۈندە ئۇلۇغلارنىڭ ئاستانىگە چۈشۈشى ئىنزگۈلۈكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىر كېچە شەھەر ھۇدۇدىدا توختاپ، ئەتە يېڭى يىلنىڭ باشلىنىش كۈندە — ماھى مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى كۈنى — پەيشەنبە كۈندە شەھەرگە قەدەم تەشرىپ قىلسا ھەم شۇ كۈنى تەخت ساھىبى بولسا ياخشى بولىدۇ!» دېيىشتى. مەنمۇ نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاپ باقمايلا، ماقۇل بولۇپتىمەن.

— ياق، سەن تىبەتتىكى ئىسكەندەر سۇلتانىنى تەخت ساھىبى قىلىش ئۈچۈن ۋەلىئەھد جانابىي ئاتىلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى قەستەنگە كەينىگە سوزدۇڭ! — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى رەددىيە بېرىپ.

— بۆھتان بۇ! — دەپ ۋارقىرىدى مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلات ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ. ئاندىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا قاراپ، — ئى شاھزادەم، كەلا مۇللانى بېرىڭ، قەسەم ئىچكەيمەن!

— كەلا مۇللانىمۇ خار قىلماقچى بۇ قەسەمخور! — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا، — ئى شەۋكەتلىك سۇلتان، ئەگەر بۇ ئەبلەخ كۆڭلىگە يامان خىيالنى

www.uyghurkitap.com



پۈكمىگەن بولسا، بۈزۈرۈكۋار پەدەرىڭىز، مەرھۇم ساھىبقىران سۇلتان سەئىدخان ئەنەرۇللاھۇ بۇرھانەھۇنى تىبەتكە غازات قىلىپ بېرىشقا سايە قىلماس ئىدى.

— يا ئەلھەزەر! يارەببى! خۇدايا خۇدا ۋەندە كېرىم، بەندەڭنى پاناھىڭدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن!

مىرزا ئەلى تاغايى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا بايىقىدەك مۇلايىم نەزىرى بىلەن قاراپ، كەمشۈك ئاغزىنى ساداقەتمەنلىك تەبەسسۇمى بىلەن ئاچتى:

— ئى پۇشتىپاناھ، سىزنىڭ جەننەت ماكان رەھمەتلىك پەدەرىڭىز ئۇل نەپرەتلىك مىرزاسەئىد مۇھەممەد دوغلاتنى ئەمىر كىبىر قىلىپ، پۈتكۈل سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ئۈچ لەك قوشۇنىغا سەردار قىلىپ قويغانىدى. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇ دەسمايىسىز پېقىر، ئىقتىدارسىز ھەقىر قارا موغۇل ئۆزىنىڭ يۇرتدارچىلىق دېگىنىدا سۇ ئۈزۈش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي، سەلتەنەت تۇۋرۇكىدىن ئىبارەت بۇ قۇلۋاقنى مۇھىت دېگىزىغا سالدى. نىھايەت، ئۇل نادان ھالاكەت گىردابىدا بېشىنىڭ قېيىشىنى ئويلىمىدى، شىددەتلىك سەلتەنەت دولقۇنلىرىنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى يادىغىمۇ كەلتۈرمىدى. تىبەت سەپىرىنىڭ مۇشەققەتلىكىنى بىلگەن تۇرۇقلۇق، ئۆزى قەشقەردە ئىسسىق بىر بۆلۈككە كىرىۋېلىپ، مەرھۇم ئاتىڭىزنى تىبەتكە غازات قىلىشقا قايتا - قايتا رىغبەتلەندۈردى. بۇ قانداق نائىنسابلىق!

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ياش قەلبى بۇ خەۋپلىك ئىغۋاغا قارشى غەزەپ تۇيغۇسى بىلەن تولۇۋاتاتتى. «ئالداش ئۈچۈن بالا ياخشى!» دەپ ئويلىدى مىرزا ئەلى تاغايى ئۈمىدلىك تۇيغۇ ئىلكىدە. سەئىدىيە خاندانى ئىچىدە ئىزچىل تۇردە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى تېرىپ، ئۈچمەنلىك مېۋىسىنى يېتىشتۇرۇپ كەلگەن بۇ «شەيتانلار ئانىسى» ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى جان - دىلى بىلەن مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنىڭ ئۈستىگە ئاغدۇرۇپ، ياش شاھزادە سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى بۇنىڭغا ئىشەندۇرۇشكە پۈتۈن كۈچىنى سەرىپ قىلماقتا ئىدى. بۇ ئىغۋادا مىرزا ئەلى تاغايى يالغۇز ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە! ئەمىر بەگلەرنىڭ كۆپچىلىكى پەيدىنپەي ئۇنىڭغا مايىل بولماقتا ۋە سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاقىتسىز ۋاپات بولۇشىدا مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنى ئەيىبلەپ، دەپ تونۇشماقتا ئىدى!

— تىلدىن تۇتۇلدى، جازاسىنى بېرىش كېرەك! — دەپ ھەسەن دىۋانبېگى ناملىق ئىچى يامان، چوقۇر بىر كىشى مىرزائەلىتاغايىنى قوللىدى.

— بەلكى جازالاشقا ئالدىرىماسلىق لازىمدۇر؟ — دېدى باياتىن بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ ئويچان ئولتۇرغان ئۇستاز خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئىشان، — مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن تەركە قىلساقمۇ ئۈلگۈرەلەيمىزغۇ؟

— ئارتۇقچە تەركە قىلىشقا ۋاقىت نەدە؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئۇنىڭ سۆزىگە خوجا شەھ مۇھەممەت دېگەن يەنە بىر ئەمىر، — مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ نائىنسابلىقىغا مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ ۋەسىيەتنامىسى گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتۇ. غازات مەزگىلىدە سەلتەنەتكە قول ئۇزاتقان قارا نىيەتلەرگە رەھىم قىلماسلىق ھەققىدە بىزدە قەدىم ئەييامدىن تارتىپ ياساق بارغۇ؟

— شۇنداق، باشقا قارا نىيەتلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا ياساققا يەتكۈزمەي بولمايدۇ! — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى. ئۇنىڭ «ياساققا يەتكۈزمەي بولمايدۇ» دېگىنى خالايىق ئالدىدا كالللىسىنى ئېلىش دېگەنلىك ئىدى.

مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنىڭ يۈزىگە ئەجەل شەپىسى سايە چۈشۈرۈپ ئۆتكەندەك

بىر ئەندىكتى ـ دە، تىزلىنىپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭدىن يىغلاپ تۇرۇپ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى:

— شاھزادەم، رەھىم قىلىڭ، مەن قارا نىيەت ئەمەسمەن! مەن بۇزۇرۇكۋار باباڭىز، جەننەت ماكان مەرھۇم خانلار سۇلتان يۇنۇسخان، سۇلتان ئەھمەدخان ۋە سۇلتان سەئىدخان قاتارلىق ئۈچ ئەۋلاد خانغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغانمەن. مەن ئوردىدىكى ئىغىۋاگەرلەرنىڭ قۇربانىمەن! مەن مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاننىڭ مۇددىئاسىغا بىنائەن قەشقەردە نائىب بولۇپ قالغانمەن! قانداقلا بولمىسۇن، مەن سىزگە بوۋا نەسەبىدىكى قېرى بىر ئادەممەن. مېنىڭ ئەللىك يىلنىڭ مابەينىدە سەئىدىيلەر خانىدانىغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەنلىكىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىسىڭىزمۇ، ئاقارغان مۇنۇ ئاپئاق ساقىلىمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىڭ، نائۇمىد قىلماڭ، شاھزادەم!

مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنىڭ يوغان گەۋدىسى سىلكىنىپ، ھۆركىرەپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ قولى باغلاقلىق بولغانلىقتىن، يۈزىنى يوشۇرالمايتتى. يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى ئاپئاق ساقىلىغا تامچىلاپ ئېقىپ ھۆل قىلاتتى.

شۇنداق ياشانغان ئادەمنىڭ بۇنچىلىك زارلىنىپ يىغلىغىنىنى كۆرمىگەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قەلبىنى كۆپۈرۈپ تۇرغان غەزەپنى بىردىن باستى ـ دە، كەينىگە قاراپ تۇرۇۋالدى. بىراق، بۇ چاغدا مىرزا ئەلى سەئىد كۆكەلداش دېگەن يەنە بىر دوغلات ئەمىرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە:

— ئى شاھزادەم، بۇ ئادەمگە رەھىم ـ شەپقەتلىرىڭىزنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىۋەتكەيسىز، — دەپ ئۇنى تىلىدى، — پۇشتىپاناھىمىزنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپات قىلىپ كېتىشىدە ئەمىر كىبىر جانابلىرى ئەيىبلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ پۈتۈن خاندانى سەئىدىيلەر سەلتەنەتى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قان ـ تەر ئاققۇزدى. شۇڭا، ئۇنى ياساققا يەتكۈزسىڭىز ئۇۋال قىلغان بولمامسىز؟...

ئەمىر مىرزا ئەلى سەئىد كۆكەلداشنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەي تۇراتتى. مىرزا ئەلى تاغايى قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ تاشلىدى:

— سىز ھۆرمەتلىك زاتى ئالىيلىرىنى زالىم دېمەكچىمۇ؟ مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنىڭ ئوردىدا ئۈچىغا چىققان مۇستەبىت ھوقۇقدار ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ سەلتەنەت ئۈدۈمى بويىچە، تاجدارلارغا خاتا ئەقىل كۆرسەتكەنلەرنىڭ جىنايىتى ھەرگىز كەچۈرۈلمەيدىغان ئون چوڭ جىنايەت قاتارىغا كىرىدۇ... ئىبرەت ئۈچۈن مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلاتنى ياساققا يەتكۈزۈشتىن باشقا چارە يوق!...

— ئادالەت! شاھزادەم ئادالەتلىك قىلىڭ! مەن مەرھۇم ئاتىڭىزنىڭ تاغىسى، سادىق ئەمىرلىرىدىنمەن. سىز تېخى ياش، مىرزا ئەلى تاغايىنى تېخى بىلمەيسىز. ئۇ ئۆزىنىڭ مەككارلىقىدىن ئوردىدا «شەيتانلار ئانىسى» دەپ نام ئالغان. ئۇنىڭ مېنىڭدە ئۆچى بار، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەڭ! مېنى ئەل ـ ئۇلۇس بىلىدۇ! پۇقرالار بىلىدۇ! — دېدى مىرزاسەئىد مۇھەممەد دوغلات ئەلەم بىلەن زار ـ زار قاقشاپ.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، ۋەلىئەھد جانابىي ئالىيلىرى، بۇ مىرزا سەئىدنىڭ قارا نىيەتلىكلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنى قولى بىلەن جۇنۇپ تۇرۇپ.

بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇ گەپ ـ سۆزلەر سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ خىياللىرىنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ قولى بىلەن يانچۇقىدىكى بىر پارچە قەغەزنى ـ مەرھۇم ئاتىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ مۆھۈرى بېسىلغان «ۋەسىيەتنامە» سىنى

توختىماستىن مىجىقلايتتى. ۋۇجۇدىنى ياندۇرۇۋاتقان غەزەپ ئوتى يېڭى بىر كۈچ بىلەن تېخىمۇ لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنىڭ ئەلەملىك نىداسى گويا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئاخىر، ئۇ يانچۇقىدىكى ھېلىقى پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەزنى چىقىرىپ ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەدكە سۇندى ۋە ئۇنىڭغا: «بۇنى رەئىيەتكە ئوقۇپ بېرىڭ!» دەپ ئەمىر قىلدى.

مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاننىڭ، ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا يازغان بۇ «ۋەسىيەتنامە» سىدە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

«... تەڭرىم دۇنيانىڭ ئەھۋالاتلىرىنى ھەمىشەم بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ خوجىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى، بۇ مۇلكى قەشقەرىيە ئاسمىنىدا يېنىپ تۇرغان مەشئەلدۇر. ئېتىقادلىق ۋە دىيانەتلىك شاھۇ سۇلتانلاردا، بۇ دۆلەت ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ، راۋاجى، پۇقرالارنىڭ ئاسايىشلىقىدىن باشقا نىيەت ۋە مەقسەت يوق. لېكىن، ياخشىلىق بار جايدا يامانلىقمۇ تەييار، نەپ بار يەردە زىيانمۇ ئۇنىڭغا ياردۇر. گۈل تىكەنسىز بولمىغىنىدەك، ھەسەلمۇ ھەرىسىز بولماس. ھەر قانداق بىر مەخلۇقتا ياخشى خىسلەتلەر بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇ يامان ۋە قاباھەتلىك پېئىللارغىمۇ دۇچار بولىدۇ. ھۆسنى گۈزەللىك بىلەن قەبىھ سەتلىك بىر - بىرىدىن زادى بولمىغان قوشكېزەكتۇر. بۇ دۇنيا بىر قېرى مومايدۇر. ئەمما، ئۇ ئۆزىنى گۈزەل جۇۋاندەك ساھىبجامال كۆرسىتىپ، ھەر كۈنى بىر ئەرنىڭ بويىنىغا قول ئۇزارتىپ قۇچىقىغا ئالىدۇ ۋە ھەر بىر كېچىدە دىلىنى بىر ئەرنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە بېغىشلاپ ئۇلپەت بولالايدۇ. شۇنداقلا بۇ دۇنيا ئۆزىنىڭ سائادەت سەلتەنەت شادىيانىلىرىنى ھەر زامان باشقا بىر يەردە ئۇرىدۇ. سەلتەنەت خۇتبىسىنى بولسا ھەر جۇمە بىر ئادەمنىڭ ئىسىم - ناملىرىغا ئوقۇيدۇ. بۇ دەھرىي ئالەم ۋەبى نىزام دۇنيا ئۆزىنىڭ بەش كۈنلۈك نۆۋىتىنى ھەر بىر ئېھتىرام ئىگىلىرىگە ئەنە شۇنداق كۆرسىتىپ كەلگەن.

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، مەن تىبەتكە بېرىپ غازات قىلىش ئويىدا ئەمەس ئىدىم. تىبەتكە غازاتقا بېرىشنى ماڭا سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەرلەر سايە قىلدى. ۋەللەھەمكى، مېنىڭ ھاياتىمنى يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغۇچىلارمۇ ھەم شۇلاردۇر. پەرزەنتىم ئابدۇرەشىدقا ۋەسىيەت قىلۇرمەنكى، ئەگەر ئۇلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرمىسىڭىز، مەن سىزدىن ھەرگىز رازى ئەمەسىدۇرمەن. ئۇلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش مېنىڭ خۇن قەرزىمنى ئالغانلىقتۇر. ئۇلار ھاياتلا بولىدىكەن، سىز مەڭگۈ سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ تەخت ساھىبى بولالمايسىز! ئۇممەتلىرىگە چەكسىز مېھرىبان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئەت نۇرلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ يىراقلارغا تارقىلىشىنى مەقسەت قىلىپ، ئىسلام شەرىئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەمىشە مەشغۇل بولغايسىز. چۈنكى، بۇ نۇرنىڭ روناق تېپىشىنىڭ خاسىيىتى ۋە نەتىجىسى، پۇقرالارنىڭ ئاسايىشلىقىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك. بۇ بەش كۈنلۈك ئالەم ئۆتۈپ كېتىدۇ. قىيامەت كۈنى مۇشەققەتلىكتۇر. ئۈستىڭىزگە تاپشۇرۇلغان مەجبۇرىيەتنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئاخىرەتلىكىڭىز ئۈچۈن تىرىشقايسىز، نامە تامام، تارىخي ھىجرىيىنىڭ 939 - سەنەسى، ماھى زۇلھەججىنىڭ ئون ئالتىسى. دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە كېتىۋېتىپ يولدا ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىلدى. مەنكى سۇلتان سەئىدبىن سۇلتان ئەھمەدخان بىن سۇلتان يۇنۇسخان بىن شىر ئەلى خان بىن مۇھەممەدخان

www.uyghurkitap.com

بىن خىزىر خوجا خان بىن تۇغلۇق تۆمۈرخان كۆز مۆھۆرۈمنى باستىم.»①

مەرھۇم خان سۇلتان سەئىدخاننىڭ «ۋەسىيەتنامە» سىنى ئاڭلاپ غەزىپى ئۆرلىگەن بەگ - ئەمىرلەر ئەمدى مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى يەنىمۇ قاتتىق تۇرۇپ تەلەپ قىلىشتى.

— بۇ تۆزكورنى زادى ياساققا يەتكۈزمىگۈچە، جەننەت ماكان مەرھۇم خاننىڭ كۆزى ھەرگىز يۇمۇلمايدۇ!

— ئىبرەت ئۈچۈن بولسىمۇ، بۇ ئىغۋاگەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىش زۆرۈر!

— زادى ياساققا يەتكۈزمەي بولمايدۇ!

— ياساق!

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆز ئالدىدىن مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنىڭ ئاپئاق ساقىلىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان كۆز ياشلىرى كەتمەيتتى. قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئۇنىڭ ئەلەم بىلەن زارلانغان ئاۋازلىرى جاراڭلاپ تۇراتتى. ھازىر سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بىر ئېغىز سۆزى بىلەن بۇ تىرىك ئادەم دەرھال جانسىز مۇردىغا ئايلىنىشى كېرەك. ئۇنى دەرھال ياساققا يەتكۈزۈش كېرەك، دەپ ۋارقىرىشىۋاتقان بەگلىرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ پەرمان بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشماقتا.

بەلكىم بۇ بەگلەر سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى يوشۇرۇشۋاتقاندۇ؟ بەلكىم ئاتىسى سۇلتان سەئىدخان جان ئۈزۈۋاتقاندا ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشقان مۇشۇ بەگلەر ئۇنى سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈشكەندۇ؟ بەلكى، ئەتە - ئۆگۈن خۇددى ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشكەندەك ئۇنىڭمۇ ياش جېنىغا قەست قىلىشىدىغاندۇ ياكى بولمىسا، ئوردىدا چوڭ ھوقۇق ئىگىلىگەن بۇ مۇستەبىت دوغلات ئەمىرگە ئوخشاش ئۆزىنىمۇ قورچاق سۈپىتىدە بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مەملىكەتنى ئۆزىچە سورىشامدىكىن؟...

بىردىنلا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بىغەم يۈرگەن ۋاقىتلىرى يادىغا كەلدى. ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا كۆكەلداشلىرى بىلەن بىللە ئات چاپتۇرۇپ، چەۋگان ئويناپ، ساداقلىرىدىن ئۈزۈلگەن ئوقلىرى بىلەن يۈز قەدەم ئارىلىقتا تەڭگىلەرنى سوقۇپ يۈرۈشمىگەنمىدى؟ ناھايىتى ئاردىن بىرنەچچە يىل ئۆتتىغۇ؟ تېخى بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئاشۇ غەمسىز ياشلىق ھاياتى خۇددى بىغۇبار كۆك ئاسماندەك سۈزۈك ۋە ساپ ئەمەسمىدى؟ ئەلھال، بۈگۈن چۈشتە ئۇنىڭ سۈزۈك ياشلىق ئاسمىنى قارا بۇلۇتتەك قاپلىۋالغان بۇ سىرلىق تۇمانلار نەدىن پەيدا بولدى؟ «ياساق!» دەپ غەزەپلىك چۇقان سېلىشىۋاتقان بۇ بەگلەر ئاشۇ سىرلىق تۇمان ئەمەسمىكىن؟ ئۇنى چىرماپ، بېشىنى قايدۇرۇۋاتقان دەھشەتلىك قارا قويۇن ئاشۇ سىرلىق تۇمان ئاستىدىن چىقمايۋاتقانلىقىغا كىم ھۆددە قىلالىسۇن؟

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھەقىقەتەن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى. مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلات ئۈچ ۋىلايەت پادىشاھىغا ئەركان بولغان ئۇم دەۋرانىنىڭ مۆتىۋىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەئىدىيە سەلتەنەتىدە خاندىن كېيىن قالسىلا ئەڭ ھوقۇقلۇق ئۇلۇسبېگى ئىدى. سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ خىل قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن سىرتتا تۇرۇۋاتقان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى ئىدى. ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا ئۇلار توغرىسىدا: «تاغا - جىيەن ئىككىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى نەزەر بەند قىلىپ قويۇپ، ئىسكەندەر سۇلتاننى سەئىدىيە تەختىگە

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى يازغان «تارىخى رەشىدى» (قوليازما)گە قارالسۇن.

چىقارماقچى بولۇۋېتىپتۇ!»، دېگەن مىش ـ مىش پاراڭ كەڭ تارقالغانــــدى. خۇددى «ۋەسىيەتنامە» دە ئېيتىلغىنىدەك: «ئۇلارلا بولىدىكەن» سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سەئىدىيە مەملىكىتىگە ھەرگىزمۇ «تەخت ساھىبى» بولالمايتتى. «ۋەسىيەتنامە» نىڭ قانچىلىكــى راست، قانچىلىكى يالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەھۋال ئەنە شۇنداق ئىدى. چۈنكى، ياش تەخت ۋارىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىدا يا نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئۇرۇدىنى چاڭگىللىغا ئېلىۋېلىپ كېلىۋاتقان بۇ دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ كۈچىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيەتتىكى خان بولۇش يا بولمىسا، داۋاملىق دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ قورچىقى بولۇشتىن باشقا يول قالمىغانىدى. بىراق، قورچاق بولغاندا، بۇ ھوقۇقلۇق دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قالسا، قاچانلا بولمىسۇن تەختتىن تارتىپ چۈشۈرۈلۈشى، ھەتتا ئۆلتۈرۈلۈشى، ئورنىغا باشقىسى خان قىلىپ تەختكە چىقىرىلىشى مۇمكىن ئىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كىچىكىدىنلا كۆپ رىيازەت چەككەن، ياخشى تەربىيە كۆرگەن، كۆپ ئۇرۇشلاردا چېنىققان، ئىككى قېتىم نائىپ بولۇپ ھاكىمىيەتچىلىك تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولغان تالانتلىق، شىجائەتتى ئۇرغۇپ تۇرغان، كەسكىن، ياش بىر شاھزادە ئىدى. ئۇ سەئىدىيە سەلتەنەتىدىكى ھەرقايسى قەبىلە ئەمىرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن، بولۇپمۇ دوغلات جەمەتىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلىتىش ۋە دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ كۈچىنى يوقىتىــــش، سەئىدىيە خاندانىنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىش، ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قارارىغا كەلدى[1] ۋە:

— مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلات بىلەن مىرزا ئەلى سەئىد كۆكەلداش، بۇ ئىككى ناكەس دەرھال ياساقا يەتكۈزۈلۈپ، كاللىسى ئېلىنسۇن، ئۇلارنىڭ خانۇمانى مۇسادىرە قىلىنسۇن! — دەپ پەرمان بەردى.

شاھىنشاھنىڭ ئىشىكى سىرتىدا قېتىپ تۇرۇشقان ئايپالتىلىق تۆت جاللات، ئەمىر مىرزا سەئىدمۇھەممە دوغلات بىلەن ئەمىر مىرزا ئەلى سەئىد كۆكەلداشنى ئىككى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ـ دە، ئىتتىرىپ ئىشىكتىن ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بۇ ئىككىسى:

— بىز بىگۇناھدۇرمىز! — دەپ ۋارقىراشتى، — ناھەق تۆكۈلگەن قېنىمىزنىڭ قىساسى تۇتسۇن سەن تۈز كورلارنى! ئىلاھا پـاك پـەرۋەردىگارا، ئەگەر بىزنىڭ قىلغان تائەت ـ ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ۋە كۆزىمىزدىن ئاققان ياشلىرىمىزنىڭ سېنىڭ دەرگاھىڭدا قۇربى بولىدىغان بولسا، بۇ تۈز كورلارنى ھەم ئاشۇ تۈز كور ئابدۇرەشىدنىمۇ تەختى ـ بەختى بىلەن تەڭلا گۇمران قىلغايسەن!...

— ئالۇدەئى گەردى زى پەئى سەيدكى گەشتى، غەرقى ئەرەقى —بەردىلى گەرمكى گۈزەشتى![2]— دەپ پارسچە نەزمە ئوقۇدى مىرزا ئەلى تاغايى سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، ئاندىن جاللاتلارغا قولىنى سىلكىدى:

— بەس، ئېلىپ چىقىڭلار!

ئەمىر مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلات بىلەن ئەمىرى مىرزا ئەلى سەئىد كۆكەلداش ئىككىسىنىڭ چاھار سۇدا كاللىسى ئېلىندى. بۇگۈنكى كۈن ئوچۇق، تىنىق كۆك ئاسمان

---

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگانى يازغان: «تارىخى رەشىدى» (قولىيازما) گە قاراڭسۇن
② ئوۋ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈڭ چاڭ ـ توزانغا بولغاندىڭ، ھارارەتلىك قەلب ئارقىسىدىن يۈگۈردۈڭ تەرگە چۆمۈلدۈڭ!
ـ مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا.

تولىمۇ غۇبارسىز ئىدى.

مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلات كۆك ئاسمان بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىۋېلىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈردى.

— ئەپسۇس! بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ نىدا قىلدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — نېمە ئۈچۈن بۇ كائىنات، بۇ تەبىئەت، بۇ زېمىن ۋە بۇ كۆك ئاسمان بۇنداق ساپ، پاك، بىغۇباردۇر؟ نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ساپ، پاك، بىغۇبار كەڭ كائىناتتا، مۇشۇ تەبىئەتتە، مۇشۇ زېمىندا ۋە مۇشۇ كۆك ئاسماننىڭ ئاستىدا ياشايدىغان ئادەملەر مۇشۇنداق ناپاك، كۆڭلى قارا، سەممىيەتسىزدۇر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار شان - شۆھرەت، مۇئاش - دەرىجە، تاجۇ تەخت دەپ بۇ ،الغان دۇنيادا بىر - بىرىگە شۇنچىۋالا ئورا قېزىشىدىغاندۇ؟! ئۇلار بۇ يالغان دۇنيادا ئوينىغان خىلمۇ خىل ئويۇندا خۇددى شاھمات تاختىسىدىكى لەشكەر ۋە پىيادىلەرگە ئوخشاش بىر تەرتىپتە جايلىشىپ، ئاندىن تۈرلۈك يوللار بىلەن بىر - بىرىگە ھوجۇم قىلىشىدىغانلىقىنى، بۇ ھۇجۇمنىڭ خۇددى رۇم پادىشاھى بىلەن زەنگىلەر پادىشاھى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلىشمەمدىكىنا؟ ئەمما، بۇ ئادەملەر شۇنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشمىسۇنكى، بۇ يالغان دۇنيادىكى ئويۇن تۈگەپ بارلىق ئۇرۇقلار ساندۇققا سېلىنغاندىن كېيىن ھەممىسى ئارىلىشىپ كېتىدۇ! پادىشاھ، لەشكەر ئارىلاش ياتىدۇ، ئالاھىدە بىلەن ئاددىي باباراۋەر بولىدۇ. چۇمۇلىلەرگە شىر ئوزۇق بولىدۇ. پاشىلار پىل ئوۋلايدۇ. كەئبە بىلەن بۇتخانا بىر بولۇپ كېتىدۇ…

جاللاتنىڭ قولىدىكى قىلىچ ئۇنىڭ بويىنىغا چۈشكەندە، ئۇ خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئېلىپ كەتتى…

خەلقىمىز ئىچىدە: «قۇش يېتىلىپ تورغا چۈشەر، ئادەم يېتىلىپ قولغا چۈشەر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا، ئۇلۇغلار: «ئارىدا پىتنە ئېقىنى ئاقسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاداۋەت كېمىسى ئۈزىدۇ. ئارىلىقنى پىتنە - پاسات تېغى كېسىپ تاشلىسا، ئۆچمەنلىك تېغى ئۆتكۈرلىشىدۇ: بۇ بەش كۈنلۈك ئالەمنىڭ راھىتى چاقماقنىڭ روشەنلىكىدەك قىسقا، مېھنىتى بولسا، بۇلۇتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدەك ئۇزۇن، ئۇنىڭ نېمىتىگە شاد، ئەلىمىگە خاپا بولغۇچىلىكى يوق!» دېگەنىدى.

بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ نەچچە يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى، نادىر نازىملەر يىغىلغان بىر مەجلىستە بىرەيلەن ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتە يازغان مۇنداق بىر نەزمىسىنى دوستلىرىغا ئوقۇپ بەردى:

قارا تۇپراققا ئايلاندى قۇدرەتلىك خانلار،
نەئىسكەندەر، نە فىرئۇن، نەچىڭگىز قالدى.
دال بولمىدى ئەجەلگە ھوقۇق، تاج - دۆلەت،
دېيەلمىدى ھېچبىرسى: مۇلكىمىز قالدى!

تالاي شارابلار ئىچىلدى، قانلار تۆكۈلدى،
يەر شارىدا يەنە قان، مەي، قىلىچ قالدى.
غابىل بولما ئەي دوستۇم قىسقا ئۆمرۈڭگە،
بۇ دۇنيادا نە ئۇلۇغ، نە ئەزىز قالدى.

تالاي ئىنسان قېرىدى، ئالەم، ئىز قالدى.
كۆر مىڭ تاغلار پەسلىدى، كۆك ئېگىز قالدى.
ئابى ھايات ئىچ دېدى كىشىلەر ئەمما،
ئەجەل كۆرمەي نە ئۇرۇق، نە سېمىز قالدى.
...

ھۆرمەتلىك كىتابخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنى نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇدى؟ بۇنى بىلىش ئۈچۈن، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كورگانى يازغان «تارىخى رەشىدىي» دېگەن كىتابتا سۆزلەنگىنى بويىچە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتىمىز.

سۇلتان سەئىدخان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بىلەن ئىسكەندەر سۇلتاننى بالتىستان بىلەن كەشمىرنى ئىستېلا قىلىشقا ماڭدۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى ئاساسلىق غول قوشۇننى باشلاپ كىرىيە يولى ئارقىلىق تىبەتكە يۈرۈش قىلماقچى بولدى.①بۇ دەل سەراتان ئايلىرى بولغاچقا، سۇلتان سەئىدخان قوشۇن بىلەن كىرىيە تاغلىرىدا بىر ئايدەك تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا تىبەتنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان يول باشلىغۇچى خانغا: «ھازىر تىبەتكە يۈرۈش قىلساق بەك كېچىككەن بولىمىز. قار چۈشۈپ كەتسە، پۈتۈن دەريالار مۇز تۇتۇپ كېتىپ چوڭ قوشۇننىڭ ئىچىدىغان سۈيى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. تىبەت تاغلىرىدا يېقىلغۇ قىلغۇدەك ئوتۇن يوق، ئات ـ ئۇلاغلار ئىچىدىغان سۈنى ئېرىتكىلى بولمايدۇ. تىبەت دالاسىدا ئۇۋلاپ تۇتۇپ يېگۈدەك توپازلارمۇ كۆپ ئەمەس. بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى، بەزى ھۆكۈمدارلار تىبەتكە نەچچە قېتىم يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسىدە قىش پەسلىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولغانىدى ...» دېدى.

خان ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ـــ ئۇنداق بولسا، بۇ يولدا ماڭغىلى بولمىغۇدەك، ـــ دېدى، ـــ بىراق، بۇ قېتىمقى غازاتتىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز لازىم. بولمىسا، ئاللاھنىڭ مەرھەممىتىــــدىن مەھرۇم قالۇرمىز. ئەلھال، بۇ يول بىلەن ماڭغىلى بولمىسا، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرلەر ماڭغان يول بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيلى، تىبەت بۇتپەرەستلىرىنىڭ ئۈستىدىن قىلىدىغان غازىتىمىزنى چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىرايلى! ئۇ چوڭ قوشۇنغا كىرىيىدىن كەينىگە قايتىپ، مىرزامۇھەممەد ھەيدەر قوشۇنى ماڭغان سانجۇ يولــى بىــلەن نوبرا②غا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئەمر قىلدى.

بىراق، نوبرا يولى تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي، مۇشەققەتلىك ۋە خەتەرلىك بولۇپ، ئېگىز، ھاۋاسى شالاڭ قاراڭغۇ تاغ ئېغىزىدىن③ئۆتەتتــى. چوڭ قوشۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ قاراڭغۇ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەندە، سۇلتان سەئىدخاننى تۇتەك ئېلىپ قويدى. ئۇ دېمى سىقىلىشقا ئۇچراپ، تەن ـ سالامەتلىكىگە ئېغىر تەسىر يەتتى. خاننىڭ ئاتاقلىق ئوردا تېۋىپلىرىدىن نۇرىددىن ئابدۇۋايىت زوھۇرى قازى بىلەن شەمشــــەددىن ئەلىيلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ جىددىي داۋالىشى بىلەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ كېسىلى بىر ئاز ياخشىلانغانلىقتىن، خان ھەربىي يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇشقا پەرمان بەردى. چوڭ قوشۇن نوبرا دەرياسى بويىدىكى مار يول دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خاننىڭ دېمى

① بۇ ھەقتە مۇشۇ كىتابتىكى تۆتىنچى بابقا قارالسۇن.
② نوبرا يولى ـ ھازىرقى قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزى ئارقىلىق جەنۇبتىكى كەشمىرگە بارغىلى بولىدىغان قەدىمكى بىر يول. بۇ يول بىلەن مېڭىپ لاداققا بېرىشتا، بىرىنچى ئۆتەڭ نوبرا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.
③ ھازىرقى قارا قۇرۇم تاغ ئېغىزىنىڭ قەدىمكى نامى.

سىقىلىش كېسىلى ئۆكۈشلەپ كەتتى. قوشۇن بۇ يەردە توختىماي داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، نوبرا جىلغىسىدىكى لاداخقا يېتىپ كەلدى. لاداخنىڭ گورنى تۆۋەن بولغاچقا، سۇلتان سەئىدخاننىڭ تەن سالامەتلىكى تېز ئەسلىگە كەلدى. ئۇ لاداختا ئۆزى بىلەن ھەربىي يۈرۈشكە قاتناشقان بارلىق ئەمىر - بەگلەرنى يىغىپ جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، تۇرشاۋۇل قوشۇننىڭ سەركەردىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرگە چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئۇنى قارارگاھقا چاقىرتتى. بۇ چاغدا مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كەشمىر ئالدىنقى سېپىدە سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ كەشمىر سۇلتانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىغا قوماندانلىق قىلىۋاتقانىدى. ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا دەرھال لاداختا - خاننىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ خان چېدىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، سۇلتان سەئىدخان ئالاھىدە خان چېدىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ئۇلار ئۆزئارا تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، خان:

— ئى سەركەردەم، مەن ئەركانى دۆلەت ۋە ئەھلى پەرزەندلىرىم ئىچىدە سىزنى ھەممىدىن بەك سېغىندىم، — دېدى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، — ئىنشائاللا، تەڭرىم ئىككىمىزنى دىدارلىشىشقا نېسىپ قىلىپتۇ.

بۇ چاغدا، سۇلتان سەئىدخاننىڭ دەم سىقىلىش كېسىلى پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

كېڭەشتە، خان ھەممىدىن ئاۋۋال مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئورنىدىن تۇرۇپ تەۋەززۇلۇق بىلەن سۇلتان سەئىدخانغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، تىبەتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى، ئىقتىسادىي، ھەربىي كۈچىنى بىر باشتىن تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئاندىن خانغا:

— قۇللىرى ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، — دېدى ئۇ، — بۇ يەردە بىرەر مىڭ ئادەم قىشلايدىغان ئەپلىك جاينى تاپقىلى بولمايدىكەن. شۇڭا، چوڭ قوشۇننى كەشمىرگە ئاپىرىپ قىشلاتماقتىن باشقا ئامال يوق. ئىراق، كەشمىرگە بېرىش ئۈچۈن بىرنەچچە ئېگىز تاغدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. خاننىڭ مۇبارەك تېنى بۇنداق ئېگىز تاغلاردىن ئۆتۈشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، خان مىڭ ئادەم بىلەن بالتىستان تەرەپكە ھۇجۇم قىلسا چۇنكى، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئېگىز تاغلاردىن ئېشىش ھاجەت ئەمەس. مەنكى قۇللىرى قالغان تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن كەشمىردە قىشلاي. قالغان ئىشلارنى خۇدا خالىسا، كېلەريىلى ئەتىيازدا بىر نېمە دېسەك. مۇۋاپىقمۇ، — يوق، ھەزرىتى پۈشتىپاناھىمنىڭ ھۆكۈم قىلىچى بىلەن كېسىشىنى كۈتىمەن!

سۇلتان سەئىدخان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، مۇشۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، قەتئىي ئىرادىگە كەلدى:

— ھۆرمەتلىك ئەمىرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، تىبەتتە چوڭ قوشۇن قىشلىغىدەك مۇۋاپىق يەر يوق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇڭا، پەرمانىمىز شۇكى، — دېدى ئۇ ئەمىر - ئۆمەرا، بەگۇ - بىگاتلارغا تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، - بىز باشلاپ كەلگەن بەش مىڭ لەشكەردىن ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرى تۆت مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ ھازىرنىڭ ئۆزىدە كەشمىرگە يۈرۈش قىلسۇن. بىز ئەمىر سەئىد ئەلى كۆكەلداش، ئەمىر شاھ مۇھەممەد بارلاس، ئەمىر مىرزا ئەلى تاغايى، ئەمىر دايىم ئەلى دوغلات، بابا سالىخ مىرزا قاتارلىق باشقا ئەمىر - ئۆمەرالار بىلەن قالغان مىڭ لەشكەرنى باشلاپ بالتىستانغا يۈرۈش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلغايمىز!

بۇ چاغدا ئەمىر ـ ئۆمەرا، بەگۇ ـ بىگاتلارنىڭ:

ـــ ئەمىرىڭىزگە پەرمان بەردارمىز ھەزرىتى پۇشتىپاناھ! ـ دېگەن قۇللۇق سادالىرى پۈتۈن چېدىرنى چاڭ كەلتۈردى: . .

مىلادى 1532-يىلى 10-ئاينىڭ ئاخىرلىرى. سۇلتان سەئىدخان باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك سەئىدىيە قوشۇنى بالتىستاننىڭ مەركىزى ئاشكار قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى. بالتىستان ئەمىرى بەھرام ئاشكار ئانچە كۆپ قارشىلىق كۆرسەتمەستىنلا تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن بالتىستاننى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشمۇ ئاياغلاشتى.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر سۇلتان سەئىد خاننىڭ پەرماننى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن تۆت مىڭ كىشلىك سەئىدىيە قوشۇننى باشلاپ تېز يۈرۈش قىلىپ بىر ھۇجۇم بىلەن كەشمىر سۇلتانلىقىنىڭ قوشۇننى تارمار كەلتۈردى ۋە كەشمىرنىڭ پايتەختى سىرىناگانى ئىشغال قىلدى.

1533-يىلى ئەتىيازدا، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بىلەن كەشمىر سۇلتانى ئوتتۇرىسىدا سۈلھ تۈزۈلۈپ، كەشمىر مەملىكىتى سەئىدىيە دۆلىتىگە تەۋەلىك بىلدۈردى: كەشمىر سۇلتانى مۇھەممەد شاھ سۇلتان سەئىدىيە خاننىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇشقا، سۇلتان سەئىد خاننىڭ نامى بىلەن پۇل قويدۇرۇشقا ۋە سەئىدىيە دۆلىتىگە باج-سېلىق تاپشۇرۇشقا ماقۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ قارامىلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. . .

سۇلتان سەئىد خاننىڭ خان چېدىرى مار يول قەلئەسىنىڭ ئېشىدىكى كەڭ توقايلىققا تىكىلگەنىدى. ھازىر بۇ يەردە كەشمىرنى ئىستېلا قىلىغان سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ زەپەر قۇچۇپ غەلىبە بىلەن قايتقانلىقىنى تەبرىكلەپ داغدۇغىلىق كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانىدى.

لەشكەر باشلىقلىرى، تۈمە بېشى ۋە ھەزار سەركەردىلىرى ۋە سەئىدىيە دۆلىتىگە قارام كەشمىر سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى مۇھەممەدشاھ ئۆزىنىڭ مەھرەملىرى بىلەن بىللە خاننىڭ پەرمانىغا بىنائەن چېدىرغا ئارقا ـ ئارقىدىن تىزىلىپ كىرىپ كېلىشتى ۋە سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ساراي رەسىم ـ قائىدىسى بويىچە ئۆز تەبىقە ـ دەرىجىلىرىگە قاراپ سۇلتان سەئىد خاننىڭ ئالتۇن تەختىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئورۇن ئېلىشتى.

كەشمىر ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىدىنى تولىمۇ سۆيۈنگەن سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنىڭ خان چېدىرى ئىچىدە ئالاھىدە كاتتا داستىخان تەييارلاتقۇزۇپ، ھەربىي، مۈلكىي باشلىقلارغا زىياپەت بەردى.

ئۇ ئۈستى ئاق رەختتىن قىلىنغان قىزىل چېدىرنىڭ ئىچىدە ئۈستىگە يۇمشاق ياستۇقلار قويۇلغان تەخت ئۈستىدە ئولتۇراتتى. خان يۈرۈشلەردە ئادەتتە كالتە قىلىپ تىكىلگەن كۆك شالۋۇر ۋە ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈك كىيىپ يۈرەتتى. مارىيولنىڭ ھاۋاسى سەل سوغۇق بولغاچقىمۇ، ئۇ يېنىك يىپەك چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن سۇسەر ياقىلىق چاپان كېيىۋالغانىدى. بېشىدىكى ئاق سەللىسىگە قارا پەي قىستۇرۇلغان. بىرتال كۆھنۇر ياقۇتى قادالغانىدى. بىلىگە باغلىنىۋالغان كەڭ پىششىق تاسمىدىن ئۈستىگە ھەرخىل جاۋاھىراتلار قويۇلۇپ كۆركەم ئىشلەنگەن كەمىرى ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىگە ناھايىتى ياراشقانىدى. تەخت يېنىغا ئۇنىڭ ياراغ- جابدۇقلىرى، ساۋۇت ـ قالقىنى ۋە دۇبۇلغىسى ھەم يېگىسار پولتىدىن سوقۇلغان ئالتۇن ساپلىق قىلىچى قويۇقلۇق ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەردىن كەشمىر ئىستېلاسىنىڭ ئۆزىنىڭ

كۆتكىنىدىنمۇ تېز ئورۇنلانغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— بىز نوبرانى ئەمىر قەمبەر كۆكەلداش مىرزىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ تولىمۇ يامان قىلغانىكەنمىز، — دېدى سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ، — ئۇنىڭ قابىلىيەتسىز سەركەردە ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەيلۇق؟ ئوغرى - قاراقچى زادى ئۆكسىمىدى. ئۇ بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىزگىمۇ كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقتىن، نوبرادىن ۋاز كېچىپ، مار يولىغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق!

— ھېچقىسى يوق، ئۇلۇغ سۇلتانىم، — دېدى ئەمىر دايىم ئەلى،- سىز تىبەت تەختىگىمۇ ئىگە بولىسىز. بۇ نەرسە قۇياشنىڭ ھەركۈنى مەشرىقتىن چىقىپ، مەغرىپكە پاتقىنى قانداق ھەقىقەت بولسا، خۇددى شۇنداق ھەقىقەت. بىز يېڭىلمەس سۇلتان سەئىدخان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ شاراپىتىدە مۇلكىي قەشقەرىيىنى بېيىتىمىز ۋە گۈللەندۇرىمىز، بىز ئۇنىڭغا يەنە تىبەتنىمۇ قوشۇۋالىمىز!

— شۇنداق، كەشمىرنى ئىستېلاھ قىلىش ئورۇشىنىڭ غەلىبىسى تامامەن پۈشتىپا ناھىمىزنىڭ دانا يېتەكچىلىكىدىن بولدى، — دەپ قوشۇمچە قىلدى مىرزامۇھەممەد ھەيدەر كولۇپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭدىن قالسا، تەڭداشسىز سەئىدىيە ئوغلانلىرىنىڭ ھەيۋىتى ئالدىدا تىترىگەن كەشمىر سۇلتانى ئۆزىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن شەھەرنى بىزگە تاپشۇردى. ئۆزلىرىنىڭ مال - دۇنيالىرىنىمۇ بىزدىن ئاياشمىدى. بىز ئولجىلارنى سەركەردە - سەردارلارغا ئۆلەشتۇرۇپ بەردۇق. بىر قىسىم قىممەتلىك ئېرىخ ماللارنى خانىنىڭ نېسىۋىسى، دەپ ساقلاپ قويدۇق!

— كۆچلەرنى تەڭ بولمىغان جەڭدە بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز سىلەر بىلەن كۈرەش قىلدى ۋە سىرىناگا يېنىدا يېڭىلدى، — دېدى كەشمىرنىڭ قارام سۇلتانى مۇھەممەدشاھ يېنىك ئۇھ تارتىپ، — لېكىن، بىز بىكارغا قان تۆكۈلۈشنى خالىمىدۇق. بىز كۈچلۈك ھەم ئادىل خانىنىڭ قول ئاستىدا ياشاشنى خالايمىز. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتائەت كەمىرىنى بويىنىمىزغا سېلىپ سۇلتان سەئىدخان ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق.

بۇ چاغدا مىرزا ئەلى تاغايى ئۇھسىنىپ، ھارغىن چىرايلىرى بىلەن كونا رەقىبى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ غەلىبە شادلىقى جىلۋىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا قارىدى ۋە كۆڭلى قارىلىق قىلىپ:

— خوپ كەشمىرنىغۇ تەسەررۇپ قىلىپتۇق. بىراق، بۇنىڭ نە ئەھمىيىتى، كىمگە پايدىسى بولۇر؟ بۇ يەرنى يەنە زورقوشۇن بىلەن ساقلاشقا توغرا كېلىدىغۇ؟... دېيىشىگە، سۇلتان سەئىدخان:

— ھەيھات، ھەيھات! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، — چىنگىز دەۋرىدىن تارتىپ خاقانلار نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېچقايسىسى كەشمىر سۇلتانلىرىنى كانىيىدىن بوغۇپ، ئۆزىگە بويسۇندۇرالىغان ئەمەس! ئەلھەل، ئەمىرمۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرىنىڭ ئىگىلمەس-سۇنماس تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا كەشمىر سۇلتانىنىڭ مېھرابىدا ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ مۇبارەك نام - شەرىپى خۇتبىلەرگە قوشۇپ زىكىر قىلىنىدىغان بولدى. بۇرۇن - بۇرۇندىن ھېچقانداق بىر كىشىگە خىزمەت كەمىرىنى باغلىمىغان كەشمىر سۇلتانلىرى ۋە ئۆز بەگ - ئۆزخان بولۇپ كەلگەن تىبەت پادىشاھلىرى ئەمدى باش ئېگىپ بىزگە ئەركان بولدى! بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەدىم ئەييامىدىن تارتىپ مۇلكىي تۈركىستاننى ئەھياقىلغان. مۇبادا، بىزنىڭ ئاشۇ باھادىر ئاتا - بوۋىلىرىمىز بولمىغان بولسا، بۇ زېمىن يورۇقلۇقتىن، بۇ زېمىندا ياشايدىغان خەلق

www.uyghurkitap.com

باھادىرلىقتىن مەھرۇم قالغان بولاتتى. بۇ زېمىننى دۇنياغا تونۇتقانلار بىزنىڭ نەسلىمىز، ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ ئانا ماكاندىن چىقىپ، ئابىسكۇن دېڭىزىنىڭ بويىغا [1] ، ھەتتا پەرەڭستان ھۇدۇتلۇقىغا قەدەر بېسىپ كىرگەن. . . بىز تاشلارغا ئىسمىمىزنى ئالتۇن يېزىقلار بىلەن يازغانمىز. قىيا تاشلارغا، ئاسمانغا يۇلتۇزلارنى، ئاينى بىز ئويدۇق. جابىرىقا[2] دېڭىزىنىڭ بويلىرىدىكى تاكى ئابىسكۇن دېڭىزىنىڭ بويلىرىغا قەدەر بولغان پۈتۈن زېمىن ئەجدادلىرىمىز مىنگەن ئۇچقۇر ئاتلارنىڭ تۇيىقى ئاستىدا تىترەيتتى. ئۇيغۇر ئاتلىقلىرى ھەر قېتىم چېپىپ ئۆتكەندە. ئاساۋ ئاتلىرىمىزنىڭ پولات تۇيىقىنىڭ زەربىسىدە كۇيقاپ تاغلىرىغا[3] دەز كەتكەنىدى. ئېرەن- قابۇرغا تاغلىرىدا[4] تۇرۇپ ئاتقان ئوقلىرىمىز ئىلبۇرس تاغلىرىنىڭ[5] باغرىنى تېشىپ ئۆتكەنىدى. تۆمۈر بىلەكلىك قەھرىمان ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇتپەرەستلەرنىڭ گەجگىسىگە گۈرزىلىرىدىن تامغا باسقانىدى! . . .

سۇلتان سەئىدخان سۆزلىگەنسىرى ھاياجاننى باسالماي قىلمۇۋاتقانىدى.

— ئىككى ئالەم سەرۋەرىگە ھەمدۇ شۇكرانىكىم، - دېدى ئۇ بىر پەس سۈكۈتتە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — بىزنىڭ ھۆرمەتلىك سەركەردىمىز ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرى كەشمىرنى ئىستېلا قىلىپ، شەۋكەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىنى خۇش قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ تۆھپىسىدىن بىزلا مىننەتدار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق ئۇيغۇر خاقانلىرى، خان جەمەتىدىكىلەرمۇ، خۇسۇسەن، بىزنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىمىزمۇ ئەبەدىل - ئەبەت ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر جانابلىرىدىن ئۇ دۇنيا بۇدۇنيا مىننەتدار بولىدۇ! چۈنكى بۇ سەلتەنەتلىك غەلىبە تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭمۇ يۈزى يورۇق بولۇر!

— بەرھەق، ئى پۇشتىپاناھ، — دېدى مىرزائەلى تاغايى خانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ. ئۇنىڭ پۈتۈن تېنى خۇشامەتچىلىكتە تىترەپ كېتىۋاتاتتى، — جاھاننىڭ شەمسى - قۇياشى ۋە قەمەر— ئېيى، دىنى ئىسلامنىڭ دەھشەتى ۋە شەپقىتى بولمىش ئۇلۇغ سۇلتان ھەزرەتلىرىنى تەبرىكلەيمىز! ھۆكۈملىرىگە پۈتۈن جاھان پەرمانبەردار دۇرگى ئۇلۇغ پادىشاھىم!

— كاللىمىز سىزنىڭ قولىڭىزدىدۇر، ئۇ ئۇلۇغ سۇلتانىمىز! دەپ گۈركىرەشتى قالغان ئەمىرلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا.

سۇلتان سەئىدخان دەررۇ سەئىدىيە مەملىكىتىدە ئۆزى تىبەت يۇرۇشىگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىمىن خوجا سۇلتان پىتنىسىنى ئەسلەپ قالدى - دە:

— ھەئە، كاللاڭلار بىزنىڭ قولىمىزدا، بىراق، ئىختىيارىڭلار تىزگىنى كىمنىڭ قولىدا؟ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا بەزىلەر ئىختىيار تىزگىننى ئاللا قاچان قەشقەرىيە ئاسمىنىنى قالپاق، قەشقەرىيە زېمىننى پايپاق قىلىپ كىيىپ يۈرگەن ئاشۇ تېجەمەل ئىشانلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغاندۇر بەلكىم! — دېدى - دە، ئەمىر مىرزائەلى تاغايىنىڭ مەنىلىك بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن، قاپىقىنى تۈرگىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— خائىنلىرىمىزكى شۇكى، ئەمدى بىزگە نېمە قىلماق لازىمدۇر؟ باشقا يەنە قانداق كېڭەش بار، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ ھۆرمەتلىك زاتى ئالىيلار؟

---

① ئابىسكۇن دېڭىزى - كاسپىي دېڭىزىنىڭ قەدىمكى نامى
② جابىرىقا دېڭىزى - ھازىرقى بايكون دېڭىزىنىڭ تارىختىكى نامى.
③ كۇيقاپ تاغلىرى - كاپكاز تاغلىرىنىڭ تارىختىكى نامى
④ ئېرەن قابۇرغا تاغلىرى- تەڭرى تاغلىرىنىڭ تارىختىكى نامى.
⑤ ئىلبورس تاغلىرى - ياۋروپادىكى بىر تاغ تىزمىسىنىڭ نامى.

سۇلتان سەئىدخان بۇ يەردە كۆزنىڭ تەن - سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە ئىما - ئىشارەت قىلىۋاتاتتى.

— دارۇلسەلتەنەت - يەكەنگە قايتماق كېرەك، ئى پۇشتىپاناھ، — دېدى خاننىڭ مۇددىئايىنى چۈشەنگەن مىرزا ئەلى تاغايى، — سىزنىڭ مۇبارەك تېنىڭىزنىڭ ساقلىقىنى تولۇق ھېسابقا ئالغاندا، سىز يەكەنگە قايتىمىسىڭىززادى بولمايدۇ!

— بۇ يەردىچۇ؟ بۇيەرگە كىمنى نايىب قىلىپ قالدۇرۇش لازىم، ئى ئەمىرۇل - ئۈمەرا؟ — دەپ سورىدى خان سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— كەشمىرنى ئىستېلا قىلىش ۋە تىبەت بۇتپەرەستلىرىنىڭ نىجىس بۇتلىرىنى پاچاقلاش، بۇ يەرلەردە ئىسلام ھىدايىتىنى جارى قىلدۇرۇشتەك شەرەپلىك ۋەزىپە ھالا بۈگۈن سىلىنىڭ قوللىرى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئەمدى بۇ يەرلەرنىڭ ئىنتائەت تىزگىنىنى ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرى بىلەن شاھزادە ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ قولىغا تاپشۇرغايلا!

سۇلتان سەئىدخانمۇ كەشمىر بىلەن تىبەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ تەسەررۇپىغا تاپشۇرايمۇ، تاپشۇرمايمۇ؟ دەپ دىلغۇل بولۇپ تۇراتتى، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ بۇ سۆزى دەل ئۇنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقتى. شۇڭا، ئۇ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنى كەشمىربىلەن تىبەتنىڭ ئەھلى ھۆكۈمرانى دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئوغلى شاھزادە ئىسكەندەر سۇلتاننى ئۇنىڭغا نازىر قىلىپ بەلگىلىدى.

سۇلتان سەئىدخان بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئەمىر - ئۈمەرا مىرزامۇھەممەد ھەيدەرنىڭ قولىغا يېتەرلىك لەشكەر ۋە قورال - ياراغ ئەسلىھەلەرنى قالدۇرغاندىن كېيىن، خاتىرجەم بولۇپ مارىيولدىن يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئادەتتە قاراڭغۇ تاغ ئېغىزىدىن كۆكئارت داۋىنىغا① سەككىز كۈندە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. سۇلتان سەئىدخانلا بۇ يولنى تۆت كۈندىلا بېسىپ بولدى. بىراق، كۆكئارت داۋانى ئېگىز بولغاچقا، سۇلتان سەئىدخاننى يەنە تۇتەك ئېلىپ كېتىپ، تەن - سالامەتلىكى بىردىنلا يامانلىشىپ كەتتى. مەۋكەب② بۇ يەردىن ھاۋاسى ياخشىراق بولغان شەھدۇللا③ دېگەن جايغا تېز يېتىۋېلىش ئۈچۈن سۇلتان سەئىدخاننى شىرغىدىن چۈشۈرۈپ، ئاتتا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ داۋاملىق ماڭدى. مىرزائەلى سەئىد كۆكەلداش بۇنداق قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرغان بولسىمۇ. ئەمما، مىرزائەلى تاغايى خاننى ئاتلىق ئېلىپ مېڭىشتا چىڭ تۇرۇۋالدى. «خاننى شىرغا بىلەن كۆكئارت داۋانىدىن ئۆتكۈزۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ مۇغەمبەرلىك قىلىپ، — ئۇنىڭدىن كۆرە، خاننى ئاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېلىپ ماڭساق، تېخىمۇ ئاراملىق بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېز ماڭغىلى بولىدۇ! ....» تۇتەك ئېلىپ كەتكەن ئادەمنى شىرغىدا ياتقۇزۇپ ئېلىپ ماڭسا تېخى بىر ئاز ئاراملىق بېرىدىغانلىقى مەۋكەبتىكى ئەمىر - بەگلەرگە ئېنىق بولسىمۇ ئەمما ئۇلار مىرزا ئەلى تاغاينىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. ھىجرىيە 939 - يىلى زۇلھەججىنىڭ 16 - كۈنى④ سەئىدخانلار

---

① كۆكئارت داۋىنى - قەدىمكى مەشھۇر يىپەك يولىدىكى بىر داۋاننىڭ نامى. قەدىمكى زاماندا «پىيازلىق داۋىنى» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرىسىدىكى پامىر تاغلىرى، كۇئېنلۇن تاغلىرى ۋە قاراقورۇم تاغلىرىنىڭ قوشۇلغان يېرىگە جايلاشقان. ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن ئالتە مىڭ مېتىردىن ئاشىدۇ.
مىلادى 1977 - يىلى 8 - ئايدا، مەن گېنېرال روزى ھوشۇر بىلەن تىبەتنىڭ ئالى ۋىلايىتى (قەدىمكى بالتىستان ۋىلايىتى) گە خىزمەتكە بارغاندا، 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مۇشۇ داۋاندا توختىلىپ ئۆتكەنىدىم.

② مەۋكەب - خاننىڭ ئەتراپىدىكىلەر دېگەن مەنىدە.

③ شەھدۇللا - قەدىمكى مەشھۇر ئۆتەڭ. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كۇئېنلۇن تاغلىرى ئىچىدە. سۇلتان سەئىدخان مۇشۇ يەردە ۋاپات بولغانلىقتىن، «شەھدۇللا» دەپ ئاتالغان. مەن 1977 - يىلى 8 - ئايدا گېنېرال روزى ھوشۇر بىلەن تىبەتكە خىزمەتكە بارغاندا، بۇيەرنى تاۋاپ قىلغانىدىم.

④ مىلادى 1533 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، سۇلتان

www.uyghurkitap.com



شەھىدىراللاغا ئۈچ پەرسەخ① قالغاندا، ئۆمرى ئات ئۈستىدە جەڭ بىلەن ئۆتكەن بۇ پادىشاھ تىنىقتىن توختىدى. بۇ چاغدا ئۇ قىرىق ئالتە ياش ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئۇيغۇرلار تارىخىدا تۇغلۇق تۆمۈر خاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئىجتىماتلىق پازىل خانلارنىڭ سەرخىلى ئىدى. ئۇ نەچچە يۈزيىل ئۇدا يېغىلىق قايناپ توختىماي ۋەيران بولغان مۈلكىي قەشقەرىيىدەك بىر مەملىكەتنى تۈزەپ، مۆمىنچىلىك قىلىشۋەتكەنىدى. يۇقىرىسى بەگ ـ بىگات، تۆۋىنى پۇقرايى ـ پەقىرلەرگىچە ھەممە كىشى ئەدەبلىك ـ سۈلكەتلىك ئىدى. ئۇ يىراقنى كۆرەر سىياسەتۋازبولۇپ، مەملىكەتنى پاراۋان قىلىش ئۈچۈن، ئاكىسى، تۇرپان ھۆكۈمدارى مەنسۇرخان بىلەن يارىشىپ، يېغا ـ غەليان تۈپەيلىدىن ھالىدىن كەتكەن ئاھالىغا دېمىنى ئېلىپ، دەرمان توپلاش پۇرسىتىنى بەرگەنىدى؛ سۇنغان، چېكىنگەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرگەنىدى؛ سەئىدىيە ئاستۇكراتىيىسىدىكى قارانىيەت سۇغۇل ئەمىرلىرىنىڭ تويماس نەپسىنى قاندۇرۇش، سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ مالىيە جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ھەمىشە سىرىتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق، باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىنى قوزغاپ تۇراتتى. بىراق، سۇلتان سەئىدخان موغۇللاردەك كۆچمەن چارۋىچى بىر مىللەتنى مۈلكىي قەشقەرىيەدەك ئىلغار دېھقانچىلىق رايونىغا باشلاپ كېلىپ، زالىم مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر سەئىدىيە دۆلىتىنى قۇرغان تۇنجى سۇلتان بولغانلىقتىن، قولدىن كەلگەننى قىلدى. سەئىدىيە مەملىكىتىنى روناق تاپقۇزۇش. گۈللىنىش دەۋرىگە باشلاپ مېڭىش ۋەزىپىسىنى بولسا ئۆزىنىڭ قابىلىيەتلىك ئەۋلادلىرىغا ۋە خەلق ئاممىسىغا باقىي قالدۇرۇپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ئۇيغۇر تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە مەڭگۈ تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالىدۇ ۋە خەلق تەرىپىدىن مەڭگۈ خاتىرىلىنىدۇ!

سۇلتان سەئىدخاننىڭ مېيىتى دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە يەتكۈزۈپ كېلىنگەنلىكى ھەققىدىكى مەكتۇپ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە، خان تاغىسى، ئەمىر كىبىر ۋە قەشقەر ئەمىرى مىرزاسەئىدمۇھەممەد دوغلات ئېغىر كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى.

ئۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا مۇلازىملىرىغا:

— مېنى دەرھال يەكەنگە يەتكۈزۈڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى.

مىرزاسەئىدمۇھەممەد دوغلات كېچە ـ كۈندۈز ئاتلىق توختىماي يول يۈرۈپ ئەتىسى ئەتىگەندە دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە يېتىپ باردى. خاننىڭ مېيىتىنى تەختىراۋانغا ياتقۇزۇپ سەككىز يىگىت مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ يەكەنگە ئېلىپ كەلگەنىدى. خاننىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ كېتىشىدىن پۈتۈن ئوردىنىڭ ئىچى ـ تېشى ئېغىر مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمدى. ئېغىر پەيتلەردە ئەمىر كىبىر مىرزاسەئىدمۇھەممەد دوغلاتقا يۆلىنىپ ئۆگىنىپ قىلىشقان مەۋكەب ئۇنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتۈپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ تۇراتتى. لېكىن، ئېغىر مۇسىبەت قايغۇسىغا چۆمگەن بۇ پىشقەدەم ئەمىرمۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قالغانىدى.

— ئى پەرۋەردىگارا! بۇ نېمە ئىش، — دەپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى ئۇ، — سەئىدخاننىڭ نۆۋىتى ئەمەس ئىدىغۇ. ھەي بىۋاپا پەلەك! بىزنى ئەجەبمۇ داغدا قالدۇردۇڭغۇ؟! ساڭا جان كېرەك بولىدىغان بولسا، مېنىڭ قېرى جېنىمنى ئالساڭ بولماسمىدى؟...

① پەرسەخ ـ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. ئادەتتە بىر پەرسەخ يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ.

سۇلتان سەئىدخان شەھدۇللادا قازا قىلغاندا، ئەمىر كىبىر مىرزا سەئىدمۇھەممەد دوغلات خاننىڭ يېنىدا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خاننىڭ قابىل سەركەردىسى، مىرزا سەئىدمۇھەممەدنىڭ جىيەن ئوغلى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ خاننىڭ يېنىدا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمىرمىرزا ئەلى تاغايى سۇلتان سەئىدخاننىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى تاكى خاننىڭ مېيىتى يەكەنگە ئېلىپ كەلگەنگە قەدەر ئەمىر كىبىر مىرزاسەئىد مۇھەممەد دوغلاتتىن قاتتىق سىر قىلىپ تۇتتى. ئۇ خەۋەر تاپقاندا بولسا، مىرزا ئەلى تاغايى ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى يادىكارمۇھەممەد مىرزىنى ئاللىقاچان ئاقسۇدىكى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەن ۋە «سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋەسىيەتنامىسى»نى ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بولغانىدى. . .

پۈتۈن مەملىكەت خاننىڭ ئۆلۈمىگە مۇسىبەت تۇتۇۋاتقان ئېغىر مىنۇتلاردا ئەمىر سەئىد مۇھەممەد دوغلات باشلىق ئوردىدىكى بارلىق ئەمىر - ئۆمەرا، بەگ - بىگات، ئەكابىر-ئەشرەپلەر بىردەك سۇلتان ئابدۇرەشىد خاننىڭ يېنىغا كېلىشىنى كۈتۈپ، ھازىلىق تەييارلىقىدا تۇرۇشتى.

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ يېتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى بېشى قېتىپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغان مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلاتقا ئەقىل كۆرسىتىپ، — بىراق، بۇ ۋاقىت كونا يىلنىڭ چىقىشى، يېڭى يىلنىڭ كىرىش كۈنى - چارشەنبىگە توغرىلىنىپ قاپتۇ①. بۇنداق كۈندە ئۇلۇغلارنىڭ چۈشۈشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بۈگۈنگىچە شەھەرگە كىرمەي تۇرغان ياخشى. ئۇ بىر كېچە شەھەر ھۇدۇدىدا توختاپ، ئەتە يېڭى يىلنىڭ بېشى ماھى مۇھەررەمنىڭ تۇنجى كۈنى پەيشەنبە شەھەرگە قەدەم تەشرىپ قىلسا، تېخىمۇ خاسىيەتلىك بولىدۇ. . .

«قۇش يېڭىلىپ تورغا چۈشەر، ئادەم يېڭىلىپ قولغا چۈشەر!» دېگەندەك، ئەقىللىق ئادەملەرنىڭمۇ ئازىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. نىھايەت، ئەمىر مىرزا سەئىد دوغلات ئوردىدا «شەيتانلار ئانىسى» دەپ نام ئالغان بۇ رەقىبىنىڭ مۇشۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا ئۆزىگە ئالللىقاچان تاپان تۇزاق قويۇپ بولغانلىقىنى زادىلا يادىغا كەلتۈرمىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى چېپىشقا تەڭلىنىۋاتقان قىلىچقا بېشىنى تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى سەزمەستىنلا، مىرزا ئەلى تاغاينىڭ بۇ تەكلىپىگە دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈردى، ئۇنىڭ ئىچى قارلىققا تولغان بىر جۈپ مىكىرلىك كۆزلىرىدىن چېچىلىۋاتقان زەھەرلىك نەشتەردەك شولىنى سەزمىدى. . .

ئۈستىگە ماتەم لىباسىنى كىيگەن ئەمىرمىرزاسەئىد مۇھەممەد دوغلاتنىڭ بېشىغا قارا سەللە يۆگەپ، ياقىلىرىنى يىرتقان ھالدا مەرھۇم سەئىدخاننىڭ مېيىتى قويۇلغان ئالتۇنلۇقتا خەتمقۇرئان قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى تاكى ناماز ئەسىرگىچە تامنىڭ پەنجىرىسىدىن كۆزىتىپ تۇرغان پاكار بىر نۆكەر ئۆگزىدىن ئاستا چۈشتى - دە، تامنىڭ كەينىگە باغلاپ قويغان ئېتىنى مىنىپ خوجىسى ئەمىر مىرزائەلى تاغايى ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان يەرگە قاراپ كەتتى.

مەشۇر راۋاقكۆل بويىدا ھاۋالىق بىر چارباغ بارئىدى. باغ ئىگىسى ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەت مىرزا يازنىڭ ئىسسىق تىنجىق كۈنلىرىدە مۇشۇ باغنىڭ كۆل بويىدىكى سالقىن خانلىرىنىڭ بىرىدە دەم ئالاتتى. ئاستىغا ئېسىل گىلەم-بىساتلار سېلىنغان بۇ خاننىڭ تۆرىدە ھازىر مىرزائەلى تاغايى يوغان پەي ياستۇققا يۆلەنگەن ھالدا سەردابە②دە ساقلانغان مۇزدەك شېرىن - شەربەت مەي ئىچىپ راھەتلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ پىيالىدىكى مەيدىن بىر سۇمۇردى،

① . بۇ يەردە گەپ ھىجرىيە يىلنامىسى ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ
② سەردابە - يازدا سوغۇق سۇ ساقلىنىدىغان ئەمە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاندىن ئاپپاق ئاقارغان ساقىلىنى ئالقىنى بىلەن ئېرتىۋېتىپ:

— خۇدايىم كەچۈرسۇن مېنى، مۇسىبەت كۈنلىرىدە پەرزىنى بۇزدۇم، — دېدى، — لەنىتى مىرزا سەئىد مۇھەممەد موغۇلنىڭ يېنىدىن ئاجرىيالماي، چاڭقاپ تىلىم تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالدى.

— بۈگۈن سىزگە راۋا، — دېدى ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەد مىرزا خۇشامەت بىلەن، — زۆرۈر بولغاندا ئۈتتۈز كۈنلۈك روزىنىمۇ بۇزۇشقا بولىدىغۇ. چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىسىز، ئەگەر مۇشۇ قېتىم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قولى بىلەن مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنى يوقىتالىسىڭىز، سىز سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەڭ چوڭ رەھنەماسى① بولالايسىز!

مىرزا ئەلى تاغايى بۇ نۇرلۇق ئىستىقبالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تۇيۇقسىز ئەندىكىپ كەتتى. ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەد ئۇنىڭغا سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. مىرزا ئەلى تاغايى دەرھال سەگەكلەشتى:

— ئەمىر جانابلىرى، سىز بىلەن بىزمۇ ئەسلىدە موغۇل ئۇرۇقىدىن ئىدۇق. بەس، مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنىڭ سەلتەنەتتە شۇنچە ئۇزاق ئۇلۇس بېگى بولۇپ ھۆكۈم سۈرگىنى يېتەر ئەمدى. خۇدا ئامەت بېرىپ، ئەگەر مەن ۋەلىئەھدكە رەھنامە بولسام، سىز پۈتۈن سەئىدىيە قوشۇنىنىڭ ئەمىر كەبىرى بولغايسىز!

— ئىنشائاللا! — دەپ ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەد قارا ساقىلىنى سىلاپ قويدى، — قېنى، ئەمىرىم، ئۇسسۇزلۇق ئىچەيلى!...

بۇ چاغدا خاننىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ، تالادىكى ھۆپ-ھۆپ ئىسسىقنىڭ ھارارىتى ئۆينىڭ ئىچىگە تەپتى. مىرزائەلى تاغايى قولىدىكى پىيالىنى ئاستا قويۇپ، ئىشىك تەرەپكە قارىدى. بايىقى نۆكەر خوجىسىنىڭ ئارامىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىك چاغلاپ ئۆزرە سورىغاندەك قىلىپ ئۇڭايسىزلاندى-دە:

— ئەمىر جانابلىرى، سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئالتۇنلۇقتا قالدى، — دېدى تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

— ئېنىق كۆردۈڭمۇ؟

— ھەئە ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم!

مىرزا ئەلى تاغايى بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن ھەمىيىنىنى ئالدى-دە، ئىچىدىن بىر دانە سەئىدىيە تەڭگىسىنى چىقىرىپ بوسۇغا ئالدىغا تاشلىدى. ھېلىقى پاكار نۆكەر يەردىكى تەڭگىنى ئالدىراپ-تېنەپ قولىغا ئالدى-دە، ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، خاننىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

— جانابىي خوجا شاھ مۇھەممەد، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى ئىشىك يېپىلغاندىن كېيىن، — ئەمدى سىنى كىشىلەرگە كۆرۈنمەي، شەھەر ھودۇقلۇقىدا چۈشكۈن قىلغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا بېرىڭ!...

ئەمىر خوجا شاھ مۇھەممەد مىرزا قاپقارا ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تۇتاملاپ، بىردەم ئويلىنىپ تۇردى-دە، ئاندىن:

① رەھنىما - يول كۆرسەتكۈچى.

— خاتىرجەم بولغايسىز جانابىي ئەمىر - ئۆمەرا، — دېدى، — بۇنداق ئىشقا كەلگەندە، بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتىدىغان ئادەم بۇ ئىقلىمدىن تېپىلماس!

— بەگ جانابلىرى، — دېدى مىرزا ئەلى تاغايى ئۇنىڭغا يەنە جېكلەپ تۇرۇپ، — بىز ئۇنىڭغا يەتكۈزۈشكە ئالدىنئالا كېلىشىۋالغان سۆزلەرنى ئېسىڭىزدە مەھكەم ساقلىغايسىز! تەخت ۋارىسى بىلەن كۆرۈشكەندە، گەپنى ئاز قىلىڭ! چۈنكى تەخت ۋارىسى تولىمۇ ھوشياردۇر! شۇڭا، ئۇنىڭغا مېنىڭ مۇنۇ سۆزۈمنى يەتكۈزۈڭ: «... خانىنىڭ تۇز ھەققى ئەدىنىمدە بولغانلىقتىن، ئۆزلىرىگە شۇنى دېمەكچىمەنكى، سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن ئەمىر مىرزائەلى سەئىد كۆكەلدەش قاتارلىق بەگلەر ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىپ، جانابلىرى بارغان ھامان، مەرھۇم ئاتىلىرى يېنىدىن جاي بېرىشمەكچى. تەختنى تىمبەتتە قالغان ئىسكەندەر سۇلتانغا سويۇپ ئېلىپ بەرمەكچى. شۇڭا، سىلىنىڭ شەھەرگە كىرىش ۋاقتىلىرىدىن قەستەنگە ئەتىگە قالدۇردى. بىزلەردىن بۇ خۇسۇستا ئەھد - پەيمان ئېلىشتى ...» بۇنىڭدىن بىر ئېغىز كۆپ ياكى كەم قىلماڭ. شۇنداق بولغاندا، تەخت ۋارىسىنى ئاندىن بىزلەرنىڭ سۆزىمىزگە ئىشەندۇرگىلى، سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا قاتتىق غەزەپلەندۇرگىلى بولىدۇ.

— جانابىي ئەمىر - ئۆمەرا، ماڭا پاتىھە بېرىڭ. مەن تەخت ۋارىسىنىڭ ھۇزۇرىغا باراي ۋە بەگلەر نامىدىن ساداقەت ئىزھار قىلىپ، ئۇنى شەھەرگە تەكلىپ قىلاي!

— ئىنشائاللا، — دەپ ئىككى قولىنى دۇئاغا ئېگىز كۆتۈردى مىرزائەلى تاغايى، — ئەگەر بىر تەن - بىر جان بولۇپ تەخت ۋارىسىغا خىزمەت قىلساق، مىرزا سەئىد مۇھەممەد دوغلاتنىڭ قولىدىن ھەممىمىز ئامان قالىمىز. ھېچقايسىمىزنىڭ بىر تال مويىغىمۇ شىكەست يەتمەس. ئامىن! ...

نەزمە

سۇ خەنچىنى يوقاتقىن خۇدا،
ئۆلتۈرمەستىن ئايلاندۇر تاشقا.
بىزدىن بۇرۇن ئالدىڭغا بېرىپ قالسا ئۇ،
بالا بولۇر بىزنىڭ بۇ باشقا!

— ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى.

# ئىسمائىل بۇخارىي

## سەدرىددىن سەلىم بۇخارىي

مەلۇمكى، ماۋەرا ئۈننەھر ۋە خوراسان ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان كۈنى بۇ يەردە ئەرەب خەلىپىلىرى مەھەللە خەلق ۋەكىللىرىدىن باشقۇرغۇچى - ئەمىرلەرنى تەيىنلىگەن. ماۋەرائۈننەھر ۋە خۇرساندا IX ئەسىردە كېلىپ تاھىرىيلا (821 - 873)، سەففارىيلار (876 - 910) ۋە سامانىيلار (819 - 1005) قاتارلىق دۆلەتلەر پەيدا بولدى. تارىختا IX - XI ئەسىرلەرنى شەرق ئويغىنىش دەۋرى، پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتى دەپ قەيت قىلىنغان. چۈنكى، پەلسەپە، فىقھە، ھەرس، رىيازىيات، فەلەكىيات، جۇغراپىيە، تىبابەت، مۇزىكا، كىميا، مىمارچىلىق قاتارلىق ساھەلەردە يېڭى - يېڭى كەشپىياتلار سادىر بولدى. ئېنسىكلوپېدىك ئالىملار ئەبۇ جائىپە ئىبىن مۇساخارەزمىي، ئەھمەد پەرغانىي، ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابىي، ئەبۇ رەيھان بىرونىي، ئۆمەر ھەييام قاتارلىقلارنىڭ بىرمۇنچە كىتابلىرى، شۇنىڭدەك رۇداكى، دەقىقىنىڭ گۈزەل غەزەللىرى، فىردەۋسىينىڭ ئالەمشۇمۇل «شەھنامە»سى شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىناتتى.

نەقىل كەلتۈرۈلىشىچە، ئەمىر ئەسەد ئىبىن ئابدۇللاھ (783 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ قولىدا سامانخۇدات ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. نارشاھى مۇنداق يازىدۇ: «ئۇنىڭ سامانخۇدات دېيىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ بىر قىشلاق بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا سامان دەپ نام بەردى ۋە بۇخارا ئەمىرىنى بۇخارا خۇدات (يەنى، بۇخارانىڭ ئاتىسى ياكى ئەمىرى) دەپ ئاتىغىنىدەك، ئۇنى ھەم شۇ قىشلاق نامى بىلەن سامانخۇدات دەپ ئاتىدى. سامانخۇدات ئەسەد قۇشەيىنگە بولغان ھۆرمىتى تۈپەيلى ئوغلىغا ئەسەد ئىسمىنى بەردى. شۇ ئەسەر بولسا ئەمىر ئىسمائىل سامانىينىڭ بوۋىسىدۇر. سامانخۇدات بەھرام چۇبىن مەلىكىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن.

سامانخۇداتنىڭ ئوغلى ئەسەددىن تۆت پەرزەنت كۆرگەن. (ئۇلار) نۇھ، ئەھمەد، يەھيا، ئىلياس. ئۇلار خەلىپە مەئمۇنغا ياخشى خىزمەت قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، خەلىپە مەئمۇن ئۇلاردىن ئەھمەد ئىبىن ئەسەركە پەرغانە، يەھياغا چاچ ۋە ئىستەرۋشەن، ئىلياسقا ھىرات، نۇھقا سەمەرقەند ھاكىملىقىنى بەردى.

ئەھمەد ئالىم تەقۋادار كىشى ئىدى. مۇئەررىخ مۇقەددەسىنىڭ تەكىتلىشىچە، سامانىيلار ئۆلىما ۋە پازىللارغا باشقا ئەمىرلەرگە قارىغاندا كۆپرەك ئېھتىرام كۆرسەتكەن. ئەھمەد ئىبىن ئەسەد ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ تەختىنى ئوغلى نەسىر ئىبىن ئەھمەد ئىگىلىگەن.

نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندىي «مەجمە ئۈننەھر» «نادىر ھېكايەتلەر» ) دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ. ئەھمەد سامانىيلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ ئەمىرلەرنىڭ دۇردانىسى ئىدى. نەسىر ئىبىن ئەھمەد ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە پۈتۈن ماۋەرا ئۈننەھر سامانىيلار ئىختىيارىدا بولغان» نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندنىڭ تەكىتلىشىچە نەسىر قىشنى بۇخارادا، يازنى سەمەرقەند ياكى بەلىخ ئۆتكۈزگەن. دەرۋەقە، مۇئەررىخلارنىڭ كۆپى سامانخۇدات ئەسلى بەلخلىق دەپ يازغان. بىر يىل نەسىر ئىبىن ئەھمەد ھىراتقا بېرىپ باھارنى بادغىستا ئۆتكۈزدى. شۇنداق قىلىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بۇ يەردە تۇردى. بۇخاراغا بېرىش ئۇمۇمەن خىيالىدىن كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن لەشكەر بېشى ۋە دۆلەت كاتىپلىرى ئۇستاز رۇداكىي ھۇزۇرىغا بېرىپ: «ئەگەر شاھنى بۇخاراغا جۈنەشكە رازى قىلساڭ، ساڭا بەش مىڭ دىنار بېرىمىز.

پەرزەنتلىرىمىزنى سېغىندۇق. بۇخارانى سېغىنىپ جېنىمىز بوغۇزىمىزغا كەلدى» ، دەپتۇ. رۇداكىي ئەمىر بەزمىدە ئۇدنى ئېلىپ، بۇ غەزەلنى كۈيلەپتۇ:

بۇيى جۇيى مۇلىيان ئايەد ھەمىي،
يادى يارى مېھرىبان ئايە ھەمىي.
مۇلىياننىڭ ھىدى بۇ يان كېلىدۇ.
مېھرىبان يار يادى شۇئان كېلىدۇ.
ئامۇنىڭ قۇم - تېشى ئاياغ ئاستىدا،
مامۇق كەبى تى جان كېلىدۇ.
قانچە ئۇلغايسىمۇ ئامۇ سۇلىرى،
ئېتىمىز كۆكسىگە ئاران كېلىدۇ.
ئەي ئەزىم بۇخارا، شادلانغىن، كۈلگىن.
سەن تامان شاھ شادۇ خەندان كېلىدۇ.
شاھىمىز تولۇنئاي، بۇخارا ئاسمان،
ئاسمانغا ئاي نۇرى ئەپشان كېلىدۇ.
شاھىمىز سەۋرىدۇر، بۇخارا بوستان،
بوستان تامان سەۋرى راۋان كېلىدۇ.

رۇداكىي شۇ بېيىتنى ئېيتقاندا ئەمىر تەسىرلىنىپ تەختىدىن چۈشۈپ، ھەتتا ئۆتىكىنىمۇ كىيمەي، بۇخارا تەرەپكە راۋان بولۇپتۇ. رۇداكىيغا بولسا لەشكەر بېشىلار بەش مىڭ دىنارغا يەنە ئىككى ھەسسە قوشۇپ بەرگەنىكەن.

نەسرنىڭ ئۇكىسى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد ئەس - سامانىي 849 - يىلى پەرغانەدا تۇغۇلغان. ئەمىر ئىسمائىل بۇخاراغا 874 - يىل كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا بۇخارادا توپىلاڭ ئەۋج ئالغان. شەھەر يېرىم ۋەيرانە بولغان. چۈنكى، ھۈسەين ئىبنى تاھىر ئەت - تايى خارازەمدىن كېلىپ بۇخارانى تالان - تاراج قىلغان. بۇخارادا ئوغرىلىق، بىباشلىق ئەۋج ئالغان. خوجا ئەبۇ ھەپس كەبىر بۇخارانىڭ ئوغلى ئەبۇ ئابدۇللاھ نەسر ئىبنى ئەھمەدكە خەت يېزىپ، بۇخارغا ئەمىر تەيىنلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان ۋە شۇ خەت شارائىتىدە بۇخاراغا نەسر ئۆز ئۇكىسى ئىسمائىلنى ئەمىر قىلىپ ئەۋەتكەن.

ئەمىر نەسر ۋاپاتىدىن كېيىن پۈتۈن ماۋەرا ئۇننەھر ئەمىر ئىسمائىل تەسەررۇپىغا ئۆتتى. ئەمىر ئىسمائىل تەرازنى فەتھە قىلدى. خۇراسان ئەمىرى ئىبنى لەيسنى جەڭدە يەڭدى.

ئەمىر ئىبنى لەيس ئەسىر بولدى. ئەمىر ئىبنى لەيس دەيدۇكى: «مېنى ئەسىر قىلغاندىن كېيىن مەن ئۇزاقتىن ئەمىر ئىسمائىل سامانىينى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشمەكچى بولدۇم. لېكىن، ئۇ ئۆز جېنى ۋە بېشى بىلەن قەسەم ئىچىپ، ئاتتىن چۈشمە» دېدى. بۇنداق مۇئامىلىنى كۆرۈپ، مېنىڭ جېنىم قارار تاپتى... ماڭا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى ۋە سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، دېدى ۋە ئۇزۇكۈمنى قولۇمدىن تارتىپ ئالغان كىشىدىن ئۇنى ئۈچ مىڭ دەرەمگە سېتىپ ئېلىپ ماڭا بەردى. (نار شاھى «بۇخارا تارىخى» 1991 - يىلى تاشكەنت نەشرى.)

مەلۇمكى، بۇخارا ئەتراپىدىكى سىل 831 - يىلى مۇھەممەد ئىبنى ئەھيا ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەنسۇر دەۋرىدە قۇرۇلغان. چۈنكى، مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك قوشۇنلىرى بۇخاراغا بېسىپ كىرىپ، جەبىر قىلغانىدى. بۇ سېپىل «كەمپىرەك سېپىلى» نامى بىلەن ئاتالغان. لېكىن، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بۇخارادا بۇنداق سېپىل بولغانىكەن. ھەر بىر ئەمىر بۇخارا سېپىلىنى يېڭىلاشقا ھەرىكەت قىلىپ ناھايىتى كۆپ مەبلەغ ۋە كۈچ سەرپ قىلىنغان. ئەمىر ئىسمائىل سامانىي بولسا خەلقنى بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتقۇزدى. ئۇ: «مەن بۇخارانىڭ قەلئەسى، تاكى مەن تىرىك ئىكەنمەن بۇخاراغا ھېچ قانداق دۈشمەن كىرەلمەيدۇ!» دېدى ۋە ئۇ ئۆزى دېگەندەك قىلدى. بۇخارا شەھىرى سېپىلى بولسا 850 - يىلى بىنا قىلىنغانىدى.

بۇخارادا سامانىيلار دەۋرىدە باي كۇتۇپخانا بولغان. ئەمىر نوھ ئىبنى مەنسۇردىن

(ھۆكۈمرانلىق دەۋرى 976 ـ 997) ئىجازەت ئالغان. ئىبن سىنا بۇ كۇتۇپخانىدىن پايدىلانغان. سامانىيلار دەۋرىدە ناھايىتى كۆپ ئىلىم ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى. ئەگەر بۇ ئەسەرلەرنىڭ روھىي خېتىنى تىزىملاپ چىقساق كاتتا كۆركەم بىر كىتاب بولىدۇ.

بۇخاردا كۈمۈش تەڭگە ۋە دەرەم ئىشلىتىلگەن. نار شاھنىڭ يېزىشىچە، بۇخارادا بەيتۇن ـ تىراز (توقۇمىچىلىق كارخانىسى) بولغان. بۇخارانىڭ زەندەنىچە دەيدىغان ماتاسى شام، مىسىر، رۇملارغا ئېلىپ كېتىلگەن.

سامانىيلار دەۋرىدە ناھايىتى كۆپ ئىنشائاتلار، ئابىدەلار قۇرۇلغان. سامانىيلار مەقبەرىسى بۇخارادىكى ئەڭ گۈزەل، ۋە ناياب ئابىدەدۇر. بۇ ئابىدە ھەققىدە ناھايىتى كۆپ كىتابلار يېزىلغان.

رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، ئۇنى ئىسمائىل سامانىي ئاتىسى ئەھمەد ئىبن ئەسەد ئۈچۈن قۇردۇرغان. كېيىن بۇ مەقبەرە سامانىيلار خاندانىنىڭ رەھمەسى (قەبرىگاھى) بولدى. مەقبەرىدە يېزىلىشىچە ئۇنىڭغا ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى نەسرى II ئىبن ئەھمەد دەپنە قىلىنغان. بۇ بىنا كۆپ شەكلىدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئادەمنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە مۇكەممەلدۇر. قۇرۇلۇش پىششىق خىشلار بىلەن بىنا قىلىنغان. پۈتۈن دۇنيادىن كەلگەن سەيياھلار مىڭ يىلدىن بېرى بۇ ئابىدەنى ھەيرانلىق ئىچىدە تاماشا قىلىپ كەلمەكتە ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ سەنئىتىگە، ئەقلىگە، ئىلمىگە، مەدەنىيىتىگە قايىل بولۇپ تەزىم قىلىشتى.

تىم قىشلاقتىكى ئەرەب ئاتا مازارى، بۇخاردىكى مەغاقى ئەتتاران، تېرمىزدىكى چارسۇتۇن مەسچىت شۇ دەۋرىدىن قالغان نادىر يادىكارلىقلاردۇر.

بۇغراخان قارلۇقلار، چىگىللار، ياغمىلار ھەمدە يەتتە سۇ ۋە قەشقەردىكى تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شاش، پەرغانە ۋە قەدىمكى سوغدى يەرلىرى ئۈچۈن باشلىغان جەڭلىرىگە رەھبەرلىك قىلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى سامانىيلار سۇلالىسىنى يەڭدى. 1005 ـ يىلى پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر قاراخانىيلار قولىغا ئۆتتى.

سامانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللار تۆۋەندىكىچە. نۇھ ئىبن ئەسەر(819 ـ 842) ئەھمەد ئىبن ئەسەر (842 ـ 864)، نەسر I ئىبن ئەھمەن (864 ـ 897)، ئىسمائىل ئىبن ئەھمەد (897 ـ 907)، ئەھمەد ئىبن ئىسمائىل (907 ـ 941)، ناسر I ئىبن ئەھمەد (914 ـ 943)، نۇھ I ئىبن نەسر (943 ـ 954)، ئابدۇمالىك ئىبن نۇھ (954 ـ 961)، مەنسۇر I ئىبن نۇھ (961 ـ 976)، نۇھ I ئىبن مەنسۇر (976 ـ 997)، مەنسۇر I نۇھ (997 ـ 999) (تارىخىي موللازادە) مۇنداق بېيت يېزىلغان:

نۇھ تەن بودەند زالى سامان مەشھۇر، ئىسمائىلۇ ئەھمەد، دۇ نەسرۇ،
ھەر يەك بە ۋەلا ئەتى شەھىرى مەزكۇر: دۇ نوھ، دۇ ئەبدۇل مەلىك، دۇ مەنسۇر.

تەرجىمىسى: سامانىيلار ئەۋلادىدىن توققۇزى مەشھۇر بولۇپ، ھەر بىرى بىر شەھەردە ھاكىم ئىدى. بۇلار ئىسمائىل، ئەھمەد، ئىككى نەسر، ئىككى نۇھ، ئىككى ئەبدۇل مەلىك، ئىككى مەنسۇر.

1993 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان تەۋەررۇك «تەۋەررۇك زىيارەتگاھلار» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: نۇرنىسا باقى.

# خەمسە ۋە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»نى يېزىشىغا دائىر مەسىلىلەر

ئەشرەپ ئابدۇللا

ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ چوققىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى ئەڭ بۈيۈك نامايەندىسى، شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىنىڭ بىرسى بولغان ئەلىشىر نەۋائىي شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى، ئەرەب، ئىران، ھىندى، گرېك مەدەنىيەتلىرى، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەتلىرى توپلانغان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر ھىراتنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت مۇھىتىدا، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوتتۇزدىن ئارتۇق غايەت زور ئەسەرلەرنى ياراتتى. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە «خەمسە نەۋائىي» ناملىق يىرىك ئەسىرى، خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە قويۇلغان ياقۇتتەك ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دۇنياسىنى چاقنىتىپ، جاھان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنى جۇلالاندۇردى.

خەمسە ئىجادىيىتى — شەرق ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن يىرىك ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ، ئۇ يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى بەدىئىي ئەدەبىيات ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولغان ئوخشاتما ئەدەبىياتقا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش شەكلى بىلەن بارلىققا كەلدى.

«خەمسە» نىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئالدى بىلەن پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي داستان، قەھرىمانلىق، ئىشق - مۇھەببەت داستانى، ئىشق - مۇھەببەت بىلەن باغلانغان شاھلار توغرىسىدىكى داستان، تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغان غايىۋى پادىشاھ ۋە غايىۋى دۆلەت توغرىسىدىكى داستاندۇر. ئۇنىڭ تېمىسى، ۋەقەلىكلىرى، شەكلى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇنى ئوخشاش ئەمەس. ئۇنىڭدىكى مەزمۇن ھەربىر «خەمسە» نىڭ رەت تەرتىپى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بېيىپ بارىدۇ. شائىرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان بەدىئىي غايىسىگە ئاساسەن مەزمۇن دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ بارىدۇ.

ئوخشاش تېما، ئوخشاش ۋەقەلىكلەرنى ئەدەبىيات - سەنئەت ئارقىلىق قانداق ئىپادىلەش ئوتتۇرا ئەسىردىكى شائىرلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان زور تالانت ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. خەمسە ئىجادىيىتى بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ماھارەتلىرىنى مۇشۇ ئەدەبىي ئېقىم ئارقىلىق نامايان قىلدى. دەل مۇشۇ سەۋەبلىك خەمسە ئىجادىيىتى خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەتلەردىكى ئەدىبلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىپ، زور بىر تۈركۈم شائىرلار خەمسە يېزىشقا كىرىشىپ، خەمسە يېزىشنىڭ غايەت زور دولقۇنىنى ھاسىل قىلىپ، شەرق ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا خەمسە ئەدەبىي ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى.

نۇرغۇن شائىرلار خەمسە يېزىش دولقۇنىدا كەسكىن رىقابەتلىشىپ، بەزىلىرى رىقابەتتە غەلىبە قىلىپ تاللاندى. بەزىلىرى رىقابەتتە مەغلۇپ بولۇپ شاللاندى. ئۇتۇق قازانغانلىرى نىزامىي گەنجىۋىي، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋىي، ئابدۇراخمان جامىي، ۋە ئەلىشىر نەۋائىيلار

www.uyghurkitap.com



بولدى. ئۇلار ئۆز خەمسىلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى تارىخىي كىتابلاردىكى خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت، قىسسە، چۆچەك ۋە خىيالىي تەسەۋۋۇرغا باي ھېكايىلەردىن ئالدى. خەمسە ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا، بىر - بىرىنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىگە تەنقىدىي قاراپ چىقتى. نەتىجىدە خەمسە رىقابىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ دۇنيا ئەدەبىياتىدا زور شۆھرەتكە ئىگە بولدى. ئۇلار تۆت ئانا سىرغا تەقلىد قىلىنىپ، نىزامى گەنجىۋى ئوتقا، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى ھاۋاغا، ئابدۇراخمان جامى سۇغا، ئەلىشىر نەۋائىي تۇپراققا ئوخشىتىلدى. ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدىكى بۇ تۆت خەمسە پىرلىرى خەمسىلىرىنى بىر - بىرىدىن پەرقلىق ھالدا يېزىپ، ئۆزلىرىگە خاس بەدىئىي قىممەت ياراتتى.

نىزامى گەنجىۋى «خەمسە» سىدە 12 - ئەسىر دەۋر قىياپىتىنى ۋە ئەدەبىي مۇھىتنى كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ بۈيۈك غايىبلىرىنى ئىپادىلىدى. ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى «خەمسە» سىدە 14 - ئەسىر دەۋر شارائىتىنى ۋە ئەدەبىيات ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىدى.

ئابدۇراخمان جامى 15 - ئەسىر دەۋر روھىنى ئىپادىلەپ، ئۆز دەۋرىگە خاس بەدىئىي ماھارىتىنى كۆرسەتتى. ئەلىشىر نەۋائىي غايىۋى مەزمۇنغا باي، ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەرلىرى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «خەمسە» سى ئارقىلىق، 15 - ئەسىردىكى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلىدى. خەمسىدىكى ئوبرازلار دۇنياسىنى، سۇژېتلىرىنى بېيىتتى. ئۆز دەۋرىگە يارىشا مىللىي ئېڭىنى، مىللىي روھىنى، مىللىي ۋىجدانىنى ئىپادىلىدى.

ئۇنداقتا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» ئىجادىيىتى بىلەن ئاكتىۋال شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار نېمە؟ قانداق ئىدىيىلەر سەۋەبچى بولدى؟ بۇ مەسىلىلەرنى تۆۋەندە ئايرىم - ئايرىم مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى.

1. ئەلىشىر نەۋائىي 1441 - يىلى قەدىمىي مەدەنىيەت مەركىزى ھىرات شەھىرىدە ئۇيغۇر باخشىسى (ئۇستاز) غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، تا 1501 - يىلى ئاشۇ ھىرات شەھىرىدە ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۆتكۈزگەن ئاتمىش يىللىق ھاياتىدا، ھىرات، سەمەرقەند، باغداد، مەشھەد قاتارلىق شەھەرلەردە ياشاپ، ئىزچىل تۈردە ئىلىم تەھسىل قىلدى. تۈرلۈك پەنلەردىكى ئالىم، ئۆلىما، مۇددەررىس، سەنئەتكار، تارىخچى، يازغۇچى، شائىرلار بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتتى. ئۇلار بىلەن قىزغىن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىدىيىسىگە، كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى قاراشلىرى، غايىلىرى، سوپىستىك قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۆز زامانىسىدىكى تۈرلۈك بىلىملەرنى پائال ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئۆزىدىن ئاۋۋال ياشاپ ئۆتكەن فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامى قاتارلىق مۇتەپەككۇر، ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلدى. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى پادىشاھ، ھاكىم بەگلەر بىلەن خىزمەت قىلدى. ساۋاقدىشى ھەم دوستى، خۇراسان دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارا تەرىپىدىن ئوردىدا ۋەزىرلىك قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلدى ۋە ئەتىۋارلاندى. بەزىدە ئوردىدىكى يامان كىشىلەرنىڭ پىتنە - پاساتى بىلەن چەتكە قېقىلىپ خارلاندى. ھەتتا ئاستىرابادتىن يىراق، چەت جايلارغا «ھاكىم» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن سۈرگۈن قىلىندى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئۆز زامانىسىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ئاستىدا، ھۈسەيىن بايقارا تەرىپىدىن ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەندە، نەۋائىي ھاكىمىيەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا قاتناشتى. پۈتكۈل خۇراسان دۆلىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى،

قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، خەلق ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆردى. ئۇلار ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ ئەۋزەل شارائىتتا، خەلق ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. خەلقنىڭ ئارزۇلىرىنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. خەلقنى ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتكۈزۈش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئەمما، ئوردا ھاياتىدا، ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە قاتتىق تەسىر قىلغىنى، ئوردىدىكى بۇزۇقچىلىق، ئەيش ـ ئىشرەت، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ پارىخورلۇق قىلمىشلىرى بولدى.

بۈتۈن ھاياتىنى ئىنسان بەختى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئاتا قىلغان نەۋائىي، بۇنداق بۇزۇقچىلىقلار ئالدىدا ئوردىدا داۋاملىق خىزمەت قىلىشنى رەت قىلىپ، خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. ئۇ شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرى توپلانغان ھىرات ۋە سەمەرقەند شەھەرلىرىدە، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ ماتېرىيال توپلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن قىزغىن شۇغۇللاندى.

نەۋائىي پۈتكۈل ھاياتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىش، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش، دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش جەريانىدا، تۈرلۈك مەدەنىيەت، ئەدەبىي ئىلىم، پەلسەپە، تارىخ ھەم تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. نەتىجىدە ئۇ، ئالىم، ئەدىب، شائىر بولۇش سالاھىيىتى ھەم بىر پىشقان دۆلەت ئەربابى، جامائەت ئەربابى سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ دۆلەت ئەربابى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن دۆلەت ئۈچۈن، ئاۋام خەلق ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ، خىلمۇخىل ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. نەۋائىي ئەقىل ـ پاراسىتىنى ھۈسەيىن بايقارانىڭ دۆلەتنى توغرا باشقۇرۇش، خەلققە بەخت ـ سائادەت يارىتىپ بېرىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلدى. ئۆزى پادىشاھ ھۈسەيىن بايقاراغا مەسلىھەت بېرىپ، خەلقنىڭ سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى، شەھەر قۇرۇلۇشىنى، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ياخشىلاپ بەردى. خەلقنىڭ ئوردىغا سۇنغان ئەرز ـ تەلەپلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلدى. ئۇ خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك:

«يۈز جەفا كەلسە ماڭا بىر قەتلە فەرياد ئەيلەمەن،
ئەلگە كەلسە بىر جەفا يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەمەن»

دەيدىغان بۈيۈك ئىدىيە بىلەن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلققە ئاتىدى. ئەمما، ئۇ تۈرلۈك سىياسىي ئىجتىمائىي ئىشلارغا قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ زور ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولغانلىقى، بىلىم دائىرىسى كەڭ، غايىۋى مەزمۇنغا باي مۇتەپەككۇر بولغانلىقى بىلەن، ئىلغار پىكىرلىرى كۆپ، تەشەببۇسلىرى خىلمۇ خىل، ئويلىغان پىلانلىرى ئەمەلىي ئىدى. لېكىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى يۇقىرىقىدەك ئىلغار تەشەببۇسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئاستىرابادتىن يىراق جايلارغا سۈرگۈن قىلىندى. ئوردا ئىچىدە تۈرلۈك توسالغۇلارغا ئۇچراپ، بۈيۈك غايىلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلالمىدى.

لېكىن، نەۋائىي ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشلىرىنى، غايىلىرىنى، تەشەببۇسلىرىنى بىر مەشھۇر شائىر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بەدىئىي ئۇسۇلدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە، تالانت ۋە خاسىيەتلىك ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى.

نەۋائىي خەلق ۋە دۆلەت مەنپەئىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى،

www.uyghurkitap.com



ئىلىم - پەن، ئىنسان ھۆرلۈكى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەختى، ئىنسان ئەخلاقى مەسىلىلىرىنى ئومۇمەن ئۆزىنىڭ غايىلىرىنى بىر ئۆمۈر لىرىك شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈردى. لېكىن، كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى ئاڭلىغان كۆپ ئىشلارغا قاتناشقان، كۆپ ئىلىم ئالغان شائىر ئەينى دەۋردىكى زور سىياسىي، تارىخىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنغا باي خىياللىرىنى، ئېستېتىك ئىدېئال جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى شېئىرىيەتنىڭ بۇ لىرىك ژانىرى ئارقىلىق تولۇق، ئىنچىكە، ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇ ياشىغان دەۋرلەردە خانلىق ئالمىشىش كۆپ بولغان، ھەر ئالمىشىش ۋاقتىدا زور جەڭگى - جېدەل، قان تۆكۈشلەر دائىم بولۇپ تۇرغان، ئادەملەر ئارىسىدا قەبىھ ۋە رەزىل ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرغان، ئىلىم ئەھلىلىرى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى چەتكە قېقىلىپ تۇرغانلىقىدەك زور مەسىلىلەر سادىر بولۇپ تۇراتتى. بۇ دەۋردە فېئودالىزمنىڭ مەنىۋى كىشەنلىرى كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، خۇراپىي كونا ئادەتلەر تۈپەيلى كىشىلەر تەرەققىياتقا ئېرىشەلمەيۋاتقان، پىتنە - پاسات، رەزىللىك كۆپىيىپ، جەمئىيەتتە ئىناقسىزلىق، زور دەرىجىدە يامراپ كەتكەنىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي بۇ زور مەسىلىلەرنى پەقەت ئىلىم - پەن ئارقىلىق، ئادىل قانۇن بىلەن، ئادىل پادىشاھنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزىگىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ غايىلىرىنى شېئىرىيەتنىڭ داستانچىلىق ژانىرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولدى. ئۇ داستانچىلىقتا بىر داستان يېزىش بىلەنلا بۇ زور مەسىلىلەرنى ۋە غايىلەرنى تولۇق ئىپادىلەپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئەدەبىي ئېقىم «خەمسە» گە مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ زور غەيرەت ۋە ئىرادە بىلەن شائىرلىق تالانتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئۆزى توپلىغان باي ماتېرىياللىرى ئاساسىدا بەش يىرىك داستاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىپ، زامانىسىدىكى دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ھەر تەرەپلىمە ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. نەتىجىدە نەۋائىي ئوتتۇرا ئەسىردە شائىرلار يۈرەكلىك يېزىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان يىرىك داستانلار توپلىمى «خەمسە»نى بارلىققا كەلتۈردى.

## II

خەمسە — ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن بىر خىل يىرىك ئەدەبىي ئېقىم. بۇ ئېقىم شەرقتە 12 - ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ھىندىستان ئەدەبىياتلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئۇنى يازما ئەدەبىياتتا بىرىنچى قېتىم ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى (1141 — 1209) باشلاپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ توغرىدا ئىزدەنگەنلەر، خەمسە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار ناھايىتى كۆپ بولدى. گەرچە ئۇلارنىڭ مىللىتى، تىلى، ياشىغان ماكانى ئوخشاش بولمىسىمۇ، يەتتە - سەككىز يۈز يىل داۋام قىلغان خەمسە ئېقىمىغا قىزغىن مۇراجىئەت قىلىپ كەلدى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر قىلغان «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابتىكى ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، «خەمسە» چىلىك تارىخىدا يۈزدىن ئارتۇق كىشى خەمسە يازغان.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدا خەمسە يېزىش دولقۇنى بارلىققا كەلگەن. شائىرلار «خەمسە»نى شائىرلىق تالانتى، سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان ئەدەبىي ئۆلچەم قىلغانىدى. شۇڭا، ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدا، خەمسىگە مۇراجىئەت قىلىش ۋە ئۇنى يېزىشتىن ئىبارەت خەمسە يېزىش رىقابىتى بارلىققا كەلدى.

گەرچە بۇ رىقابەتكە شەرق ئەللىرىدىكى مىڭدىن ئارتۇق شائىر قاتناشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇتۇق قازانغىنى پەقەت تۆتلا ئادەم بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە نىزامى گەنجىۋى، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى ۋە ئابدۇراخمان جامىلار ئۆز خەمسىلىرىنى شۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئەسىردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەپىس تىلى دەپ ئاتالغان پارس تىلى، بىلەن يازدى. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق شائىرلىرى ئارىسىدا «ئەدەبىي ئەسەرنى (شېئىرىي ئەسەرلەرنى) پەقەت پارس تىلى ئارقىلىقلا نەپىس ۋە تەسىرى كۈچلۈك قىلىپ يازغىلى بولىدۇ» دېگەن قاراش شەكىللەندى. ھەتتا پارس تىلى، شېئىرىي تىل، خەمسە رىقابىتىگە پارس تىلى ئارقىلىقلا قاتناشقىلى بولىدۇ، دېگەن قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خىل قاراش پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىۋاتقان مەزگىللەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭ ئارىسىغا تېزدىن يامرىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدىمۇ «شېئىرنى پەقەت پارس تىلى ئارقىلىقلا ياخشى يازغىلى بولىدۇ، خەمسىنى تېخىمۇ شۇنداق» دەيدىغان خاتا قاراشلار شەكىللەندى. دەل مۇشۇنداق خاتا قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە نەۋائىي دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شوغۇللىنىۋاتقان تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئەدىبلەر ئىچىدە تۈركىي تىل بىلەن شېئىر يازغانلارنىڭ سانى ئوتتۇزدىن ئاشمىغان، بۇ پاكىتنى ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس» (گۈزەللەر يىغىلىشى) ناملىق ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر ئەسىرىدە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي ئەدەبىيات نەۋائىينىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، زىيالىيلار ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ قالدى. كەڭ خەلق بۇ ئەدەبىياتتىن زوق ئالالمىدى. دەل مۇشۇنداق پەيتتە، ئۆز خەلقىنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئەبەيدۇللا لۇتفى، سەككاكى، ئەتائى، خارەزمى قاتارلىق شائىرلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز مىللىي تىلى بىلەن بەدىئىيلىكى يۇقىرى، مەزمۇنغا باي، تىل ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن نۇرغۇن لىرىك شېئىر، قەسىدە ۋە داستانلارنى يېزىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلدى. ئەدەبىياتنى خەلق بىلەن يېقىنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى بولغان «خەمسە»نى يېزىشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپە تۇراتتى.

دەل مۇشۇنداق پەيتتە خەلقىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى، ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ ھۆرمىتى، ئۆز ئانا تىلىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۈچۈن، 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، ئۇيغۇر تىلى ئۇستىسى، ئىككى تىل ماھىرى، بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي ئوتتۇرىغا چىقىپ، يېزىش قىيىن دەپ ئاتالغان خەمسىگە مۇراجىئەت قىلدى ۋە شەرق ئەدەبىياتىدىكى خەمسە يېزىش رىقابىتىگە قاتناشتى.

نەۋائىي رىقابەتكە قاتنىشىپ، ئالدى بىلەن خەمسىنى يېزىشنىڭ تولىمۇ قىيىن ۋە جاپالىق ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئىزدىنىشكە، كۆپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ بۇنداق ئىدىيىۋى ھالىتىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ئەمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق، كېرەك شىر ئالدىدا ھەم شىرى جەڭگى،
نىزامى پەنجەسىگە پەنجە ئۇرماق. ئەگەر شىر ئولماسا بارى پەلەڭگى.

نەۋائىي شىرنىڭ ئالدىدا، شىر جېڭى قىلىش كېرەك دېگەن رىقابەت ئېڭىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردە خەمسىلەرگە ماتېرىيال بولغان ئىران، ئەرەب،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا تارقالغان، شىرىن، خۇسرەۋ، فەرھاد، لەيلى، مەجنۇن، بەھرام، دىلئارام، ئىسكەندەر توغرىسىدىكى رىۋايەت، ھېكايىلەرنى، تارىخىي قىسسىلەرنى توپلىدى. بۇ ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلدى. ئۆز خەمسىسى ئۈچۈن توپلىغان ماتېرىياللار ئارىسىدىن خەلق كۆڭلىگە ياقىدىغانلىرىنى تاللىدى، ۋە ئۇلارنى يۈكسەك دەرىجىدە پىششىقلاپ ئىشلىدى. ئۇ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ئەگەرچە نەزم دىلكەش بولسە مەسمۇئە، بۇرۇن ئەت ھەم نىكىم بولسە تەۋارىخ،
ئانىڭ ئەفسانەسى ھەم بولسە مەتبۇئە. بارىدىن ئىستە بۇ فەرخۇندە تارىخ.

— «فەرھاد - شىرىن»

(ئەگەر سېنىڭ دىلنى تارتقۇچى نەزمىلىرىڭنى باشقىلار ئاڭلايدىغان بولسا، ئۇنىڭدىكى، ئەپسانىلەرمۇ كۆڭۈلگە ياقىدىغان بولسۇن، ئاۋۋال بۇ ھەقتىكى ھەرقانداق تارىخنى توپلا، بۇ قۇتلۇق تارىخنى شۇ كىتابلاردىن ئىزدە)

نەۋائىي خەمسەنى مۇكەممەل يېزىپ چىقىش ئۈچۈن يەنە ئۆزىدىن بۇرۇنقى، ئۈچ خەمسە ئۇستازىنى تەتقىق قىلدى. ئۇلارنىڭ «خەمسە» لىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. ئۇلارنىڭ «خەمسە» لىرىنىڭ ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلدى، يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىدىن ساۋاق ئالدى. ئۇ، نىزامى، جامى، دېھلىۋىلەردىن ئۆگەنگەندە، تەقلىدچىلىكتىن ئالاھىدە ساقلاندى. ئۇ ئۆز «خەمسە» سىنى يېزىشتا، ئۇيغۇر تىلىدا، ئۆز زامانىسىغا يارىشا يېڭى پىكىر، يېڭىچە غايە، ئۆزىگە خاس بەدىئىي مېتود بىلەن يۈكسەك مىللىي روھنى ئىپادىلەيدىغان قىلىپ يارىتىشنى، خەمسە رىقابىتىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ «خەمسە» سىدىكى «فەرھاد - شىرىن» داستانىغا چوڭ تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى.

ئۇ داستاندا، خۇسرەۋنى، قانخورلۇقى تۈپەيلى ئاساسىي قەھرىمانلىق سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنى ئۆز خاراكتېرى بىلەن سەلبىي ئوبراز قىلىپ بېكىتتى. نىزامى، دېھلىۋىلەرنىڭ داستانلىرىدا قوشۇمچە ئوبراز قىلىپ تەسۋىرلەنگەن فەرھاد ئوبرازىنى، ئاساسىي باش قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلىدى. بۇ ئىككى ئوبرازنى تامامەن بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى قويدى. بۇ جەھەتتە نەۋائىي نىزامىلارنىڭ ئۆز داستانلىرىدا، خۇسرەۋدىن ئىبارەت بۇ زالىم، قانخور شەخسنى ئاساسىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۇنى ماختىغانلىقىنى تەنقىدلەيدۇ ۋە بۇنداق قىلىشتىن بىزار بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ:

ئۇلار نەزمىنىڭ ئاللىدە مەنى زار، زەرۇرەتكىم سالىپ بىر ئۆزگەچە تەرھ،
چۇ فەھم ئەتتىمكى كۆرگۈمدۇر كۆپ ئازار. بۇ مېھنەتنامەنى قىلغۇمدۇرۇر شەرھ.

(مەن ناتىۋان ئۇلارنىڭ يازغانلىرى ئالدىدا كۆپلەپ ئازار يەيدىغانلىقىمنى پەملىدىم. شۇڭا باشقىچە يول تۇتۇشنى زۆرۈر دەپ بىلىپ، بۇ مېھنەتنامىنى بايان قىلىشقا كىرىشتىم.)

نەۋائىينىڭ بۇ خىل قارىشى، ئۇنىڭ «فەرھاد - شىرىن» داستانىنىڭ ماۋزۇسىدىمۇ رۇشەن ئىپادىلەندى. يەنى نىزامى ئۆز داستانىغا «خۇسرەۋ - شىرىن» دەپ ماۋزۇ قويغاندى؛ خۇسرەۋ دېھلىۋى سەل ئىلگىرىلەپ، داستانىغا «شىرىن - خۇسرەۋ» دەپ ماۋزۇ قويدى. ئەمما، نەۋائىي يۇقىرىقىلارغا تەنقىدىي قاراپ ئۆز داستانىغا «فەرھاد - شىرىن» دەپ ماۋزۇ

قويدى. مانا بۇ نەۋائىينىڭ خەمسە ئىجادىيىتىدىكى يېڭىچە بەدىئىي مېتود، يېڭىچە ئۇسلۇب، يېڭىچە پىكىر، يېڭىچە تەرەققىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىنىمۇ ئۆز دەۋرىگە خاس يېڭى تەپەككۇر، يېڭى غايىلىرى ئاساسىدا يازدى. «سەبئەئى سەييار» داستانىنى بولسا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ تارقالغان، بەھرام ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئاساسىدا مۇكەممەل يېزىپ چىقتى. نەتىجىدە خۇددى ئۆزى «مەھبۇبۇل - قۇلۇپ» ئەسىرىدە كۆرسەتكىنىدەك:

ئاز - ئاز ئۆرگەنىپ دانا بولۇر،
قەترە - قەترە يىغىلىپ دەريا بولۇر.

دېگەن ئۆگىنىش روھى بىلەن، خەمسە ئىجادىيىتىدە ئەتراپلىق ئىزدەندى. خەمسىنىڭ ئەسلى ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل توپلىدى ۋە تاللىدى. نىزامى، دېھلەۋى، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىقلارنىڭ خەمسىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەنقىدىي ئۆگىنىپ، ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتىگە تەدبىقلىدى. ئۇ كۈچلۈك مىللىي روھ، سۇنماس ئىرادە ۋە زېرىكمەي ئۆگىنىش ۋە يېزىشتەك پەزىلىتى بىلەن خەمسە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «خەمسە نەۋائىي»نى يېزىپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ كەسكىن ھەم زور رىقابەتكە قاتناشقان شائىر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن، خەمسە رىقابىتىدە ئۇتۇق قازاندى. شۇنىڭ بىلەن نەۋائىي ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق ئەدەبىياتىدا ئۇتۇق قازانغان تۆت خەمسە پىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى.

## I

مىلادى 10 - ئەسىردىن 12 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەرەب ئىستېلاسىغا قارشى كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتى، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. تارىخ 17 - ئەسىرگە كەلگەندە، پارس تىلى بىلەن پارس شېئىرىيىتى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمران تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئىسلام مۇھىتىدا تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەدىب، شائىرلار ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىپ، پارس تىلىدا شېئىر يېزىشنى بىر خىل مودىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى نەپىس تىل ئەمەس، ئىپادىلەش كۈچى پارس تىلى ۋە ئەرەب تىلىغا يەتمەيدۇ، نازۇك، چوڭ مەسىلىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئىلمىيلىكى تۆۋەن، بەدىئىي تىل ئەمەس، بۇ تىلدا سۈپەتلىك، تەسىر دائىرىسى كەڭ، يىرىك ئەسەرلەرنى يازغىلى بولمايدۇ، دېگەندەك بىمەنە باھالىرى ئارقىلىق پۈتكۈل ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي تىلى بولغان، لۇتفى، ئەتايى، سەككاكى شېئىرلىرىنىڭ تىلى بولغان، جۈملىدىن، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تەك دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ نام - ئابرۇيىغا ئېغىر دەرىجىدە نۇقسان يەتكۈزدى. بۇ تىلنىڭ ئەدەبىياتتىكى رولىنى بىراقلا يوققا چىقاردى. ئۇلار ئۆز ئانا تىلىدا شېئىر يازغانلارنى ئوچۇق كەمسىتتى، ئۇلارنى سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىقتىدارى يوق، شائىرلىق تالانتىدىن مەھرۇم شائىرلار دەپ ھاقارەتلىدى. نەۋائىينىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار (پارسگويلار) ئۆزلىرىنىڭ پارس تىلىدا شېئىر يازالىقىدىن پەخىرلىنىپ، پارس تىلىنى

شېكەرگە ئوخشىتىپ، «پارسىي شەكەرەست» دەپ تەشۋىق قىلدى. بۇ دەۋردە يەنە بىر تۈركۈم ئەرەب تىلىغا چوقۇنغۇچى شائىرلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، خۇددى پارسگويلارغا ئوخشاش ئەيمەنمەستىن «ئەرەبىي ھەسەلەست» دېيىش ئارقىلىق، ئەرەب تىلىنى ئۇيغۇر تىلىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلمىيلىكىگە قارىغۇلارچە داغ يەتكۈزۈپ، ئالاھىدىلىكلىرىنى بىراقلا يوققا چىقاردى. بۇ خىل قاراشتىكى ئەدىب، شائىرلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى بىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازىدىغانلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئازلاپ كەتتى.

مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مىللىي ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى كەڭ خەلقتىن يىراقلاپ كېتىش، ھەتتا ئايرىلىپ كېتىشتەك جىددىي خەۋپكە دۇچ كەلدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر تۈركىي ئەدەبىياتى ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈردى.

دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ۋە شائىرلىرىدىكى بۇ چوڭ بۇزۇلۇشنى بايقاپ، ئۆز مىللىتى ۋە خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىنى قوتۇلدۇرۇپ، ئانا تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە بۇ تىلنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن خارەزمى، لۇتفى، ئەتايى، سەككاكى، نەۋائىي قاتارلىق شائىرلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلاردىن خارەزمى بىلەن لۇتفى ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يازغاندىن باشقا لىرىك ـ ئېپىك داستانلارنى يازدى. ئەتائى بىلەن سەككاكىلار ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇن گۈزەل لىرىك شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىپادىلەش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى، نەپىس تىل ئىكەنلىكىنى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئوبرازلىق تىل ئىكەنلىكىنى، پارسگوي شائىرلار ئالدىدا نامايان قىلدى. شېئىرنى خەلق بىلەن يېقىنلاشتۇردى. ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىنى بېيىتىشقا تۆھپە قوشتى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن پارسگوي شائىرلار ئارىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى كەمسىتىش كېسىلى ئۇزۇل ـ كېسىل توگىمىدى. ئەكسىچە بارغانچە ئېغىرلاشتى.

دەل مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەت ئاستىدا ئەلىشىر نەۋائىي ئۇستازى لۇتفىلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، كۇنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقان يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي كېسەلنى داۋالاپ، ئۆز تىلىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش يولىدا بىر ئۆمۈر تۆھپە قوشقان لۇتفى، ئەتايى، سەككاكىلار توغرىسىدا توختالدى. بۇ شائىرلارنى «ئۇيغۇر تىلى ئۇستىسى»، «ئۇيغۇر تىلى سۆز پادشاھى» دەپ ئاتىغاندىن سىرت «ئۇيغۇر تىلىنىڭ چېچەن ناتىقلىرىدىن، تۈركىي سۆز ماھىرلىرىدىن بولمىش سەككاكى، لۇتفىلار» دەپ ماختىدى. ئۇ لۇتفى بىلەن سەككاكىنى، «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ئۇستىلىرىدىن، تۈرك، تىلىنىڭ ماھىرلىرىدىن ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفىدۇركى، ھەربىرىنىڭ تاتلىق شېئىرلىرى، چەكسىز شۆھرەت قازاندى ۋە ھەربىرىنىڭ يېقىملىق گۈزەل غەزەللىرى ئىراق ۋە خۇراساندا ئۇزۇلمەي تارقالماقتا...» دېيىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يېزىپ، دۇنيادا شۆھرەت قازىنىۋاتقان لۇتفى، سەككاكىلاردەك ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى پەخىرلىك ھېسسىيات بىلەن ئالاھىدە كۆرسەتتى.

ئاندىن ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ۋە ئۆزى بىلەن زامانداش ئەدىب، شائىرلاردىن سۇلتان

مەلىك قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى «ۋەفەئى» تەخەللۇسلۇق شائىر ئەھمەد ھاجىبەگ، شاھقۇلى ئۇيغۇر، مەۋلانا لۇتفى، مەۋلانا ئەتايى، مەۋلانا سەككاكى، مەۋلانا يەقىنى، مەۋلانا مۇقىمى، مەۋلانا گەدائى، سەئىد ئەھمەد مىرزا قاتارلىق شائىرلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ ئۆتۈپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن شېئىر يازغانلار دېگەن پەخىرلىك نام بىلەن ئالاھىدە تونۇشتۇردى. بۇلارنى ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازغانلارنىڭ نەمۇنىلىرى دەپ ماختىدى.

نەۋائىي پارس تىلى شامىلى ئۈستىدە ئالاھىدە ئويلاندى. نەتىجىدە «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين» (ئىككى تىل مۇھاكىمىسى) ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ، پارس تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىنى ئايرىدى. كىتابتا ئۇيغۇر تىلىدىن جەمئىي يۈز سۆزنى مىسال كەلتۈرۈپ، بۇ سۆزلەرگە پارس تىلىدىن لايىق سۆز تېپىلمايدىغانلىقىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىسپاتلاپ چىقتى. نەۋائىي يەنە پارس تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى لېكسىكا ۋە گراممانىكا جەھەتلەردىن تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پارسگوي شائىرلار ئېيتقاندەك، پارس تىلىدىن تۆۋەن ئورۇندا ئەمەس، بەلكى پارس تىلىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، پارس تىلىدا بولمىغان كۆپ خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە تىل ئىكەنلىكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئىسپاتلاپ چىقىپ، ئۇيغۇر تۈركىي تىلى ئۈستىدە «تۈركىي ھۈنەرەست» دېگەن ئىلمىي يەكۈننى چىقاردى.

ئۇ، بىر ئۆمۈر يازغان تۈركىي تىلىدىكى شېئىرلىرىنى نەۋائىي — يەنى كۈي، ئەبەدىيلىك، مەڭگۈلۈك دېگەن مەنىدىكى تەخەللۇسى بىلەن يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلى، ئۇيغۇر تۈركىي تىلىغا بولغان ھۆرمىتىنى ۋە ساداقىتىنى ئىپادىلىدى. بۇ تەخەللۇس بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا «خەزائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق تۆت توملۇق دىۋانىنى «خەمسە» قاتارلىق يېرىك ئەسەرلىرىنى يازدى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى يازغىلى بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بەردى. ئەمما، بۇ چاغدا، پارسگوي شائىرلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، نەۋائىي پارس تىلى بىلەن شېئىر يازالمىغىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان شېئىرلىرىنى داۋراڭ قىلىۋاتىدۇ. ئۇ بىزدەك پارس تىلى بىلەن شېئىر يازىدىغان ئۇستا شائىرلارنى كۆرەلمىدى، دەپ نەۋائىيغا ھۇجۇم قىلدى.

بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا، نەۋائىي ئۆزىنىڭ ئىككى تىل ماھىرى ئىكەنلىكىدەك ئۇستۇنلۇكىدىن پايدىلىنىپ، «فانى» يەنى ئۆتكۈنچى، يوقالغۇچى دېگەن تەخەللۇسى بىلەن زور بىر تۈركۈم پارسچە شېئىرلارنى يېزىپ «دىۋانى فانى» ناملىق پارس تىلىدىكى شېئىري دىۋانىنى پارسگوي شائىرلارغا جاۋاب ئورنىدا سوۋغا قىلدى. نەۋائىي «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين» ناملىق كىتابىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «ئۇلار نەۋائىينىڭ تەبىئىتى تۈركىي تىلىغا باب كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى كۆپتۈرۈۋاتىدۇ، پارسچە بىلەن ئالاقىسى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى چەتكە قېقىپ ئىنكار قىلىۋاتىدۇ دەپ قالمىسۇنكى، پارسچىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش يولىدا ھېچكىم مەندىن ئارتۇق ئىش قىلغان ئەمەس» دەپ پارسگوي شائىرلارغا جاۋاب قايتۇردى. مانا بۇ نەۋائىي ئىككى تىل ھەققىدىكى قارىشىنىڭ روشەن ئىپادىلىنىشى ئىدى.

لېكىن، پارسگوي شائىرلار بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇلار شەرق ئەدەبىياتىدا، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلچىمى خەمسە يېزىشتۇر، ئەمما مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان خەمسىلەرنىڭ ھەممىسى پارس تىلى بىلەن يارىتىلدى. ئۇيغۇر تىلىدا خەمسە يېزىلغان ئەمەس، دېگەن سۆزنى كۆتۈرۈپ چىقتى. نەۋائىي بۇ سوئال ئالدىدا ئۆزى ئىسپاتلاپ چىققان «ھۈنەرەست تىل» ئۇيغۇر تىلىدا خەمسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ تولىمۇ مۇھىم

ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى.

ئۇ بۇ ھەقتە «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ياشلىقىمنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەنمۇ پارس تىلى بىلەن يېزىشقا يۈزلەنگەنىدىم. . . . ئەقىل يېشىمغا قەدەم قويغىنىمدىن كېيىن تۈركىي تىل ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم. مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىن ئارتۇق بىر ئالەم نامايان بولدى. . . مەن بۇ يەرنى تاماشا قىلىپ تويمىدىم. تالانتىم لەشكەر بولۇپ، بۇ ئالەم مەيدانىدا ئات ئوينىتاتتى. خىيالىم قۇش بولۇپ بۇ ئالەم ئاسمىنىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى. دىلىم سەرراپ بولۇپ، بۇ جەۋھەرلەر خەزىنىسىدىن ھېسابسىز قىممەتلىك ياقۇت ۋە دۇرلارنى ئالدى. كۆڭلۈم گۈل تەرگۈچى بولۇپ، بۇ گۈلشەن رەيھانلىرىدىن چەكسىز خۇش پۇراق گۈللەرنى يىغدى. بۇ ئۇتۇق ۋە بايلىقلارغا، بۇ پايدا ۋە غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولغىنىمدىن كېيىن ئۇنىڭ نەتىجە گۈللىرى دەۋر ئەھلى ئۇچۇن بىمالال ئېچىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئىختىيارسىز چېچىلىشقا باشلىدى. شۇ جۈملىدىن بىرى ...... بۇ تۆت دىۋان ساداسىنى دۇنياغا ياڭرىتىش بىلەن بىللە ‹خەمسە› نى قولۇمغا ئالدىم.»

شۇنداق قىلىپ نەۋائىي دەۋر ئەھلى ئۇچۇن بىمالال ئېچىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئىختىيارسىز چېچىلىشقا باشلىغان ئۇيغۇر تۈركىي تىلىدىن ئىبارەت بۇ رەيھانگۈلىنى مەيدىسىگە تاقاپ، ئۇلۇغۋار غايە ۋە غۇرۇرى، چىن ھېسسىياتى بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ، 1483ـ يىلدىن 1485 ـ يىلغىچە ئىككى يىل زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، كۆپ ئىزدىنىش، جاپالىق مېھنەت قىلىش نەتىجىسىدە «خەمسە نەۋائىي» نى ئۇيغۇر تۈركىي تىلىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقتى ۋە خەمسىنى پەقەت پارس تىلى بىلەنلا يازغىلى بولىدۇ، ئۇيغۇر تۈركىي تىلى خەمسىگە ئاجىزلىق قىلىدۇ دېگۈچى پارسگۇي شائىرلارغا ئەمەلىيەت ئارقىلىق جاۋاب قايتۇردى.

IV

ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش، ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىدىكى يىرىك داستانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئىدىيىسى نەۋائىينىڭ خەمسە يېزىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي كىچىكىدىن تارتىپ ناھايىتى زېرەك، چېچەن چوڭ بولدى. ئۇ غەرب ۋە شەرق مەدەنىيىتى مەركەزلەشكەن ئىلىم ـ پەن ئەھلى كۆپ توپلانغان ھىرات شەھىرىدە ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، نەزەر دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيگەن، بىلىم قۇرۇلمىسى پۇختا، ئويغاق كىشى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ ھەردائىم ئۆز خەلقىنىڭ ئارزۇلىرىغا، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرىگە، بولۇپمۇ مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئىستىقبالىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۆز خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى بېيىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستىكىدە بولدى. شۇڭا ئۇ ئاتمىش يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا، يۈكسەك مىللىي روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئېستېتىك غايىلەر جەھەتتە بولسۇن ھامان ئۆز خەلقىنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىگە ۋە ئەدەبىياتىغا سېغىندى.

ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن، فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، لۇتفى قاتارلىق ئەدىب، شائىرلار، پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىسى، غايىسى، پەلسەپىۋى ئېستېتىك قاراشلىرى، تىلى ۋە ئەدەبىيات مەسىلىلىرى، ھەر خىل ئېقىملار توغرىسىدىكى

تەرەققىيپەرۋەر قاراشلىرىنى پائال قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ شاھانە ئەسەرلىرىدىن ئىلھام ۋە زوق ئالدى. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە تەتبىقلىدى.

نەۋائىي بۇ توغرىسىدا ئۆزى يازغان «مۇنشائات» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئارستوتىلدىن فارابىغىچە، فارابىدىن ئۆز زامانىسىدىكى ئىدېئولوگىيە نامايەندىلىرىگىچە ئۆگەنگەنلىكىنى، ئۇلارنى تەتقىق قىلغانلىقىنى ئېيتقان. بىز ناۋائىنىڭ ئەسەرلىرىنى بولۇپمۇ «خەمسە» دىكى داستانلارنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، نەۋائىينىڭ غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا، فارابىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت ۋە بىلىم توغرىسىدىكى قاراشلىرى زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىمىز.

نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە خۇددى فارابىغا ئوخشاش ھەممە ئىنسان ئەركىنلىككە ئېرىشكەن، باراۋەرلىك، ئادالەت ھۆكۈم سۈرگەن غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىنى ئەكس ئەتتۈردى. نەۋائىي بۇ ئىدىيىنى فارابىدىن پەرقلىق ھالدا ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ بۇ خىل قاراشلىرىنى 11 - ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن يىرىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇكەممەل بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، ئادىل پادىشاھ ۋە ئادىل جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئۇتۇپىيىلەر بىلەن تېخىمۇ بېيىتتى. نەۋائىي «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئەينى ۋاقىتتا ھىراتتا كۆردى ۋە ئۇنى ئوقۇغانىدى. چۈنكى، بۇ داستان، ھىرات شەھىرىدە قۇرۇلغان ئەڭ چوڭ خەتتاتلىق مەكتىپىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا كۆچۈرۈلدى.

نەۋائىي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ ھىرات قاتارلىق شەھەرلەردىكى تەسىرى توغرىسىدا ئۆزبېكىستان تەتقىقاتچىسى ئە. ر. رۇستەموف مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى چاغدا ھىرات ۋە سەمەرقەندتە ‹قۇتادغۇبىلىك›، ۋە ‹ئەتەبەتۇلھەقايىق› داستانلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلۈشى ۋە كۆپچىلىك ئالىم، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ بۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى تەتقىق قىلىشقا نەزىرىنى ئاغدۇرۇشى، ئەينى زاماندا ھىرات ۋە سەمەرقەندتە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلار ۋە ماھىر كاللىگرافلار (قولىيازما كىتابلارنى ياسىغۇچىلار) نىڭ بولغانلىقىدىن ئىدى.

تەتقىقاتچى ئە. ر. رۇستەموفنىڭ يۇقىرىقى سۆزى، رۇس شەرقشۇناسى بېرتېلىسنىڭ «قۇتادغۇبىلىك ھىراتتا، نەۋائىي زامانىسىدا كۆچۈرۈلگەن» دېگەن قارىشى بىلەن تامامەن ئوخشاشلىققا ئىگە. دېمەك يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ھىرات نۇسخىسىنى كۆرۈپ ئۆگەنگەن شائىر نەۋائىي، مەيلى مەزمۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن، مەيلى بىلىم، مەيلى تىلى، مەيلى بەخت، مەيلى ئوبراز، مەيلى ئىدېئال شاھ توغرىسىدىكى مەسىلىلەردە بولسۇن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بۇ قاراشلىرىمىزنىڭ ئىسپاتى شۇكى، نەۋائىي «قۇتادغۇبىلىك» دىكى بىلىملىك، ئادىل شاھ، قانۇن، ئەخلاق ئارقىلىق دۆلەتنى تۈزەپ، ئەلنى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىدىيىسىنى «ھەيرەتۇل - ئەبرار»، «فەرھاد - شىرىن» ۋە «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانلىرىدا روشەن ئىپادىلىدى. ئۇ «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازىنى «قۇتادغۇبىلىك» دىكى كۈن تۇغدى ئوبرازىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە ياراتتى.

بۇ ھەقتە رۇس شەرقشۇناسى بېرتېلىس ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «نەۋائىينىڭ غايىۋى قەھرىمانى ئىسكەندەر نىزامى گەنجىۋى «خەمسە» سىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازىغا قارىغاندا «قۇتادغۇبىلىك» دىكى ئوبرازلارغا (كۈن تۇغدىنى دېمەكچى) ناھايىتى ئوخشايدۇ. نەۋائىي داستانىدىكى ئەنئەنە ‹قۇتادغۇبىلىك› دىن كېلىۋاتىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ، نەۋائىينىڭ «خەمسە نەۋائىي» دىكى داستانلىرىنى يارىتىشتا، ئەنە شۇ، «قۇتادغۇبىلىك» دىن — ئۆز خەلقى

ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك داستانلاردىن ئىلھام ۋە زوق ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

نەۋائىي داستانچىلىق ئىجادىيىتىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە يېزىلغان ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنى ئۇلگە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆز ئىجادىيىتىگە تەتبىقلىدى، ئۇنىڭدىن زوق ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «نەسائىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدە، ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى توغرىسىدا ئالاھىدە توختالدى. ئۇنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىنى مىسالغا ئالدى. «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىدا «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدىكى قاپىيە شەكلىنى ئەينەن قوللاندى. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدىكى بىلىم، ئەخلاق، جەمئىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئوبرازلار دۇنياسى ئارقىلىق تېخىمۇ بېيىتتى. دېمەك، بىز نەۋائىينىڭ داستانچىلىق ئىجادىيىتىدە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ تەسىرىگە زور دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى بىلىمىز.

نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بولۇپمۇ داستانچىلىق ئىجادىيىتىدە، تەسىرگە ئۇچرىغان ۋە ئالاھىدە زوق ئالغان يىرىك شائىرلارنىڭ بىرى مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفىدۇر، لۇتفى نەۋائىي بىلەن زامانداش بولۇپ، ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۇستاز ۋە شاگىرتلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان، شۇڭا نەۋائىي لۇتفىنى ئۇستازىم، دەپ ئېيتىدۇ، نەۋائىي شېئىرىيەتتە لۇتفىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبى، لىرىك ئوبراز، بەدىئىي ئوبراز يارىتىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە تەتبىقلىدى.

داستانچىلىقتا «گۈل ۋە نەۋروز» دا ئوتتۇرىغا قويغان، ھەممە ئىتتىپاقلاشقان، تىنچ، خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرگەن، خەلقى خاتىرجەم بولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە بۇ ئىدىيىنى كەڭ ئوبرازلار دۇنياسىدا تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىپ بېيىتتى. دېمەك، نەۋائىي «خەمسە نەۋائىي» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىرتەرەپتىن خەلق داستانلىرىنىڭ شەكىل، قۇرۇلما ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگەنسە، ئەڭ مۇھىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن، لۇتفىغىچە بارلىققا كەلگەن «قۇتادغۇبىلىك» ، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» «گۈل ۋە نەۋوز» قاتارلىق مۇنەۋۋەر داستانلارنىڭ مەزمۇن، بەدىئىيلىك، غايىۋى جەمئىيەت، پەلسەپىۋىلىك قاراش، ئىلىم - پەن، ئىنسان بەختى توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا «خەمسە» سىنى تەشكىل قىلغان يىرىك داستانلار «ھەيراتۇل ئەبرار» ، «فەرھاد ـ شېرىن» ، «لەيلى ـ مەجنۇن» ، «سەبئەئى سەييارە» «سەددى ئىسكەندەرىي» نى يارىتىپ، ئۇيغۇر يىرىك داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇردى.

V

ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىدە تەربىيىلىگەن يۈكسەك مىللىي مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئەدەبىيات ئېڭىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «خەمسە نەۋائىي» نى بارلىققا كەلتۈردى. نەۋائىي ئەتراپلىق تەربىيە ئالغان، دۇنيا قاراش جەھەتتە نەزەر دائىرىسى كەڭ، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، دۇنياۋى نەزەرگە ئىگە شەخس بولغاچقا، دۇنياۋى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، مۇھىمى ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى قاراشلىرى، پەلسەپە ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى، غايىلىرى مىللىي روھ قاتارلىقلاردىن ھەر دائىم ئىلھاملىنىپ تۇردى. مانا

شۇنداق مەنىۋى تۇپراقلار ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي ئېڭىنى ۋە مىللىي روھىنى يېتىلدۈردى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىجادىيەت ئېڭى شەرق ئەدەبىياتىدا، شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى بولغان «خەمسە» دە ئىپادىلەندى.

ئۇ «خەمسە نەۋائىي»نى تامامەن ئۇيغۇر تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يېزىپ چىقتى. مەيلى تىل، مەيلى ۋەقەلىك، مەيلى ئوبراز، مەيلى شېئىرىيەت خۇسۇسىيەتلىرى، مەيلى قاراش جەھەتتە بولسۇن، ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلغان «خەمسە» قىلىپ يېزىپ چىقتى.

نەۋائىينىڭ بۇ خىل ئېڭى ۋە روھى ئالدى بىلەن «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا روشەن ئىپادىلەندى.

شېرىن توغرىسىدىكى ھېكايە، شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا تارقالغان مەشھۇر ھېكايىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھېكايىنى ئەڭ دەسلەپ، ئىران شائىرى، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ شاھانە ئەسىرى «شاھنامە» گە كىرگۈزۈپ، ئۇنى نەزم شەكلىدە يازدى. كېيىن 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى، ئەسلىدىكى خەلق ئارىسىدا تارقالغان شېرىن توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ۋە «شاھنامە» دىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن، شېئىرىي يول بىلەن بىر يىرىك داستان قىلىپ يېزىپ چىقىپ، «خەمسە» سىگە كىرگۈزدى. ھەر ئىككىلا شائىر، شېرىن بىلەن ئىران پادىشاھى خۇسرەۋنى باغلاپ، داستانغا «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» دەپ ئات قويدى. نىزامىدىن كېيىن، بۇ ھېكايىنى ئۆز خەمسەسىگە نەزملەشتۈرۈپ كىرگۈزگەن شائىر دېھلىۋى، ھېكايىدىكى مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ماۋزۇسىدا ئۆزگىرىش ياساپ، داستانىنىڭ ماۋزۇسىغا «شېرىن ۋە خۇسرەۋ» دەپ ئات قويدى. فەرھاد ئوبرازى بولسا قوشۇمچە ئوبراز سۈپىتىدە تۇرىۋەردى.

نەۋائىي يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۈچ شائىرنىڭ داستانىنى ئىنچىكە كۆردى ۋە تەتقىق قىلدى. ئەسلى ھېكايىنى ئوقۇدى. ئوقۇغاندىن كېيىن نىزامىي، خۇسرەۋ دېھلىۋىلەرنىڭ داستانىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقتى. خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك «ئۇلارنىڭ يازغانلىرىدىن كۆپلەپ ئازار يېدى» شۇنىڭ بىلەن باشقىچە يول تۇتتى. نەۋائىينىڭ قارىشىچە، خۇسرەۋ ئۆز خاراكتېرى بىلەن ئاق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق گۈزەل قىز شېرىنگە مۇناسىپ ئەمەس. بۇ گۈزەل قىزغا مۇناسىپ بولىدىغىنى مېھنەت سۆيەر، بىلىملىك، ئىرادىلىك يىگىت فەرھاد ئىدى. فەرھاد، بۇ ھېكايىدە ئاساسىي قەھرىمان بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى. شۇڭا نەۋائىي «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى يازغاندا، باش قەھرىمان مەسىلىسىنى ئىلمىيلىك بىلەن توغرا ھەل قىلىپ، فەرھادنى باش پېرسوناژ، خۇسرەۋنى ئىككىنچى ئورۇندىكى پېرسوناژ قىلىپ بېكىتتى. «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدىكى دىققەتكە سازاۋەر قىزىق نۇقتا شۇكى، نەۋائىي ئۆزىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان فەرھادنى خوتەن شاھزادىسى قىلىپ تەسۋىرلىدى. ئۇنى شەرقتىن تاللىدى. ئۇنى شەرققە باغلىدى. ئۇنى ئىسمى جىسمىغا لايىق بىلىملىك، ھۈنەرۋەن، ئىرادىلىك، كۈرەشچان، مېھنەت سۆيەر، ساداقەتمەن قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئۇنى سوقرات قاتارلىق يۇنان پەيلاسوپلىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئۇ، فەرھادنىڭ شەرقتىن غەربكە بېرىپ تاغ يېرىپ سۇ باشلاپ، خەلققە بەخت ئېلىپ كەلگەنلىكىدەك تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق شەرق خەلقلىرىنىڭ سۇنماس ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. بۇنى «خەمسە» سى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەردى. شۇنداق قىلىپ نەۋائىي فەرھادنى ئۆز ئىدىيىسىگە مۇناسىپ، دۇنياۋى خىسلەتكە ئىگە تىپ قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



داستاندا يەنە خوتەن قاشتېشى ئويمىچىلىق ئۇستىسىنىڭ ئوبرازى سۆيپەتتە قارەننى ئالاھىدە تەسۋىرلەپ، ئۇنى فەرھادنىڭ ھۈنەر ئىلمىدىكى ئۇستازى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقاردى. داستاندىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن شەرققە يۈرۈش قىلغاندا، دوستلۇقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قالدۇرغان جاھاننەما ئەينىكىنى قوبۇل قىلغان چىن خاقانى دەپ تەسۋىرلىگىنىمۇ، خوتەنلىك ئىدى. دېمەك، نەۋائىي «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى يازغاندا، ئاساسىي ئىجابىي قەھرىمانلىرىنى شەرققە باغلاپ ياراتتى. شەرقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتى. بۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ئەكس ئەتكەن مىللىي ئاڭ ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل روھى مەزكۇر داستانىنىڭ ماۋزۇسىدا ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇنىڭ «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىدىكى ئىسكەندەر ئوبرازىنىڭ شەرق خاقانلىرىغا خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىلەن تەسۋىرلىنىشىمۇ، يۇقىرىقى قارىشىمىزغا ئىسپات بولالايدۇ.

نەۋائىي يەنە يۈكسەك مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات روھىنى ئىپادىلەپ، «خەمسە نەۋائىي» دىكى بارلىق داستانلارنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىپ چىقتى. ئۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان بەش داستانغا، مەڭگۈلۈك ئەبەدىيلىك يوقالماس دېگەن مەنىدىكى ئەدەبىي تەخەللۇس «نەۋائىي» دېگەن مۆھۈرنى بېسىپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىغا يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

نەۋائىي ئۇيغۇر تىلى بىلەن پارس تىلىنى روشەن سېلىشتۇرغان، «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» ئەسىرى ئارقىلىق ئۆز خەلقى، مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قەھرىمان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىدىيىسىنى، «خەمسە» دەك يىرىك ئەسەرلەرنى كۆپ خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق يېزىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

نەۋائىينىڭ يۇقىرىقىدەك روھىغا، قەھرىمانلىقىغا «سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئا. ك. بوروبكوف باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «‹مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين›، شۇنداق كىتابكى، تۈپ ماھىيىتى جەھەتتىن، ئۇنىڭدا گەپ تىل ئۈستىدىلا بارمايدۇ. بۇ كىتاپتا يەنە باشقا بىر پىكىر، يەنى ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۆزى ھايات چېغىدىلا ھەممە تەرەپتىن ئېتىراپ قىلىنغان، ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىي ھەقىقانىي ھالدا شۇنداق بىر شان ـ شەرەپكە سازاۋەر بولدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسىرلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ۋە يۇقىرى شۆھرەت قازانغان پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئابرۇيى راسا كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىنى قۇردى. نەۋائىي ئۆزىنىڭ «لىسانۇت ـ تەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق داستانىدا ئېيتقىنىدەك، ئۇ ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچىسى بولغانلىقى بىلەن ئىپتىخارلىنىشقا تامامەن ھەقلىقتۇر»

بوروبكوفنىڭ بۇ باھاسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، نەۋائىي قەيسەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئانا تىلىنى ۋە مىللىي ئەدەبىياتنى قوغداپ قېلىش يولىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىش، ۋە ئۇنى قوغداش زور قەھرىمانلىق ئىدى. نەۋائىي ئەنە شۇ قەھرىمانلىق روھى بىلەن ئۆز خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مەقسەت ئاستىدا، شەرق ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم ھېسابلىنىدىغان «خەمسە» نى تۈركىي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغانلىقىنى ئۆزىنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىنىڭ خاتىمە قىسمىدا

ئۇچۇق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

گەرچە شۆھرەتلەرى جەھاننى تۇتتى،
غەۋغالارى ئىنسۇجاننى تۇتتى.
چۇ فارسى ئەردى نۇكتە شەۋقى،
ئازراق ئىدى ئاندا تۈركىي زەۋقى.
ئول تىل بىلەن بولدى نەزم مەلفۇر،
كىم فارسى ئاڭلادى ئول مەھزۇر.

مەن تۈركچە باشلابان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فەسانەنى ھىكايەت.
كىم شۆھرەتى چۇن جەھانغە تولغاي،
تۈركىي ئېلى دەخى بەھرە ئالغاي.
نەچۇنكى بۇكۇن جەھاندا ئەتراك،
كۆپتۇر خوش تەبئۇ سافى ئىدراك.

نەۋائىينىڭ يۇقىرىقى سۆزىدىن شۇنى بىلىمىزكى، شەرق دۇنياسىدا خەمسە يازغان نىزامى، خۇسرەۋ دېھلىۋىلارنىڭ خەمسىلىرى پارس تىلىدا پۈتۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز خەلقىنىڭ بەھر ئالالمىغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنگەن. شۇ ۋەجىدىن خەمسىنى تۈركىي تىلىدا يېزىپ، ئۆز خەلقىنى «خەمسە» دىن، خەمسىدىكى بۈيۈك مەزمۇنلاردىن بەھر ئالدۇرماقچى بولغان. نەتىجىدە ھۆكۈمران تىل پارس تىلىغا قارشى ھالدا ئۇيغۇر تىلىدا «خەمسە نەۋائىي» نى يېزىپ چىققان. نەۋائىينىڭ بۇنداق قەھرىمانلىقى ياۋروپادا لاتىن تىلى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە «ئىلاھ كومېدىيىسى» دىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر ئەسەرنى ئىتالىيان تىلىدا يېزىپ، ئۆز ئانا تىلىنى قوغداش يولىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن دانتېغا ئوخشايدۇ.

دېمەك نەۋائىي، پارس تىلى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا، ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش، ئۆز خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش، ئەدەبىياتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خۇددى ئۆزى كۆرسەتكىنىدەك:

تۈركىي نەزمىدە چۇ تارتىپ مەن ئەلەم،
ئەيلەدىم ئول مەملەكەتنى يەك قەلەم.

دېگەن ئىرادە بىلەن يىرىك داستانلار توپلىمى «خەمسە نەۋائىي» نى يېزىپ چىقتى.

خۇلاسە قىلغاندا شەرق خەمسىچىلىك تارىخىدا، ئەلىشىر نەۋائىي كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش، كۆپ تەرەپلىمە ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىش، خەمسىگە ماتېرىيال بولغان شەرق خەلقلىرى ئارىسىدىكى ھېكايىلەرنى مەنبە قىلىپ، نىزامى، دېھلىۋى ۋە جامىلارنىڭ خەمسىلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەھمەد يۈكنەكىلەرنىڭ داستانچىلىق ئىجادىيىتىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا «خەمسە نەۋائىي» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ دۇنيا خەمسىچىلىك تارىخىدا، ئالدىنقى ئۈچ خەمسە ئۇستازىدىن ئېشىپ، بىرىنچى ئورۇندىكى خەمسە پىرىگە ئايلاندى.

نەۋائىينىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئىقىم خەمسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك، مۇكەممەل يېزىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئاساسلىقى، ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتتۈرەلمىگەن زور سىياسىي، ئىجتىمائىي، تارىخىي، غايىۋى مەسىلىلەرنى «خەمسە» ئارقىلىق تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەمسە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



رىقابىتىگە قاتنىشىپ، ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈش، پارس تىلى ھۆكۈمرانلىقىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى قوغداپ قېلىش، فارابىدىن تا ئۆز زامانىسىغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدىبىيولوگىيىسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش، ئۇيغۇر يىرىك داستانچىلىقىنى ئۇزۇپ قويماي، «قۇتادغۇبىلىك» دىن باشلانغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى داستانچىلىق ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش، ئۇيغۇر داستانچىلىقىدىكى بىر يىرىك داستان يېزىش سەۋىيىسىنى، 5 يىرىك داستان يېزىش سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئەدىبىيسىدە شەكىللەنگەن يۇكسەك مىللىي مەدەنىيەت ئېڭى ۋە مىللىي ئەدەبىيات ئېڭى قاتارلىق بۇيۇك مەسىلىلەر، ئۇنىڭ «خەمسە نەۋائىي» نى ئاپىرىدە قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق ئامىللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» دىن پارچىلار، «بۇلاق» 1980 ـ يىل، 1 ـ سان.

ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى.

غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» ش. ئۇ. ئا. ر. ئالىي مائارىپ ۋە كەسپىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېت ئىشخانىسى 1996 ـ يىل.

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىل 1 ـ سان.

ئەلىشىر نەۋائىي: «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.

ئەلىشىر نەۋائىي: «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى.

ئەلىشىر نەۋائىي: «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

ئەلىشىر نەۋائىي: «فەرھاد ـ شېرىن» داستانى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

ئەلىشىر نەۋائىي: «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل نەشرى.

# هايات بېغى

ل. بات

(ئەلىشىر نەۋائىي توغرىسىدا پوۋېست)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جېلىل مۇھەممەت

قولىڭىزدىكى «هايات بېغى» پوۋېستىدا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ هاياتى، يەنى ئۇنىڭ بالىلىق، ياشلىق دەۋرلىرى ھەمدە خەلق ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ كىتابتا ئەلىشىر نەۋائىي، ھۈسەيىن بايقارا، جامىي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تارىخىي ئوبرازلار بىرقەدەر توغرا ۋە يارقىن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ كىتابنى ئوقۇغان ھەر بىر كىشى ئەينى زاماندىكى دەۋر شارائىتى، تۇرمۇش ۋە ئايرىم دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئىش - پائالىيىتىنى كۆز ئالدىغا روشەن كەلتۈرەلەيدۇ. لېكىن، بۇ كىتابتىمۇ ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي، تارىخىي جەھەتتىكى تار، بىر تەرەپلىمە قاراشلىرى روشەن هالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، تارىخىي شەخسلەرگە بولغان مۇناسىۋەت ۋە ئۇلارغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە مەسىلىسىدە، بولۇپمۇ ئەمىر تېمۇر ساھىبقىرانغا تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسىدە ئاپتور ئۆزىنىڭ تولىمۇ بىر تەرەپلىمە تارىخىي قارىشىنى ئىپادىلىدى. ساھىبقىران ئەمىر تىمۇرغا تۇتۇلغان بۇ خىل پوزىتسىيەنى تېمۇر مەنسۇپ بولغان خەلقلەر ئەسلا قوبۇل قىلالمايدۇ، بۇ پەقەت ئاپتورنىڭ ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان خەلقنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ كۆز قاراشىدىنلا ئىبارەت، خالاس. شۇنداقتىمۇ بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ مەزمۇنى، ئەدەبىي جەھەتتىكى گۈزەللىكى ھەمدە ئوبرازلارنىڭ ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلىنىشى ئارقىلىق كىتابخاندا زور قىزىقىش قوزغايدۇ.

## بىرىنچى قىسىم

# بالىلىق يىللىرى

### قۇشلار سۆھبىتى

سەھرا شاملى قوم ۋە قايغۇ ئېلىپ كەلدى. تۆگىلەر بوزلايتتى. ئاياللار بوۋاقلىرىنى ئەللەي ئېتىش ۋە ئېمىتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئەرلەر بولسا چارچىغانلىقلىرىنى يوشۇرۇشاتتى؛ ئەمما قوملار يۈزلەرگە قاتتىق ئۇرۇلاتتى، كۆزلەرگە كىرەتتى، چىشلار ئارىسىدا غىچىرلايتتى.

يولۇچىلار كەچقۇرۇن نىفىت شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر مەسچىتنىڭ ياتاق ئۆيى ئالدىغا كېلىپ توختاشتى، بۇ دەرۋىشلەرنىڭ تۇرار جايى ئىدى، بۇ يەردىكى تەركىدۇنيا بولۇپ ھەممىدىن ۋاز كەچكەنلەر، جۇلجۇل كىيىملىك ئادەملەر ئارىسىدا ئالىم، مەشھۇر تارىخچى شەرەپىددىن ئەلى يەزەيي بار ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئىشىنى — يېڭىلمەس، رەھىمسىز تېمۇرنىڭ[1] تارىخىنى يېزىپ تاماملاش — ئۈچۈن تەنها ياشايتتى.

دەرۋىشلەر يولۇچىلارنى قىزغىن، ياخشى قوبۇل قىلىشتى، ئاياللار ۋە باللار ئۈچۈن ئالاھىدە خانىمۇ تېپىلدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇش، باياشات ۋە مولچىلىق شارائىتتا ياشاپ، شۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى، بۇگۈنكىدەك بۇنداق مۇشكۇل سەپەرگە پەۋقۇلئاددە ۋەزىيەت مەجبۇر قىلىۋاتقانلىقىنى زېرەك شەرەپىددىن ئوبدان چۈشىنەتتى؟ ئۇ بۇلارنىڭ قوغلانغانلىقىنى بىلەتتى.

ئۇلۇغ ئالىم خاتالاشمىغانىدى، ئۇلار تېمۇرنىڭ ئوغلى شاھرۇخ سۇلتاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۆزئارا باشلانغان ئۇرۇش دەۋرىدە ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ كېتىۋاتقان، خۇراساندىن[2] قوغلانغان تۆرىلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئىدى، ئۇلار ھازىر ئىراققا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

يېرىم كېچە بولغاندا شامال توختىدى ھارغان ئادەملەر قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئاسمان سۈزۈلۈپ، يۇلتۇزلار ئۆچكەندە بىر نەچچە بالا ھويلىغا چىقىشتى - دە، دەرۋىشلەر ياتقان ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا يۇگۈرۈپ كېلىشتى. باللار ئۇ يەرگە بىرىپلا ئەتراپقا ئېھتىيات بىلەن نەزەر سېلىشتى ۋە ئۇلارنى چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلىشى بىلەنلا دەرھال ئارقىغا يېنىشتى. كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، ئەمما سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان بۇ خانىدا چاڭ - توپا باسقان يۇمشاق ئۆتۈكلەر تېز - تېز شىپىرلاپ، ئىشىك ئالدىغا شەرەپىددىننىڭ ئۆزى كەلگەندە، باللاردىن بىرى خاتىرجەملىك بىلەن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى.

— ئېتىڭ نىمە بالام؟

— ئەلىشىر، غىياسىددىن كىچىكنىڭ ئوغلى، بىز ھىراتتىن كېلىۋاتىمىز.

— بۇنداق ئوچۇق، روشەن جاۋاب بەرگەن ئادەم ئىلىمگە ئېرىشىدۇ. مەكتەپكە باردىڭمۇ؟

بالىنىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى:

— باردىم.

ئۇنىڭ پەشمەت چاپىنىنىڭ ئىچىدە كىتاب كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئەلىشىر، قوينۇڭغا تىقىۋالغان كىتابىڭنى ماڭا كۆرسەتكىنە.

بالا گويا بۇ ئادەم كىتابنى تارتىۋالىدۇ دەپ قورققاندەك، كىتابنى ئىختىيارسىز ھالدا مەيدىسىگە مەھكەمرەك باستى.

— بۇ مەن ئوقۇغان كىتابلار ئارىسىدىكى ئەڭ ياخشى كىتاب.

شەرەپىددىن كۈلۈۋەتتى.

— يەتتە ياشقا كىرگۈچە قانچە كىتابنى ئوقۇپ چىقتىڭ؟

— مەن سەككىز ياشتا جاناب، — دەپ مەغرۇرلۇق بىلەن جاۋاب بەردى بالا — مەن «گۈلىستان» نى يادقا بىلىمەن، بۇ كىتاب ماڭا ئاجايىپ تىل ئۆگەتتى.. بالا ئۆزىنى بېسىۋالدى - دە، ئالىمغا كىتابنى سۇندى.

---

①تېمۇر (1336 - 1405) - ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن مەشھۇر ھەربىي قوماندان.

②خوراسان - ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىي ۋىلايىتىنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

— ئۇمۇ! «قۇشلار سۆھبىتى»[1] مۇ؟ — دېدى ئۇ ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن، — سەن بۇنىڭدىكى بىرەر نېمىنى بولسىمۇ چۈشىنەمسەن زادى؟

— مەن باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپ بېرەلمەيمەن، لېكىن ئۇنىڭ ھەممىسىنى يادقا بىلىمەن، ئىشەنمىسىڭىز سوراپ كۆرۈڭ.

— ئالىم تەۋەككۈلگە كىتابنىڭ بىر بېتىنى ئېچىپ، بىرىنچى قۇرنى ئوقۇدى، بالا قىزىشىپ كەتتى - دە، ئېنىق ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ داۋامىنى يادقا ئوقۇشقا باشلىدى. ئاۋۋال ئۇ ئاۋازىنى ئاستا چىقىرىپ ئوقۇدى، كېيىن بارغانسېرى قاتتىقراق ئوقۇشقا باشلىدى، ئاخىر ئۇ شېئىرنىڭ قاپىيىلىرىگە بېرىلىپ كېتىپ، ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

غەزەپلىك بىر ئاۋاز ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلمىگەن بولسا، ئۇ داستاننىڭ ھەممىسىنى ياد ئوقۇپ تۈگەتكەن بولاتتى.

— ھە، مۇنداق ئىش ئىكەن - دە! يەنە ئەقلىڭدىن ئېزىۋاتامسەن؟ بۇ ئالىمغا قۇرئاندىكى مۇقەددەس سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرىش ئورنىغا قۇشلارغا ئوخشاش سۆزلەشتىن ئۇيالمىدىڭمۇ؟

ئەلىشىرنىڭ كەينىدە قارا ساقاللىق بىر كىشى پەيدا بولدى، دادىسىنى كۆرۈش بىلەن بالا جىم بولۇپ قالدى. شەرەپىددىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە كىتابنى ئەلىشىرگە قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ دادىسىغا مۇراجىئەت قىلدى.

— مۆھتەرەم، ئەزبىرايى خۇدا، راستىنى ئېيتسام بالىڭىزنىڭ زېھنى ناھايىتى ئۆتكۈر ئىكەن!

غىياسىددىن كىچىك ناھايىتى غەزەپلەنگەنىدى.

— ئاھ، ئالىملارنىڭ ئالىمى، بۇ زېھىن ئۇنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇ! ئۇ بۇ چۈشىنىكسىز كىتابتىن باشقا ھېچنېمىنى بىلىشنى خالىمايدۇ. كىتابنى دەررۇ ماڭا بەر!

ئەلىشىر تاتىرىپ كەتتى. ئەمما، سۆز ياندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى، كىتابنى بىر ئاز مەيدىسىگە بېسىپ تۇردى - دە، كېيىن ئۇنى تەزىم بىلەن دادىسىغا سۇندى. دادىسى كىتابنى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا يىرتىپ، پارچە - پارچە قىلىۋەتتى. ئۇ غەزەپتىن گويا ئەقلىنى يوقىتىپ قويغۇدەك بولدى. تېخى ھازىرلا كىتاب شەكلىدە تۇرغان بۇ نەرسىنىڭ پارچە - پارچە سارغۇچ ۋاراقلىرى قۇملار ئۈستىدە لەپىلدەپ ئۇچۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن غىياسىددىن دەرھال غەزەپتىن يېنىپ پەسكويغا چۈشتى.

غىياسىددىن ئۆزىنىڭ بۇ قەتئىي ھەرىكىتىدىن خىجىل بولغان ھالدا شەرەپىددىنغا تەزىم قىلدى ۋە ئارتۇق سۆز قىلماي نېرى كەتتى.

ئەلىشىر كۆز يېشىنى ئارانلا توختىتىپ قالدى. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، يىرتىلغان ۋاراقلارنى نازۇك قوللىرى بىلەن يىغىشقا باشلىدى. بۇ ۋاراقلارنى يۈزىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تونۇش بولغان بىر خىل ھىدلىرىنى قانغۇچە پۇرايتتى، ئەمما ئۇنىڭ بىرەر قۇرىنىمۇ ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كىتاب پۈتۈنلەي كاردىن چىققانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بالا كۆزىنى يۇمدى - دە، كىتابنىڭ ھەر بىر بېتىدىكى قۇرلارنى تەكرارلاشقا باشلىدى ۋە كۈلۈمسىرەپ قويدى. كىتاب ئۇنىڭ قولىدا - قەلبىدە، ئۇ يوقالمىدى. ئەلىشىر زېھنىنى يوقاتمىغۇچە كىتاب يوقالمايتتى.

---

① «قۇشلار سۆھبىتى» پارس شائىرى پەرىددىن ئەتتارنىڭ (1119 - 1230) داستانى.

www.uyghurkitap.com



ئەلىشىر خۇشال بولغان ۋە ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى. شۇ ۋاقىتقىچە بالىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان شەرەپىددىن ئۇنىڭ بېشىنى مۇلايىملىق بىلەن سىلاپ:

— بىلىملىك بول، بىلىمىڭنى ئاشۇر، چۈنكى بىلىم - ئالەمنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسىدۇر، — دېدى.

## تېمۇر ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەردە

تېمۇر بېسىپ ئۆتكەن يەرلەر تېخىچىلا دەھشەتتىن تىترىمەكتە ئىدى. ھىندىستاندىن تاكى ئەزەربەيجانغىچە بولغان يەرلەرنى لەگىنىڭ تۆمۈر قەدەملىرى ۋەيران قىلغانىدى. جەڭلەرنىڭ بىرىدە يانپىشى يارىدار بولۇپ ئاقساپ قالغان تېمۇرنىڭ لەقىمى «لەڭ» ئىدى.

باتۇرلۇقتا تەڭدىشى يوق، رەھىمسىز، زالىم تېمۇر دۇنيانى ئىستېلا قىلىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھېچنېمىدىن قايتماي ئالغا ماڭاتتى، ئۇنىڭ بارمىقىدىن چىقارماي دائىم سېلىپ يۈرۈيدىغان ئۈزۈكىگە: «قەددىڭنى رۇسلاپ يۈرسەڭ غەلىبە قىلىسەن» دېگەن خەت ئويۇلغانىدى.

«بۇ ئالەم ئۈزىدە ئىككى شاھنىڭ بولۇشىنى راۋا كۆرمەيدۇ» دەيتتى ئۇ تېمۇر گەنە شۇ بىرلا شاھلىق تەختىنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلەشنى خالايتتى.

ياشلىقىدا ئۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەرگىمۇ ئۇچرىغان، نۇرغۇنلىغان مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن.

ئۇ دۆلەت ئۇستىگە چىقىشتا ھەر خىل يوللار بىلەن ھەرىكەت قىلدى، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تاپشۇرۇلغان نۆكەرلەر بىلەن بىللە قاراقچىلىق قىلىشقىمۇ، ھەر خىل ئەمىرلەر ۋە خانلارنىڭ تاللانغان ئەسكەرلىرىگە باشلىق بولۇپ ئىشلەشكىمۇ توغرا كەلگەنىدى، ئۇ ئۆزىدىن كۈچلۈك كەلگەن دۈشمەندىن قېچىپ، ئىككى قېتىم ۋەتىنىنــــى تاشلاپ كەتكەنـــدى. ئەمما، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەر ئۇنىڭ ئىرادىسىنى يېڭەلمىدى، ئۇ پاراسەتلىك، ئەپچىل ئىدى، ھېچنېمىدىن قايتمايتتى، ئۆزىگە كېرەكلىك ئادەملەر بىلەن دوست بولاتتى، ئەگەر ئۆزى لازىم دەپ تاپسا، يېقىن دوستلىرىغا خىيانەت قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرەتتى. ئۇ بەلخ ئەمىرى ھۆسەيىنىمۇ مانا شۇنداق قىلدى، ئۇلار سەمەرقەنددىكى ھۈنەرۋەنلەر قوزغىلىڭىنى باستۇرغان چاغدا ناھايىتى يېقىن دوست ئىدى! ئۇلار قوزغىلاڭنى بىللە باستۇرغان چاغدا قانلىق كۆرەش ئېلىپ بارغانىدى، چۈنكى ئايىغى چىقمايدىغان ئۇرۇش ۋە ھەددىدىن ئاشقان زۇلۇمدىن ئازابلانغان ئادەملەر قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى؛ قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرى جاسارەتلىك، باتۇر ئەزىمەتلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ بىــــر ئاق كۆڭۈل، باتۇر، پاختا تازىلىــــغۇچى ئابۇبەكرى كېلاۋى، يەنە بىر تار يەلكىلىك، تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ياۋاش، ئەمما قىزغىن مۇنازىرە قىلىدىغان، سەمەرقەند مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇلار يولباشچىلىق قىلغان قوزغىلاڭ ناھايىتى زالىملىق بىلەن دەھشەتلىك باستۇرۇلدى، بولۇپمۇ بۇ قوزغىلاڭنىڭ يولباشچىلىرىنى تېمۇر بىلەن ئەمىر ھۆسەيىن ناھايىتى دەھشەتلىك ھۆكۈمگە بۇيرۇدى.

ئەمما، ھۆسەيىن بولسا تېمۇرگە ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىۋېلىش ئۈچۈن پەقەت بىر شۇتا سۈپىتىدىلا لازىم ئىدى. تېمۇر ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىپ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىنلا، ھېچ بىر تەپ تارتماستىنلا ھۆسەيىنىنى تۇتقۇن قىلدۇرۇپ، ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى، تېمۇر ئۆز يولىغا پۇتلىكاشاڭ دەپ قارىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرەتتى. ناۋادا قارشىلىــــق كۆرسەتكەنلەر كۆرۈلسە، ئۇ پۈتۈن - پۈتۈن شەھەرلەرنــــى ۋەيران

قىلمىغانتى.

خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن سېبىزىۋاردا ئۈچ مىڭ كىشىنىڭ كاللىسىدىن گەج ۋە ھاك بىلەن قوپۇرۇلغان جانلىق مۇنار قەد كۆتۈردى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر مۇنچە جايلاردا ئادەملەرنىڭ بېشىدىن ياسالغان پىرامىدالار قوپۇرۇلدى، تېمۇرنىڭ ئۆز مەككارلىقىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى ھېچ كىشى ئالدىن بىلمەيتتى.

بىر قېتىم ئۇ قورشىۋالغان شەھەرلەردىن بىرى ئۇزاق قارشىلىقلاردىن كېيىن تەسلىم بولۇش قارارىغا كەلگەندە، تېمۇر ئاھالىنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە ۋەدە بەردى. لېكىن، ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن سېلىق تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ بۇيرۇق بويىچە شەھەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەملىرى ئۇنىڭغا ئالتۇن ـ كۈمۈچ ئېلىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ كىشىلەر تەلەپ بويىچە شەھەر سىرتىغا چىققاندا، ئۇلارنى بىر ئازگالغا ئېلىپ باردى. ھېلىقى كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۆلۈم كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بىزنى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە بەرگەنىدى! ئۇلۇغ تېمۇرنىڭ سۆزى ئۆز كۈچىدىن قالدىمۇ؟» دەپ ۋارقىراشتى. تېمۇر بولسا سوغۇق قانلىق بىلەن: «سىلەر ناھايىتى ئۇزاق قارشىلىق كۆرسەتتىڭلار، راست مەن قان تۆكمەسلىككە ۋەدە بەرگەن. بوپتۇ ئەمدى كۆمۈلسىلەر» دەپ جاۋاب بەردى ـ دە، جاللاتلارغا ئىشارەت قىلدى.

نەپرەتلىك ئىستىبلاچىنىڭ دەھشەتلىك كۈچىدىن ھەممە قورقاتتى. تېمۇرنىڭ لەشكەرلىرى سۈرىيىنىڭ ئالىپپو شەھىرىنى ئىشغال قىلغان چاغدا ئاتاغلىق بىر ئالىم ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تېمۇرنى قارشى ئېلىشقا ئېۋەتىلگەن كىشىلەرگە باشلىق بولۇپ بارغانىدى. ئۇ تېمۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قورققىنىدىن قاتتىق تىترەپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى، تېمۇر ئۇنىڭغا ئەقىللىق كۆزلىرىنى ئالايتىپ تۇرۇپ كۈلۈۋەتتى ـ دە:

— نېمە، سەن بۇ يەرگە تىترەش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ سۆزلە! — دېدى.

ئەمما، ئالىم سۆز قىلالمىدى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تاماق بېرىڭلار! — دېدى تېمۇرى پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆزىنىڭ داستىخانچىلىرىغا.

مەغلۇپ بولغانلار يىنىك ئۇھ تارتىشتى. بۇ — ئۇلارنىڭ ھاياتى ساقلىنىپ قالدى دېگەن مەنانى بىلدۈرەتتى.

تېمۇر ئەنە شۇنداق ئىدى، باشقىلار ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشەتتى ۋە قورقۇشاتتى. ئەمما، ئۇنىڭغا ئۇ بايلىق ھەم شۆھرەتكە ئىگە قىلغان سەككىز يۈز مىڭ لەشكەر سادىق ئىدى. لەشكەرلەر ئۇنىڭ يېڭىلمەس قەھرىمانلىقىغا سەجدە قىلاتتى. ئۇنىڭ دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىپ تۇرۇشى ئاجايىپ بىر مۆجىزىگە ئوخشايتتى.

ئۇ باشقىلارنى بولسا ئۆزىنىڭ ئىزىدىن ئازدۇرۇپ، ھېچكىم كۈتمىگەن يەردە پەيدا بولۇپ قالاتتى؛ ئۇ قۇيۇندەك باستۇرۇپ كېلىپ، بوراندەك چاپسان ئۆتۈپ كېتەتتى، ئۇ ھەربىي تاكتىكىغا ئۇستا ئىدى، ئۇ جەڭدە كىيىدىغان ئالاھىدە باش كىيىمنى ئويلاپ چىقتى، لەشكەرلەر بۇيرۇق بىلەن كۈتۈلمىگەن يەرلەرگە بېرىپ ئۇچرىشىپ قالغان چاغلىرىدا بىر ـ بىرىنى تونۇۋالالايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھەر خىل جايلاردا توپ ـ توپ بولۇپ پەيدا بولاتتى، ـ دە، دۈشمەن ئۆزىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى بىلمەي قالاتتى.

تېمۇر ھەم ئۇستا ھىيلىگەر ئىدى. ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى سىنىماقچى بولۇپ ۋە مىراسخورلىرىغا كىمنىڭ قارشى چىقىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئىككى قېتىم ئۆزىنى «ئۆلدى» دېگەن يالغان خەۋەرنى تارقاتتى، تېمۇر «تىرىلگەندىن» كېيىن يەنە يېڭىدىن قان تۆكۈشلەر باشلانغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تېمۇرنىڭ خاراكتېرىدىكى زىددىيەتلەرنى چۈشەنمەك تەس ئىدى. بەزىدە ئۇ گۇناھسىزلار بىلەن گۇناھكارلارنى قارا قويۇق بىر خىلدىلا ئۆلتۈرەتتى، بەزىدە كۈتۈلمىگەن مېھرىبانلىق بىلەن دۈشمەنلەرنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى.

رەھىمسىزلىك بىلەن چوڭ ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرگۈچى تېمۇر ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يېڭى قۇرۇلۇشلارنىڭ سېلىنىشىغىمۇ قىزىققانىدى.

ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھىندىستاندىن تارتىپ ۋولگا دەرياسىغىچە يەتكەندە، ئۇ ئۆز نامىنى چىقارماقچى بولۇپ، يېڭى شەھەرلەرنى بەرپا قىلىشقا، كونىلىرىنى بولسا ئاجايىپ بىنالار بىلەن بېزەشكە باشلىدى، ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ پايتەختى سەمەرقەندنى ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى. سەمەرقەند ئەتراپىغا ھەشەمەتلىك سارايلار سېلىندى. بۇ سارايلارنى ئوراپ تۇرغان باغلارنىڭ چوڭلۇقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، كىشىلەرنىڭ تەسۋىرلىشىگە قارىغاندا، بۇ باغلاردىن بىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ يوقىلىپ كەتكەن ئاتنى يېرىم يىلدىن كېيىن ئاران تېپىشقانمىش، بۇ سارايلارنىڭ تاملىرىغا تېمۇرنىڭ غەلىبىلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان سۈرەتلەر سىزىلغانىدى.

* *

تېمۇر ئۆزى بېسىپ ئالغان يەرلىرىنى ئۆزىنىڭ چىنگىزخانغا مۇناسىپ بولغان ھەربىي تالانتى ۋە ناھايىتى قەيسەرلىكى، زالىملىقى بىلەن قولىدا تۇتۇپ تۇردى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرىدىغان ئۆزىگە بېقىنغان ھۆكۈمدارلارنى ھەر قايسى جايلارغا ھاكىم قىلىپ سايلاپ قويغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرەرىنىڭ ناتوغرا ئىش قىلىپ قويغانلىقى سېزىلىپ قالسا، ئۇ دەرھاللا جازاغا تارتىلاتتى. جازاغا سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى دەپ گۇمانلانغانلارلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ تارتىلاتتى. تېمۇر ھەتتا كىچىك باللىرىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايتتى.

مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن دۆلەتنىڭ پارچىلىنىپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەخسىملىنىشى، ھەر بىر تېمۇر ئەۋلادىنىڭ: «مەن تېمۇرنىڭ مىراسخورى بولۇشقا ئەرزىيمەن» دەپ چىقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس؛ ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كۈچ جەھەتتىن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى، تېمۇر ئۆز ئوغۇللىرىغا ئانچە ئۈمىد باغلاپ كەتمەيتتى، چوڭلىرى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. خۇراساننىڭ ھۆكۈمدارى مىرانشاھ ئەقىلسىز ئىدى. ئۇ دادىسىدىن پەقەت ۋەيرانچىلىق سېلىشنىلا مىراس قىلىپ ئالدى. «مىرزا مىرانشاھ ئۆزى ھېچنېمە قىلمىغىنى بىلەن، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئىمادىيەتلەرنى بۇزۇشقا بۇيرۇق بەرگەن دېسۈن» دەپ ھەمدە ۋايرانچىلىقلاردىن ئازراق بولسىمۇ لەززەتلىنىش ئۈچۈن تەفرىزدىكى ئۇلۇغ بىر تارىخچىنىڭ قەبرىسىنى بۇزۇشقا بۇيرۇق بەردى.

كىچىك ئوغلى شاھرۇھ تېمۇرگە قابىلىيەتسىزرەك كۆرۈندى. تېمۇر ئۆزى ئۈمىدىنى نەۋرىلىرىگە باغلىدى. كىم تالانتلىقراق بولسا شۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ دېگەن مەقسەتتە شاھزادىلەر بىر خىلدا تەربىيىلىنەتتى. ئاخىرقى ھېسابتا بۇنداق بولمىدى، تېمۇر ئۆلگەندىن كېيىن تېمۇرىلار توختىماي قانلىق ئۇرۇشلار قىلىپ، دۆلەتنى بۆلەك - بۆلەكلەرگە پارچىلىۋەتتى.

تېمۇرنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئەڭ قابىلىيەتلىكى ئۇلۇغبەك ئىدى، ئۇنىڭغا تېمۇرنىڭ

پايتەختى سەمەرقەند تەگدى.
ئۇلۇغبەگنىڭ دادىسى شاھرۇھ مىرانشاھتىن كېيىن خۇراساننى ئىدارە قىلدى. بۇ ۋاقىتتا خۇراسان ناھايىتى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پايتەختى ھىرات ھەتتا سەمەرقەندنىمۇ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە ئەڭ ئاتاغلىق ئالىملار، بىناكارلار، رەسساملار ۋە شائىرلار ياشايتتى. ھىراتنىڭ تەسىرى شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، شاھرۇھنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ھەر قايسى ناھىيىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى:

— شاھرۇھنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان ھاكىمىغىلا بويسۇنىمىز، — دەپ ئېلان قىلىشتى. شەھەر ھوقۇقىنى ئىگىلەش ئۈچۈن چەكسىز كۆرەش باشلاندى. ئاساسىي كۆرەش شاھرۇھنىڭ نەۋرىلىرى - ئاكا - ئۇكا مۇھەممەت بىلەن ئوبۇلقاسىم بابۇر ئوتتۇرىسىدا قىزىپ كەتتى.

جېدەل شۇ قەدەر كۈچلۈك، ھەر ئىككى تەرەپتىن قۇربان بېرىش شۇنچىلىك كۆپ بولدىكى، خۇراساننىڭ بولۇپمۇ ئۇنىڭ پايتەختى ھىراتنىڭ نورغۇنلىغان ئاھالىسى ئۆز جانلىرىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن بۇ مەملىكەتتىن باشقا ياققا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەلىشىرنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ ھىراتتىن ئەنە شۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن چىقىپ كەتكەنىدى.

## باللىق دەۋرى

غىياسىدىن كىچىك ئاچچىقى يامان ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئوغلىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەمما، ئەلىشىرنىڭ تەقدىرى ئۇنى تەشۋىشلەندۈرەتتى. بالا تېخى كىچىكلىكىدە قارىماستىن ناھايىتى ئىدراكلىق ئىدى، بىر چاغلاردا غىياسىدىن بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنەتتى، ئۇ ھىراتتىكى بەختلىك تۇرمۇشلىرىنى ئېسىدىن چىقارمىغانىدى، ئۇنىڭ كەڭ - ئازادە ئۆيىگە پات - پات مېھمانلار توپلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شائىرلار ئالىملار ۋە لەشكەرلەر بولاتتى. بۇلارنىڭ كۆپلىرى باشقا يۇرتلارنى ئارىلىغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ساياھەتلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلىرىنى باشقىلار يېرىم كېچىگىچە قىزىقىپ ئاڭلايتتى.

جۇڭگودىن ۋە ھىندىستاندىن سودىگەرلەر كېلەتتى. ئۇلار يىپەك ماللار، قىممەت باھالىق تاشلار، پىل ئۇستىخانلىرىغا ئوخشاش تۈرلۈك ماللارنى ئېلىپ كېلىشەتتى. قېرى لەشكەرلەر تېمۇرنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى ئەسلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرى تىنچ شارائىتتا ئۆتۈۋاتقان بۇنداق باي ئائىلىدىكىلەرگە ئەپسانىدەك تۇيۇلاتتى.

بۇ مەرىكىلەردە كۆپرەك نەغمە - ناۋا بولاتتى، لېكىن غىياسىددىنىڭ پەخىرلىنىدىغىنى ئالىملار بىلەن شائىرلار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۈچ تىلدا - ئەرەب، پارس ھەم تۈركىي تىللاردا شېئىرلا ئوقۇلاتتى. بۇرۇندىنلا ئەرەبچە شېئىرلا تەسىرلىك، پارسچە شېئىرلا ئۆتكۈر، تۈركىي تىلدىكى شېئىرلار بولسا ھەقىقەتنى ئاڭلىتىدۇ، دەپ قارالغانىدى.

قىش ئاخشىمىنىڭ بىرىدە ئۆز ئۆيىدە بولغان بىر ئولتۇرۇشنى غىياسىدىن كىچىك ناھايىتى ياخشى ئەسلىيەلەيدۇ. شۇ كۈنى كۆپ مېھمانلار كەلگەنىدى. ئۇلار سەندەلنىڭ ئەتراپىدىكى ماموق ياستۇقلارغا يۆلۈنۈپ، ئالدىرىماي، خاتىرجەم سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى، قەددى - قامىتى كېلىشكەن خىزمەتكار باللار ئېغىزغا سېلىش بىلەن ئېرىپ كېتىدىغان ھالۋا، ئۆتكۈر پۇراقلىق شەربەتلەر، ئۈرۈك گۈللىرىگە ئوخشاش نازۇ نېمەتلەرنى ئەكىرىپ بېرىشەتتى.

سۆھبەت قىزىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، بۈگۈن مەن سىلەرگە سەنئەتنىڭ ئاجايىپ يۈكسەك نامايەندىسىنى كۆرسىتىمەن.

مانا شۇنداق دەپ، غىياسىدىن تەكچىدىن ئاجايىپ بىر گۈزەل قولىيازمىنى ئالدى. بۇ قولىيازمىدا ھۆسنخەتچىنىڭمۇ، رەسسامنىڭمۇ، مۇقاۋىچىنىڭمۇ پۈتۈن ماھارىتى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يىپەكسىمان قەغەزگە ئىنچىكە قەلەم بىلەن ئالتۇن سۈرەت سىزىلغانىدى. كەڭ ھاۋارەڭ جايلىرى ئالتۇنسىمان ھەم كۈمۈشسىمان سۈرەت بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، بۇ سۈرەتتە چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان، ئۈستىگە قۇش قونۇپ تۇرغان بۆك - باراخسان دەرخ تەسۋىرلەنگەنىدى.

قولىيازمىنى بېزىگۈچى سۈرەتلەرنىڭ بىرىدە تاغنىڭ دولقۇنسىمان سىزىقى بار بولۇپ، قۇياش نۇرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى بۇ سۈرەتكە قارىغان، ھەر بىر كىشىگە قۇياش نۇرى تۈپتوغرا كۆزىگە چۈشۈۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلاتتى.

قولىيازمىنى تېخى ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈپ بولماستىنلا يۇقىرىدىنمۇ ياكى نەقىشلەپ ئىشلەنگەن ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىنمۇ ئەيتاۋۇر بىر يەردىن ئاستا چىققان نەغمە ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ نەغمە ئاۋازى بىردە يېقىنلا يەردىن چىققاندەك بولۇپ، تۇيۇلسا، بىردە يىراقلىشاتتى. مېھمانخانىغا نەيچى كىرىپ كەلدى. گويا ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگەندەك، خانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان باشقا بىر سازەندە غېجەك چالدى. ھەممە كىشى سوزۇپ چېلىنغان مۇڭلۇق كۈيگە قۇلاق سېلىپ جىم بولۇپ قېلىشتى.

— نەغمە مۇتەپەككۇر ئۈچۈنمۇ، لەشكەر ئۈچۈنمۇ ھەقىقىي ئارام بېغىشلايدۇ، — دېدى سۇلتان شاھرۇھنىڭ لەشكەر سېپىدە بىر نەچچە قېتىم غالىبانە جەڭ قىلغان قېرى بارلاس بېگى①

— ئۆمۈر بويى قىلىچلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەلگەن كىشى تىنچ تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى ياخشى قەدىرلەيدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دېدى ياش شائىر ھۆرمەت بىلەن.

ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە بىرىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ يەردە بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېسىدە ياخشى ساقلاپ قېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى.

— ھۆرمەتلىك بەگ، بىزگە سىيستان، باغدات ھەم شىراز ئۈچۈن بولغان قانلىق جەڭلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

— چۆلدىكى ئاچ قالغان شىرمۇ گۆش تېپىش ئۈچۈن، شائىرلار تەسىرات ئېلىشقا ئىنتىلگەندەك ئىنتىلمەيدۇ، — دېدى شائىرنىڭ زەھەر تىللىق ھەمراھلىرىدىن بىرسى.

ئۆي ئىگىسى شاھماتنى قولغا ئالدى، بەگ شاھماتقا بولغان قىزىقىشى بىلەن نام چىقارغانىدى.

— بۇ ئويۇن ماڭا جەڭ مەيدانىنى ئەسلىتىدۇ، — دەيتتى ئۇ پات - پاتلا.

— قاراڭلار، — دېدى غىياسىددىن، — بۇ شاھماتنى ماڭا ھىندىستاندىن ئېلىپ كېلىشكەن. بۇ پىل چىشىدىن ئىشلەنگەن؛ ياسىلىشى ناھايىتى چىرايلىق چوڭمۇ ئەمەس؛ كىچىكمۇ ئەمەس، ھەر بىر فىگۇرا كۆزگە يېقىملىق كۆرۈنىدۇ.

بەگ تاختىغا فىگۇرىلارنى تىزىشقا باشلىغانىدى، شاھمات تاختىسىنىڭ ئىككىنچى

---

① بارلاس بېگى - ماۋەرائۇننەھر - سىر دەريا بىلەن ئامۇ دەريا ئارىلىقىدىكى رايونلارغا جايلاشقان تۆت قەبىلىلىك ئۇبلاستىنىڭ بارلاس قەبىلىسىدىن چىققان ئاتاقلىق لەشكەر بېشى.

تەرىپىگە قېرى شائىر ئولتۇردى. مانا مۇشۇ شائىرنىڭ شەرىپى ئۈچۈن بۈگۈن غىياسىددىننىڭ ئۆيىگە مېھمانلار توپلىنىشقانىدى. ئۇ: «سەھەر ساباسى، مېنىڭ سۆيۈملۈك يارىمنىڭ گۈزەللىكىنى ئەم قىرۋىدىن سورا!» دەپ ناخشا باشلاپ، بىرىنچى پېيادىنى ئالغا سۈردى. كۈرەش باشلاندى.

مانا شۇ چاغدا ئىچكىرىكى ئۆينىڭ نەقىشلەپ ياسالغان ئىشىكى ئېچىلدى، قىزىل پەشمەت چاپان كىيگەن كىچىك بىر بالا مېھمانخانىغا ئىلدام كىرىپ كەلدى. ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆرۈپ بوسۇغىدا توختاپ قالدى - دە، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇردى. پومزەك يۈزى قىزىرىپ كەتتى ۋە ئاستا مېڭىپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بالىغا نەزەر تاشلاشتى.

— ئەلىشىر نامىڭ ئۇلۇغ بولسۇن! — دەپ ئۇنى چاقىردى شاھمات ئويناپ ئولتۇرغان شائىر. بۇ يەرگە كېلىپ ماڭا مەسلىھەت بەرگىنە، ئاتنى يۈرسەم بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟

ئەلىشىر قارا كۆزلىرىنى شاھمات تاختىسىغا ئويچان تىككەن ھالدا شائىرنىڭ قېشىغا كەلدى. شائىر چازا قۇرۇپ، ئېگىز بەرقۇت تەكيىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. بالا ئۇنىڭ مۈرىسىگە يۆلىنىپ تۇردى.

— كىچىك بالىدىن سورىسىڭىز يامان بولىدۇ، — دېدى بەگ مەسخىرە قىلىپ.

— كىچىك بالىنىڭ سۆزى راست ۋە توغرا بولىدۇ.

ئەلىشىر دىققەت بىلەن نېمىنىدۇر ھېسابلاپ تۇرۇپ، بىردىنلا ئىشەنچلىك ھالدا

— يۈرۈڭ! — دېدى.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئەلىشىر، بۇ يەرگە كەل! - دەپ چاقىردى بۇلۇڭدا ئولتۇرغانلاردىن بىرسى - ناخشا ئېيتىپ بەرگىنە!

— ئەلىشىر ئۇسسۇل ئويناپ بەرگىن!

— ئەلىشىر نەي چېلىشنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟

بالا ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا مېڭىپ يۈردى، كىشىلەر ئۇنى ئۆز يانلىرىغا تارتىپ ئەركىلىتەتتى. ئاخىر ئۇ ھېرىپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ تىزىغا بېشىنى قويدى.

ئاسماندىكى پىلانېتلار توغرىسىدا سۆھبەتلىشىشتى سورۇن ئەھلى. چۈنكى، ئولتۇرغانلار ئارىسىدا سۇلتان ئۇلۇغبەكنىڭ نامىنى ھاياجان بىلەن تىلغا ئالغان ئاسترونوم ئالىم كىشىمۇ بار ئىدى.

— ئۇ ئاسماننى خۇددى ئۆزىنىڭ بەش قولىدەك بىلىدۇ. ئۇ ھەرىكەت قىلغۇچى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىنىش يولىنى ئاچتى. ئاسمان بىزگە يېقىنلاشتى، سۇلتان ئۇلۇغبەك ئەنە شۇنداق قىلدى.

ئەلىشىر بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆزگە قۇلاق سالدى. شامنىڭ نۇرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئەتتى. سۆھبەت بىر قېلىپتا ۋە سىلىق داۋاملاشتى. شائىر بىلەن بەگ كۆپچىلىككە قوشۇلدى. شاھمات ئويۇندا ئۇتتۇش - ئۇتتۇرۇش بولماستىن تۈگىگەنىدى. شائىر ئاھاڭلىق قىلىپ بىر نەچچە شېئىر ئوقۇپ بەردى. ئۇ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قايسى شېئىرىنىڭ ياخشى يېزىلغانلىقى ھەققىدە ھەممە كىشى قىزغىن مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئاتاغلىق پارس شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تەڭلەشتۈرۈشتى،

www.uyghurkitap.com

كىمدۇر بىرسى قاسىم ئەل ئەنۋەرنى[1] تىلغا ئالدى. شۇ چاغدا چوڭلارنىڭ سۆزىگە خېلىدىن بېرى قولاق سېلىپ تۇرغان ئەلىشىر قولىنى كۆتۈردى ۋە ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ئاھاڭلىق قىلىپ شۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

بۇنداق بولۇشىنى ھېچكىم كۈتمىگەنىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە بىر - بىرىگە ھەيران بولۇشۇپ قارىدى.

مېھمانلار يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشۇپ قالدى. ئىچكىرىكى خانىنىڭ ئىشىكى بىر نەچچە قېتىم ئېچىلىپ، بىر ئايال كىشى:

— ئەلىشىر! — دەپ چاقىردى. ئەمما، ئەلىشىرنىڭ دادىسى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ بالىنىڭ ئۆز يېنىدا قالدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئولتۇرۇش ئاخىرلىشاي دېگەندە ئەلىشىرنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا كېتىشكە باشلىدى. لېكىن، ئۇ چوڭلاردىن قالماسلىققا ھەرىكەت قىلدى، تارقىلىش ئالدىدا ھەر بىرسى ئەلىشىرگە ئالاھىدە دىققەت بىلەن ئۆز تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى. غىياسىددىن كىچىك ئۆزىنىڭ ئىپتىخارلىقىنى ئارانلا يوشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تىلەكلىرىگە قۇلاق سالدى.

— ئوغلىڭىز جەڭچى بولىدۇ.

— ئالىم بولىدۇ.

— شائىر بولىدۇ.

*   *

ئوغلىنى سۆيۈملۈك كىتابىدىن مەھرۇم قىلىپ ۋە ئۆزىنىمۇ بىئارام قىلغان ئاچچىقلىنىشىدىن كېيىن، غىياسىددىن كىچىك ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كېلىپ، نېمىلەر توغرىسىدادۇر پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇ ئەلىشىرنى «قۇشلار سۆھبىتى» نى ئوقۇشقا قويماي، ئۇنى مەنئى قىلغىنىغا خېلى كۈنلەر بولغانىدى، لېكىن بۇنىڭ ھېچ پايدا بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، بالىسىنىڭ تىرىشچانلىقىغا ھەيران بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىلە ئۇ مەملىكەتتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن ۋەتىنىنى ئىختىيارسىز تاشلاپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بېشى قاتقانىدى.

ئۇ ئۆز ئائىلىسىنى كەلگۈسىدە نېمىلەر، قانداق كۈنلەر كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى؛ ئوغلىنىڭ قابىلىيىتى چەت ئەللەردە نابۇت بولىدۇ دەپ قورقاتتى، ئۇنىڭغا ئوغلى ئەلىشىر تۇرمۇشتىن ناھايىتى يىراقتا ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرالمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ھەتتا مەكتەپتىكى بالىلارمۇ بۇنى ھېس قىلىشقانىدى. چۈنكى، ئەلىشىر شېئىرلار بىلەن كىتابلارنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆرۈپ، دوستلىرى بىلەن ئوينىماي، ئۇلاردىن يىراق يۈرەتتى. دادىسى بولسا بالىسىنى ساراڭ بولۇپ قالىدۇ دەپ قورقتى. ئۇ ئوغلىنىڭ دوستلىرىدىن بىرسىنىڭ: «ئۇ مەجنۇنغا ئوخشايدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى پات - پات قورقۇپ تۇرۇپ ئەسكە ئالاتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

---

① قاسىم ئەل - ئەنۋەر — پارس شائىرى (1432 - يىلى ۋاپات بولغان)

# بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى

## ھېرمان ۋامبېرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: باۋۇدۇن نىياز

## ئىستىقبال يول كۆرسەتكۈچلەردىن بىرى

«ئۆتمۈشى ئۇنتۇلغان مىللەتنىڭ ئىستىقبالىمۇ
زۇلمەت پەردىسىنىڭ ئارقىسىدا بولىدۇ.»

ماقار (ۋېنگرىيە) ئالىمى ھېرمان ۋامبېرىنىڭ ئۆتمۈشى ئۇنتۇلغان مىللەت ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىنى بۈگۈن پۇقرا ۋە ئۆلىمالىرىمىزنىڭ يېقىنقى ۋە قەدىمكى تارىخىمىز ھەققىدە ناھايىتى يۈزەكى تەسەۋۋۇرغا ئىگە بىر دەۋردە ئەسلەش ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىشتۇر. ئۆتمۈشتىن خەۋەرسىزلىك تۇنۇگۈنكى ۋە بۈگۈنكى ئەۋلادنى مەنىۋى جەھەتتىن قاششاق، روھسىز، يۇرتىغا، مىللىتىگە، ئىستىقبالىغا بىپەرۋا قارايدىغان قىلىپ قويغانىدى. ۋاھالەنكى، ئېلىمىز بۈگۈنكى كۈندە، باشقىلارغا يېقىنىدىغان قورقۇنچلۇق روھى مۇھىتتىن قۇتۇلۇشقا ئېرىشتى. ياش - قېرى ھەممىسى بىردەك سىياسەتكە، ئىقتىسادقا، مەدەنىيەتكە زوقمەن كىشىلەرگە ئايلاندى. مىللىي ئۆرپ - ئادەت، بايلىق توغرىسىدا قىزىقىپ ئويلاشقا باشلىدى. بەزىلەر بولسا كېلەچەككە زۇلمەت پەردىسى قاپلىغان تۈن كەبى مەجھۇل بىر بوشلۇققا قاملىپ تىكىلگىنىچە ھازىرمۇ كارامەت كۆرسىتىشكە ئورۇنماقتا. ئەپسۇسكى ئېنىق ۋە مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولماستىن تۇرۇپ ئىستىقبالنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەكچىمىزكى ، بۈگۈنكى جۇمھۇرىيىتىمىزدە ياشاۋاتقان ئەۋلادنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئالتە مىڭ يىللىق تارىخقا، مەدەنىيەتكە ئىگە؛ ئەجدادلىرىمىز ئۆتكەن دەۋرلەردە ھۆكۈمرانلىقمۇ قىلغان ۋە ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىمۇ بولغان؛ مىللىي راۋاجلىنىش ۋە نەتەزۇل (ئارقىغا قاراپ چېكىنىش) پەيتلىرىمۇ بولغان. يەر بايلىقلىرىمىز، چېگرالىرىمىز، ئېلىمىزنىڭ نوپۇزى، قوشنا مەملىكەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى، مەشھۇر شەخسلىرى بولۇپمۇ، مىللەتنى جاھان مىقياسىدا شانۇ شۆھرەتكە ئىگە قىلغان بۈيۈك شەخسلىرى ھەققىدە ئاساسلىق بىر قارارغا كەلمەي تۇرۇپ، كېلەچەكتىكى ھاياتىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنى بەربىر تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز.

مېنىڭچە كېلەچەككە پەقەت ئۆتمۈش يول كۆرسىتىدۇ. ئۇ يول بۈگۈنكى دەۋرنى بېسىپ ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس. بۈگۈنىمىز كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم بولسا، ئۆتمۈش ۋە كېلەچەكنىڭ ئېغىر كۆۋرۈكىنى كۆتۈرەلەيدۇ. خەلقىمىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرى بېسىپ ئۆتىدىغان ئاشۇ كۆۋرۈكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچلەر بولۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لازىم. تارىخ ھەققىدە بىلىمگە ئىگە بولۇش زۆرۈر. ئەسلى ئانا يۇرتلىرى كونا تۈركىستان بولغان مەجارلار (ۋېنگرلار ــ ھۆنگىرلار ــ ھون ئەرلەر. ت. ق) ئالىمى ھېرمان ۋامبېرى نىڭ «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى» ناملىق كىتابىمۇ شۇنداق يول كۆرسەتكۈچلەرنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ رۇسچىسىغا ئاركادى پاۋلوۋسكىي تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى تاشكەنتتىكى ئەلىشىر ناۋائىي ناملىق كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان «تۈركىستان توپلىمى» نىڭ 70 ــ، 71 ــ جىلدلىرىدىن ئورۇن ئالغان. بىز ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان پارچىلارنى تەييارلاشتا شۇ كىتابتىنمۇ پايدىلاندۇق. ئاساسەن 20 ــ يىللاردا بۇخارا خەلق مائارىپ نازارىتى نەشرىياتىنىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن مۇشۇ رۇسچە تەرجىمىدىن فاتىخ كەرىمى ۋە بۇرھان شەرەپ تۈركچىلەشتۈرگەن ئىككى جىلدلىقتا (موسكۋا، 1924 ــ يىل، كونا ئىملايىمىزدا) تايىنىدۇ.

مەلۇمكى، ھېرمان ۋامبېرىنىڭ تۈركى خەلقلەرنىڭ ھاياتى ئىسلامغا ئائىت ئىلمىي، ئەدەبىي، سىياسىي، تارىخىي تېمىغا ئائىت يىگىرمىدىن ئارتۇق ئەسىرى بار. قىسقىسى، بىز بۇ ئورۇندا ۋاقىپىرنىڭ «ئىنگلىز جاسۇسى» ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەشتى. ئارتۇقچە دەپ قارايمىز ۋە فاتىخ كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى تەكىتلەش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. بۇ ئالىم «سىياسىي پىكرى جەھەتتىن ناھايىتى ئېنىق تۈرك مۇخلىسى، ئىنگلىز تەرەپدارى، روسىيە مۇخالىپى (قارشى چىققۇچى) ئىدى. شۇڭىغا ئاساسەن پادىشاھ روسىيىسىنىڭ قارشىچە غەيرى مەقبۇل كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىناتتى» ئەمما ئالىمغا نىسبەتەن شۇنداق قاراشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ «بۇخارا ياكى ماۋەرا ئۇننەھر تارىخ» ئەسىرىنى 1873 ــ يىلدا ئەۋلىيا پېتىر شەھىرىدە تەرجىمە قىلىپ تارقىتىلغانلىقى ۋە بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇمدۇر. تەرجىمان ئا. پاۋلوۋسكىينىڭ «كىرىش سۆز» دىكى پىكىرلىرى ھەققىدە ئۇيغۇن: «مۇئەللىپ ۋامبېرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئەسەر ياۋروپالىق مەلۇماتلىق ئاما ئۈچۈن ترانسوكسانىيە ــ ماۋەرا ئۇننەھر مەملىكىتى ھەققىدىكى» بىرىنچى تارىخ بولۇپ قالدۇ، چۈنكى ۋامبېرى بۇ كىتابنى يېزىشتا ئەسلى مەنبەلەردىن، تۈرك، موغۇل، ئەرەب، پارس تىلىدىكى تارىخ كىتابلىرى بۇ ئۆلكىگە قىلغان ساياھەتلىرى داۋامىدا كۆرگەن ۋە ئۆزى توپلىغان قولىيازمىلىرىدىن پايدىلانغان. تەرجىمان بۇ ئۆلكە تېمۇرىيىلەر سەلتەنىتىنىڭ يىمىرىلىشىغىچە ماۋەرا ئۇننەھر دەپ ئاتالغان، كېيىن ئون ئالتىنچى يۈز يىللىقتىن باشلاپ بۇخارا خانلىقى دەپ شۆھرەت تاپقانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن. ئەمما، ئۇنىڭدا مەلۇم قىسمەن نوقسانلارمۇ يوق ئەمەس. ئېنىقكى بۇ تەبىئىي ھالدۇر. چۈنكى، مۇئەللىپ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي كىتابلاردىن ئۆگىنىپ، ئۆزى باشقا بىر مىللەتكە ۋە باشقا بىر مىللىي كۆز قاراشقا ئىگە بولغىنى ھالدا ھۆكۈمران بىر مۆھتىنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا بۇ ئەسەرنى ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا يازغان. ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچى سىراجىدىن ئەخمەتمۇ ۋە مەنمۇ ئۇنى تەھرىرلەش ۋە تۈركچە، رۇسچە نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇش جەريانىدا مەنمۇ ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يېتىشىچە شۇ جەھەتلەرگە ئېتىبار بەردۇق. كىتابخانلارنىڭ مىللىي ھېسسىياتى ۋە ئىززەت ھۆرمىتىگە تېگىدىغان بەزى، ئىبارە ۋە جۈملىلەرنى ئەتەي چىقىرىۋەتتۇق بەزىلىرىنى ئىلمىي ئاساسقا ۋە مەنتىقىغە تايىنىپ ئۆزگەرتتۇق. مەسىلەن، تۈركچە نۇسخىدىكى «ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇمى ۋە ئىسلامنى قوبۇل

قىلىش» بابى مۇنداق باشلىنىدۇ: «ئۇلۇغ ئىسلام يۇرتىنىڭ تايانچلىرى غەربىي ئاسىيادا تىكلەنگەندىن كېيىن ئىنشا قىلىنغاندىن ئەرەب ئەمەلدارىنىڭ غالىب قوشۇنلىرى ئىسكەندەرى كەبىر يولى بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە كىرىپ كەلدى.»

تۈركچە نۇسخىدا بۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئورۇنلاردا ئۇچرايدىغان «قەھرىمان ئەرەب» دېگەنگە ئوخشاش ئومۇمەن ئەرەبلەرنى ئۇلۇغلايدىغان ئىبارىلەر رۇسچە نۇسخىدا يوق. مەن ۋامبېرىنىڭ كىتابىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئوقۇيالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا پەقەت بىر پەرەز بىلەن چەكلىنىمەن: ۋامبېرى ئۆز كىتابىنى يېزىشتا ئەرەب مۇئەللىپلىرىنىڭ ئاساسەن مۇسۇلمان شەرقىي مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان ۋە ئۇنىڭدىكى ئەرەبلەر مەدھىيىلەش مەزمۇنلىرىنى سىڭدۈرۈۋالغان. شۇ سەۋەبتىنمۇ رۇسچە ۋە تۈركچە نۇسخىلىرىدىمۇ ماۋەرا ئۇننەھرگە — تورانغان باستۇرۇپ كىرگەن ئەرەبلەر «قەھرىمانلار» دەپ، بۇ يۇرتنىڭ ئۆز ئېگىلىرى ۋە يۇرت ھىمايىچىلىرى بولسا «دۈشمەن» دەپ ئاتالغان. قوتەيبە «ئەڭ ئاۋۋال بايكەند شەھىرىگە قارشى يۈرۈش قىلدى. ئۇ سەھرا ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن شۇ يەردە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى تاسادىپىي ئۇچراتتى. دۈشمەن ئەسكىرى سان جەھەتتە قۇتەيبە ئەسكەرلىرىدىن بەك كۆپ ئىدى. رۇسچە نۇسخىدىمۇ بۇ مەنتىقى خاتالىقنىڭ تەكرارلانغانلىقىنى كۆرىمىز:»

شۇنىڭغا ئاساسەن بىز «دۈشمەن» سۆزى ئورنىغا بەزى ئورۇنلاردا تورانلىقلار ۋە تۈركلەر دېگەن ئىبارىنى قوللاندۇق.

ۋامبېرىنىڭ كىتابىدىكى مۇھىم مەلۇماتلاردىن بىرى شۇكى، ئۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى تورغاي ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ۋە ئىزاھتا: «ۋەيلىنىڭ ئوقۇغىنىغا ئوخشاش تاراغاي ئەمەس» دەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ۋامبېرىنىڭ پىكرى توغرا. چۈنكى، تورغاي ياكى تاراغاي سۆزىنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ بەرمىگەن. ۋامبېرىمۇ بۇ يەردە نېمىشقا تورغاي ئىكەنلىكىگە ئىزاھات بەرمىگەن. قەدىمىي تۈركلەر تارىخىدىن مەلۇمكى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بۇددا دىنىغا، كۆپ دىنىي (شامانىزم)غا ئېتىقاد قىلغان. ئۇلارنىڭ توتېملىرى ھايۋانلار ۋە قۇشلار بولغانلىقى مەلۇم. شۇ جەھەتتىن قارىغاندا شۇنداقلا تېمۇرىيىلەر دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ ئىسلامدىن ئاۋۋالقى قەدىمىي تۈرك ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى، خۇسۇسەن ئىسلاملاشقان تۈركلەر ئۆزلىرىگە بىر ئەرەبچە ئىسىم بىلەن بىرگە بىرەر قەدىمكى تۈركچە ئىسمىنىمۇ بىللە قويغانلىقىنى ئەسلىسەك، نېمىشقا تورغاي دەپ ئاتالغانلىقى ئېنىق بولىدۇ. ۋامبېرىنىڭ بىر ئىزاھىدا «كوراگان» سۆزى گۈزەل مەنىسىنى بىلدۈرۈشنى، كۈرەگان - كۆركىلى، كۆركەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مۇئەللىپ: «تېمۇرنىڭ ئۇرۇقى بارلاس بولغان. ئەمما، ئائىلە تارمىقى كۆرەگاندۇر» دەيدۇ. دېمەك، ئەمىر تېمۇر بارلاس قەبىلىسىنىڭ كۆرەگان - كۆركەم ئۇرۇقىدىن بولغان. ھازىرمۇ شەھرىسەبز ۋە باشقا يەرلەردە ياشىغۇچى بارلاس قوۋمىگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ كۆركەم ئىكەنلىكىمۇ ئالىمنىڭ بۇ پىكرىنى تەستىقلايدۇ. كۆرەگان سۆزىنى موڭغۇلچىغا باغلىغۇچىلارنىڭ تايانغىنى مېنىڭچە، تېمۇر سەلتەنىتى ۋە يۈرۈشلىرى دەۋرىدە ئانچە - مۇنچە ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچار قىلىنغان ئەللەرنىڭ ۋەكىللىرى بولمىش خۇسۇسەن ئەرەب ۋە پارس مۇئەللىپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسى ۋاسىتىسى بىلەن ياۋروپاغىمۇ ئۆتكەن بىر تەرەپلىمە خاتا مەلۇماتلاردۇر. ئەمىر تېمۇرنىڭ «موغۇل نەسلىدىن ئىكەنلىكى ھەققىدە مىرخاند، شەرەپىددىن ئەلى يەزدىي، ۋەيل، ھاممىر ۋە باشقا شەرقشۇناسلارنىڭ رىۋايەتلىرى ئىككى قېتىم ئۆزىنى كۆرسەتتى» ۋامبېرى بۇ پىكرىنى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«تېمۇرنىڭ قاراچار نويان نەسلىدىن بولۇشى ئاساسسىز ھېكايە» ئىكەنلىكىنى، چاغاتاينىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش ۋەزىرىنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدىكى سۆز «تارىخى جاھان كۇشاي» دا يوق ئىكەنلىكى، ئەمما رەشىدىددىن، مىرخاند ۋە باشقىلار بۇ مەلۇماتلارنى «تارىخى جاھان كۇشاي» دىن ئالغانلىقلىرىنى ئېيتقانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. تېمۇرنىڭ نەسلىنى موغۇللارغا باغلىغان زامانىمىز تارىخچىلىرىمۇ ئاشۇ ئادىشىشنىڭ ئىختىيارسىز قۇربانلىرى بولغان ئاساسسىز سۆزلەرنى تەكرارلاپ يۈرگەنلىكلىرىنى مانا ئەمدى چۈشەنسە بولار، دەپ ئويلايمەن. ماجار ئالىمى ۋامبىرىنىڭ «تېمۇر تۈزۈكلىرى» ھەققىدىكى بىر ئىزاھاتمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر: «تۈزۈك» سۆزىنىڭ ئەسلى قەدىمكى تۈركچىدىكى «تۈتسۈق» بولۇپ، ئەرەبچە: نىزام دېگەن مەنىدە. بۇ سۆزگە ئەرەبچە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇپ، «تۈزۈكات» سۆزى ياسالغان. ئالىم يەنە بىر ئىزاھاتىدا «تېمۇر تۈزۈكلىرى» نىڭ ئەسلى چاغاتايچە نۇسخىسى يەمەن ۋالىيسى جەپەرنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ۋامبىرى تەرەپبازلىق قىلماستىن، ئىبنى ئەرەبشاھنىڭ «تېمۇر چىڭگىزخاننىڭ ياساقلىرىنى ‹قۇرئان› دىن يۇقىرى كۆرەتتى» دەپ ئەمىر تېمۇرنى ھەقسىز ئەيىبلىگەنلىكىنىمۇ تەكىتلەيدۇ؛ ئەسلىدە، ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ لەشكىرى ئىدارە بولۇشتىن كۆرە، روھانىي ئىدارىگە تەتبىق قىلىنىپ ياسالغانلىقىنى، موغۇل ياساقلىرى بولسا، دۆلەتنى تۈتۈپ تۇرۇشتا، مۇستەھكەملەشتە كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مېنىڭچە ۋامبىرىنىڭ بۇ قارىشى بۈگۈنكى كۈندىمۇ «دۆلەت تەشكىلاتى دىنىي بولۇشى كېرەكمۇ ياكى لەشكىرىي بولۇشى كېرەكمۇ؟» دەپ بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتقان كىشىلەر بىلىپ قويسا ئەرزىيدىغان مۇھىم پىكىردۇر. ھەقىقەتەنمۇ بىر دۆلەت روھانىي تەرەققىيات ئاساسىدا جەمئىيەت قۇرسايۇ، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى دۆلەت قوشۇنى لەشكىرى تەرەققىياتقا ئىگە جامائەتتىن ئىبارەت بولسا روھانى تەشكىلاتلىق دۆلەت ئۆزىنى قانداق ھىمايە قىلىدۇ؟ ئەمىر تېمۇر بۇ مەسىلىلەرنى ئۆز دەۋرىدە چوڭقۇر ئويلىغان ۋە ئۆز سەلتەنىتىنىمۇ قەدىمكى تۈرك دۆلەتچىلىكىگە ئوخشاش لەشكىرى تەرتىپلەرگە، شۇنداقلا ھۆكۈمران روھانىي تەشكىلاتىغا ئاساسلىنىپ قۇرغان.

قىسقىسى، ۋامبىرىنىڭ بۇ كىتابى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كەسكىن مۇلاھىزىلەرنى ئويغىتىشى تەبىئىي. ئۇنى ئىلمىي تەدبىقلاش بولسا ئالىملىرىمىزغا ھاۋالە.

— تاھىر قاھھار

## ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇمى، ئىسلامنى قوبۇل قىلىش

ھىجرىيىنىڭ 46 ـ 96 (مىلادىيە 666 ـ 714)- يىللىرى

بۈيۈك ئىسلامىيەتنىڭ تايانچلىرى غەربىي ئاسىيادا بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ غالىب قوشۇنلىرى ئىسكەندەرنىڭ يولى بىلەن ماۋەرا ئۇننەھرگە كىرىپ كەلدى. زىيادىبىن ئەبۇسوفيان ھىجرىيە 46 (مىلادىيە 666)- يىلىدا لەشكەر بېشى رابىئە بىننى ئەل ھارىسنى ئىراقتىن خۇراسانغا يۆتكەپ كەلدى. ساسانىيلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھىنىڭ پاراكەندىچىلىكى بىلەن پەيدا بولغان پەرىشانلىقتىن پايدىلىنىپ، ئەرەبلەر شەرقىي ئىراندا ئۆز يولىدىكى ھەرقانداق توسقۇنلۇقلارنى جايىدىلا تارمار قىلىپ، غەلىبە بايرىقى بىلەن بەلخقە يېتىپ باردى. بۇ شەھەر ماۋەرا ئۇننەھرىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى.

بۇ يەردە تۇرۇپ، سوغدىيانىنىڭ بايلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان، غەلىبە ۋە ئولجىغا شۇنچە زوقمەن بولغان ئەرەبلەرنىڭ بۇنىڭغا كۆز تىكىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن پەتھى قىلىش پىلانلىرى بىلەن سىر دەرياسى بويلىرىغا قەدەر يېتىپ كەلدى.

بۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ قانچىلىك چوڭ ۋە قولغا كىرگۈزگەن ئولجىلىرىنىڭ نەقەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلىش مۇمكىنكى، زىياد ۋاپات بولۇپ تۆت يىلدىن كېيىن (ئۇ ھىجرىيە 50 ـ، مىلادىيە 670 ـ يىلىدا ۋاپات بولدى) ئۇنىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللا مۇئاۋىيە بۇخاراغا يەنە قوشۇن تارتتى. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇم جىددىي ھالەتتە بولدى. ئۇبەيدۇللابىن زىياد ئەڭ قەدىمكى سودا مەركىزى ۋە ناھايىتى باي بولغان پايتەخت بايكەند شەھىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت قامال قىلغاندىن كېيىن بېسىپ ئالدى بۇ ھىجرىيە 53 (مىلادىيە 672 ) ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئىدى. ئايال پادىشاھ تۈرك ئەسكەرلىرىنى ياردەمگە چاقىردى. ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنچاناق (تاش ئاتقۇچى قورال) لىرى بىلەن شەھەرنى پۈتۈنلەي قامال قىلغاندىن كېيىن بۇخارا پادىشاھىغا ياردەمگە كەلگۈچى تۈركلەر ئۇبەيدۇللا بىن زىيادقا ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. ئۇبەيدۇللا مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇپ بۇ يۇرتلۇقلارغا كۆپ زىيان ـ زەخمەتلەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، بۇخارانى قامال قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، مەرۋىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. (تەبەرىينىڭ يېزىشىچە، ئۇبەيدۇللا تاشكەنتكىچە كەلگەن.)

مۇسۇلمانلار بۇ يەردىن ناھايىتى كۆپ خەزىنە، قورال، كىيىم ـ كېچەك، ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىقلارنى ئولجا ئالدى. بۇلار ئارىسىدا ئايال پادىشاھنىڭ ئاجايىپ جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەنگەن كىيىم ـ كېچەكلىرى سەھرالىق ئەرەبلەرنى بەكمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى. بۇ يىگىرمە مىڭ دىرھەمگە[1] باھالانغانىدى. ئۇلار ئارقىغا چېكىنىش ۋاقتىدا، ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن ناھايىتى نۇرغۇن ياشانغانلارنى ئۆلتۈرگەن، ھەتتاكى دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلىغان. ئەرەب تارىخچىسى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئايال پادىشاھ بۇخارا ئۆلكىسىنى خاراب بولۇشتىن ۋە خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇبەيدۇللا بىلەن سۈلھ تۈزۈپ، ئۇنىڭغا ھەر يىلى بىر مىليون دىرھەم تۆلەم تۆلەشكە ۋەدە بەرگەن» ئىدى.

لېكىن، بىز كۆرەلەيمىزكى بۇ ۋەقەدىن ئۈچ يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي ئەرەبلەر سەئىد بىن ئوسمان قوماندانلىقىدا ئايال پادىشاھقا قارشى تەكرار ھۇجۇم باشلىدى. ئايال پادىشاھ ئۇبەيدۇللا بىلەن تۈزگەن سۈلھىگە ئەمەل قىلىپ، ئەرەب قوماندانىغا خىراجەت ئەۋەتىپ كۆردى. ئۇنىڭ تەدبىرلىرى ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى. سەئىد ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىدى. ئەۋەتىلگەن خىراجەتلەرنى قايتۇرۇۋەتتى ھەم ھېچقانداق ئاساسسىز ھالدا بۇخاراغا باردى. ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىتائەتسىزلىكى سەۋەبىدىن سادىر بولغان كۆپلىگەن ماجىرالار نەتىجىسىدە زەئىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئايال پادىشاھ بۇ قېتىم دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلالماي، سۈلھى تۈزدى. سەئىد ئۆزى كەتكەن ۋاقىتتا ئىشەنچلىك بولۇش ئۈچۈن گۆرۈ سورىدى. ئايال پادىشاھ ئادەملىرىدىن سەكسەن كىشىنى ئۇنىڭغا گۆرۈگە بەردى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەڭ خەۋپلىك تاشقى دۈشمەنلىرىدىن خالاس بولغاندەك ھېس قىلدى. سۈلھى تۈزۈلگەندىن كېيىن مەغرۇر ئەرەب، ئايال پادىشاھنى ئۆزىنىڭ لەشكەرگاھىغا كېلىشنى تەلەپ قىلدى. پەۋقۇلئاددە گۈزەل بولغان ئايال پادىشاھ ئاجايىپ زىننەتلىك كىيىملەر بىلەن ياسىنىپ، شەۋكەتلىك ھالدا ئەرەب لەشكەرگاھىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەرەبنى قاتتىق ھاياجانغا

---

[1] دىرھەم ـ پۇل بىرلىكى، كۈمۈش تەڭگە.

سالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئىشق ئارزۇسى بىلەن سوقتى. بۇ ھال ئۇلار ئۇتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەتكە سەۋەب بولدى. بۇ ۋەقە ناخشىلاردا كۈيلىنىپ، بۇ بۇخارا خەلقى ئارىسىدا بىرنەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە ئېيتىلىپ يۈردى.

بۇخارا شۇ يول بىلەن ئېلىنغاندىن كېيىن، سەئىد شەرق تەرەپكە، سوغدىيانىغا ھەم سەمەرقەند شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ چاغدا سەمەرقەندنىڭ پادىشاھى يوق ئىدى. ئۇنى سوغدىدىن تەيىنلەنگەن تۈرك تارخانى ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەرەبلەر ھۇجۇم قوزغاپ سەمەرقەندنىمۇ ئىشغال قىلىشۋالدى.

سەئىد ئارقىغا، خۇراسانغا قايتقاندا، بۇخاراغا كىرگەندىن كېيىن بۇخارالىقلار گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سورىدى. سەئىد ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە چىقىشۋالغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى مەرۋگە يېتىپ بارغۇچە كېچىكتۈردى. ئاخىرىدا گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى نىشاپوردا ئازاد قىلىشنى ۋەدە قىلدى. نىشاپۇردا بولسا كۇفەدە ئازاد قىلىمىز دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ مۆتىۋەرلىرى زەرەپشاننىڭ گۈزەل ساھىللىرىدىن ئەرەبىستان سەھرالىرىغا غەنىيمەت ئولجا بولۇپ ئېلىپ كېتىلدى. سەئىد مەدىنىدە ئۇلارنىڭ قىلىچ، كىيىم ۋە جاۋاھىراتلىق كەمەرلىرىنى، كىيىملىرىنى تارتىۋېلىپ، بۇ مەغرۇر بەگزادىلەرنى قۇللارغا ئايلاندۇردى. بۇ ۋەقە ئۇلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار قىساس ئېلىش ئۈچۈن سەئىدنىڭ سارىيىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆز سارىيىدا قەتل قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېلىشتى. بۇ ۋەقە يەزىد بىن مەرۋان خەلىپىلىكى زامانىدا يۈز بەردى.

باي بولۇپ قايتقان ئەرەبلەر يىراق سوغدىنىڭ ئاجايىباتلىرى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئۆز قوۋملىرىگە ئېيتىپ تۈگەتكۈچە، بۇخارادا ئەرەب ھاكىمىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلدى. سەئىد ئورنىغا خۇراساندا ئەمىرلىككە تەيىنلەنگەن مۇسلىم بىن زىياد نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئامۇ دەريا ساھىلىغا سەپەر قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئايال پادىشاھ يەنە تۈرك قوشۇنلىرىنى ياردەمگە چاقىردى. تۈركىستاننىڭ شىمالىدىن بىريۈز يىگىرمە مىڭ تۈرك ياردەمگە يېتىپ كەلدى. لېكىن، ئەرەبلەر تۈركلەرنىڭ سانى ۋە ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ بولغۇچە ھۇجۇمنى كېچىكتۈرگەندىن كېيىن مۇسلىم بىن زىياد ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن ئەسكەر بېشى مەھلەبكە تۈركلەرنى رازۋېدكا قىلىشنى تاپشۇردى. مەھلەب بۇ ئىشقا ئانچە چوڭ ئەمەلى يوق باشقا بىرسىنى ئەۋەتىشكە مەسلىھەت بەردى. لېكىن، مۇسلىمنىڭ ئىككىنچى قېتىم چۈشۈرگەن پەرمانىدىن كېيىن بۇ ئىشنى بېجىرىشكە كىرىشتى. ھەربىر قىسىمدىن بىرنەپەردىن ئەسكەرنى ئېلىپ يېرىم كېچىدە يوشۇرۇن رەۋىشتە يولغا چىقتى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە مۇسلىم ئۆز ئەسكەرلىرىگە مەھلەبنى چارلاشقا ئەۋەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئەرەبلەر بۇ ئىشتىن تەشۋىشكە چۈشۈپ: «سەن ئەمىر مەھلەبنى ئولجىلارنى ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتىڭ، ئەگەر جەڭ قىلىشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن بىزنى ئەۋەتكەن بولاتتىڭ» دېيىشتى. ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ئىنتىزامسىزلىق بىلەن مەھلەبنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۇنى قوغلاپ يەتتى. مەھلەب ئۇلارغا: «سىلەر بىزنى يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇڭلار. بىز بۇ يەرگە پەقەت ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن كەلگەندۇق، سىلەر بىزنى دۈشمەنگە سەزدۈرۈپ قويدۇڭلار، ئەمدى ئىشلىرىمىز يامان بولۇشى مۇمكىن» دېدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەھلەب خاتىرجەملىكىنى يوقاتمىدى. ئۆز يېنىدىكى ئەسكەرلەرنى قوشۇپ توققۇز يۈز ئادەم بولغانلىقىنى ساناپ چىقتى. ئەسكەرلەر سەپكە تىزىلىپ، بولۇشى بىلەنلا تۈركلەر تەرىپىدىن جەڭگە ئاتلىنىش بۇرغۇسى چېلىندى. ئۇلار دەرھال ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ، ئەرەبلەردىن تۆتيۈز

كىشىنى قېلىچتىن ئۆتكۈزدى. قالغانلىرىنى قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. مەھلەب ئۆزىنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرى تەرىپىدىن ئوراپ ئېلىندى. ئۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازدا قاتتىق نەرە تارتىپ ۋارقىرىدى. نار شاھىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ئۇنىڭ ئاۋازى يېرىم فەرسەخ① يىراقلىقتىكى ئەرەبلەر لەشكەرگاھىغا ئاڭلانغان. شۇ ھامان ئابدۇللا بىن جەدان قوماندانلىقىدا بىر قىسىم ئەسكەرلەر ياردەمگە كېلىپ جەڭگە ئاتلانغان. مەھلەب ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئۆز ئەسكەرلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا، ئاخىرقى كۈچىنى توپلاپ، يەنە جەڭنى داۋاملاشتۇرغان. تۈركلەر مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ھەربىر ئەرەب ئەسكىرىگە ئون مىڭ دىرھەمدىن پۇل بېرىلگەن. بۇ خىل ئەھۋالدا ئايال پادىشاھقا تەسلىم بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئامال قالمىغانلىقتىن سۈلھ تۈزگەن ئەرەبلەر مەرۋىگە قايتىپ كەلگەن.

ئەمما، بۇ قايتىپ كېتىش خاراب بولغان ماۋەرا ئۈننەھرىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇ تۈت قېتىملىق ھۇجۇمدىن كېيىن يەنە تەكرار ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا ئەمىر ئۆزىنىڭ تەدبىرچانلىقى، غەيرەتلىكلىكى بىلەن كونا ئىران مەدەنىيىتى بۆشۈكىنى پۈتۈنلەي سۇندۇرۇپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتىنى ئەڭ يىراقتىكى تەڭرى تاغلىرىغىچە تارقىتىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

بۇ ئەمىر - قۇتەيبە ئىبن مۇسلىم ئىدى. ھەججاج ھىجرىيە 86 (مىلادىيە 705) - يىلدا ماۋەرا ئۈننەھرىنى ئىشغال قىلىشنى تاپشۇردى. ئەمدىكى مەقسەت - تۈركلەرنىڭ بۇ ئۆلكىسىنى تالان - تاراج قىلىش، چېكىنىش ھەققىدە ئويلىماستىن، مەملىكەتنى تامامەن بويسۇندۇرۇش ۋە مۇسۇلمان قىلىش ئىدى. قۇتەيبە بۇ يولدا ئاۋۋال جەنۇبتىكى ئەڭ بىرىنچى قەلئە - بەلخنى ئىشغال قىلىشقا قارار قىلدى. ئۆزىنىڭ مەرۋىدە يىغىلغان ئەسكەرلىرىنى قۇتەيبە ۋەز - نەسىھەت ۋە قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن تېگىشلىكچە ھازىرلىغاندىن كېيىن، مۇنبەردىن چۈشۈپ توغرى ئۆزىنىڭ سەپەر ئېتىغا مىندى - دە، جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ قەدىمكى باكتىرىيىگە يېتەر - يەتمەستىن بەلخ ئاھالىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن ئۆز شەھەرلىرىگە باشلاپ كىردى. ئۇ شەھەردە خەلىپىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قارارلاشتۇردى. كېيىن ئامۇ دەريا ئارقىلىق ئايلىنىپ ھازىرقى چارجۇيىدىن ئۆتۈپ مەرۋىگە قايتتى. شۇ يەردىن ھىجرىيە 87 (مىلادىيە 750) - يىلىدا ماۋەرا ئۈننەھرىنى ئىستېلا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەڭ ئاۋۋال بايكەند شەھىرىگە قارشى يۈرۈش قىلدى. ئۇ سەھرادا مەلۇم مەنزىلىگە يەتكەندىن كېيىن تۈرك ئەسكەرلىرى بىلەن تاسادىپىي توقۇنۇشۇپ قالدى. تۈرك لەشكەرلىرى سان جەھەتتىن قوتەيبە لەشكەرلىرىدىن كۆپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركلەر تەرىپىدىن قاتتىق مۇھاسىرە قىلىندى. نەتىجىدە بىرنەچچە ئايغىچە ئۇنىڭدىن ھېچبىر خەۋەر بولمىدى. ھەججاج ئەئلائى كەلىمەتۇللا ئۈچۈن جىھاد قىلىپ، خەۋپلىك ھالغا چۈشۈپ قالغان مۇجاھىدلار ئۈچۈن نىجات تىلەپ دۇئا قىلىشقا پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنى دەۋەت قىلدى. قۇتەيبە ھالاكەتتىن قۇتۇلدى. تۈركلەرنىڭ نەقەدەر كۆپلۈكى ھەم ھەججاجنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە يالغان گەپ تارقاتقان بۇخارالىقلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى ھەم ئۇنىڭ تۆمۈردەك ئىرادىسىنى بوشىتالمىدى. ئۇ تۈركلەر بىلەن جەڭگە كىرىپ بىر كۈنلۈك ئېلىشىشتىن كېيىن، ئۇلارنى يەڭدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قاچتى. بىر قىسمى خۇددى مېيتىندەك قاتتىق بولغان بايكەندكە يوشۇرۇندى. بۇ چاغدا قەلئە قامال قىلىندى. بۇ قامال نەتىجىسىدە ئەرەبلەر كۆپ رىيازەت چەكتى. ئۇلارنىڭ ئون بەش كۈن قىلغان جەڭلىرى بىكارغا كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن

① ئۆزۈنلۈق بىرلىكى، بىر فەرسەخ تەخمىنەن يەتتە سەككىز كىلومېتىرغا تەڭ.

www.uyghurkitap.com



قەلئەنىڭ سېپىللىرى تېشىلدى. قۇتەيبە قەلئەگە بىرىنچى بولۇپ بارغان ۋە بۇ جەرياندا شېھىد بولغان كىشىلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا نۇرغۇن مۇكاپات بېرىشكە ۋەدە قىلدى. بۇ ۋەدە چوڭ تەسىر قوزغاپ، ئەرەبلەر ئاخىر قەلئەنى ئىشغال قىلدى.

لېكىن، قۇتەيبە شەھەردىن كەتكەندىن كېيىن، بايكەند ئاھالىسىنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ يەرگە ۋالى قىلىپ قالدۇرغان ۋەرقەبىن نەسرۇلبەھالى ھەم ئۇنىڭ يېنىدىكى مۇھىرلار ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەرەبلەر بۇ بالانى ئۆز بېشىغا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەنىدى. ۋەرقە بايكەند بىر ئادەمنىڭ ئىككى نەپەر گۈزەل قىزىغا ھاقارەت قىلغان. بۇ ئادەم خورلانغان قىزلىرى ئۈچۈن قىساس ئېلىش مەقسىتىدە ۋەرقەنى قىلىچ بىلەن چاپقان. شۇنداق بولسىمۇ قۇتەيبە غەزەپكە كېلىپ، كىشىلەرنىڭ غەلىيانىغا ھەققانى مۇناسىۋەتتە بولماي شەھەرگە قايتىپ كېلىپ ھەممە ياقنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىشقا بۇيرۇق قىلغان. قىلىچ تۇتالايدىغانلىكى ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈش، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسىر قىلىشقا بۇيرۇغان، ھەتتا تۇركلەرنىڭ بىر كۆزى قارىغۇ سەردارنىڭ ئۆز خۇنى ئۈچۈن پۇل تۆلەپ تىرىك قىلىش ھەققىدىكى تەلىپىنىمۇ رەت قىلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە بايكەند ئاھالىسى، كۆپرەك باي سودىگەرلەر، چىن ۋە پۈتۈن دۇنيا بىلەن سودا قىلغۇچىلار بۇ ئۇرۇش ۋاقتىدا شەھەردە بولمىغان. ئۇلار قايتىپ كېلىپ، ئۆز ـ خوتۇن قىزلىرىنى ئەرەبلەرگە ھەق تۆلەپ قايتۇرۇپ ئېلىشقان. شەھەر بىر قەدەر تىنچلانغان. يەنە تېزدىن ئەرەب ئىستېلاسى ئاستىدا قالغان خارابىلەر ئىچىدە ناھايىتى گۈزەل بىر شەھەر پەيدا بولغان. بايكەند پۈتۈن ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ غەربىي جەنۇبىي دەرۋازىسى بولغانلىقتىن ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئەرەبلەر ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. سوغدا ۋە رامىتەندىن كېيىن قالسا ئەڭ تەرەققىي تاپقان بۇ شەھەردە بويسۇندۇرغۇچىلار ھېسابسىز بايلىقلارغا ئېرىشكەنىدى. مەسىلەن، بىر بۇتخانىدا قىرىق مىڭ دىرھەم مىڭ ئېغىرلىقتا ساپ ئالتۇندىن ئىشلەنگەن بۇتلار بولۇپ ھەربىرىنىڭ كۆزى ئورنىدا كەپتەر تۇخۇمچىلىق ئىككى گۆھەربار ئىدى. قۇتەيبە بۇلارنى ئولجىلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن بىرگە ھەججاجغا ئەۋەتىپ بەردى. ھەججاج بۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆز تەشەككۇر نامىسىدا ئۆزىنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئەرەبىستان بەدەۋىيلىرىنىڭ مەغلۇپ قىلىنغانلار تەرىپىدىن توپلانغان خەزىنىلەرگە نەقەدەر ئاچ كۆزلۈك ۋە ھېرىس بىلەن توختاۋسىز ھۇجۇم قىلىنغانلىقلىرىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. بەدەۋىيلەرنىڭ ئەڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىسى قورال ئىدى. ئاسىيانىڭ بۇ ئۆلكىسى قەدىمدىن بۇيان قورالنى ئىنتايىن پۇختا ھەم گۈزەل قىلىپ ئىشلەش بىلەن مەشھۇر ئىدى. گەرچە ئەسكەرلەرگە بايكەندتە ئىشلەنگەن قوراللارنىڭ ئاساسىي بىر قىسمى تەقسىم قىلىنىپ، سوۋغا قىلىنغان بولسىمۇ، خېرىدارنىڭ كۆپلىكىدىن قوراللارنىڭ نەرخى شۇ قەدەر يۇقىرىلىدىكى بىر سۇپەر يەتمىش دىرھەم، تۇمۇر ساۋۇت ئىككى يۈز دىرھەم قالقان ئۇنىڭدىنمۇ قىممەترەك بولدى. ئەسكەرلەر ئاز ئىدى. چۈنكى، ماۋەرا ئۇننەھر جەڭلىرىدە ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا ئېرىشكەن بەنى تەسىم، بەكرى، ئابدۇلقەيس قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزىلا ئەسكەرلىككە يىگىرمە بىر مىڭ ئادەم (ھەممىسى بولۇپ قىرىق بىر مىڭ) بەرگەنىدى. ئادەم سانى جەھەتتىن كەمچىلىك بولمىسىمۇ، ئەرەبلەر ھەربىي قورالنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتىن پەخىرلەنگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. قۇتەيبەنىڭ ئىستېلاسىدىن، بولۇپمۇ تۈركىستان سەھرا ۋىلايەتلىرىنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن باشقا جايلارغا ھۇجۇم ئازراق ئۇيۇشتۇرۇلدى. چۈنكى، باسقۇنچىلارغا ھېلىھەم قورال يېتىشمەيتتى. دەرۋەقە. بۇخارا بىلەن دۈشمەنلىك ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە قۇتەيبەنىڭ ئۆزى سەۋەبچى بولدى. ئۇنىڭ ھەربىي پىلانى مۇداپىئە ئۈچۈن قولايسىز بولغان بۇ شەھەرنى ئەڭ ئاۋۋال شىمالدىن

ھەم شەرقتىن كېلىدىغان ياردەمچى تۈرك ئەسكەرلىرىدىن مەھرۇم قىلىش، كېيىن بولسا ئەلك ئالدى بىلەن ۋاردون (ھازىرقى ۋەردانزى)، رامىتەن ھەم سوغدىدىكى كىچىك مۇستەقىل خانلىقلارنى تارمار قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭغا ھەججاج شۇنداق ھەركەت قىلىشنى تاپشۇرغانىدى. قۇتەيبە ھىجرىيە 87 (مىلادىيە 707 ) - يىلى كىش (شەھرىسەبز) ھەم نەخشەب (قەرشى)نى بويسۇندۇردى. ئۇ ھىجرىيە 90 (مىلادىيە 708) - يىلى ۋەردانغا يۈرۈش قىلىشنى نىيەت قىلدى. لېكىن، بۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغاندا، ئۇزى ئويلاپ باقمىغان قارشىلىققا دۇچ كەلدى. تۈرك خاقانلىرى ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللىنىپ، ئۆزئارا بىتىم تۈزۈشتى ھەم بىرلەشكەن كۈچلىرى بىلەن قۇتەيبەنى يولدا توختىتىپ قويدى. بۇ قېتىم بۇخارا ئەتراپىدىكى، پۈتۈن ماۋەرا ئۇننەھر ھەم سوغدى خانلىرى ?پەندى. فەرغانە پادىشاھى ھەم يىراق شەرقتىن خىتاي خاقانىنىڭ ئىنىسى «كورىمغان» دېگەن بىر كىشى ئۇلارغا قوشۇلدى. ئۇلار گويا ئومۇمىي تەھلىكىنى ھېس قىلىپ بىرلەشكەن كۈچلىرى بىلەن ئەرەب ئىستېلاسىنى توختىتىشقا قارار قىلىشقانىدى. بۇ پەيتتە ۋەردانغا يېتىپ كەلگەن قۇتەيبە ئۇلار تەرىپىدىن ئوچرىدى. بۇنى تەبەرىنىڭ ناھايىتى ياخشى تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكىدىن ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن. تارىخچىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ھەر تەرەپتىن قىسىپ قويۇلغان ئەرەبلەر، قەتئىي مەغلۇبىيەت تەھلىكىسىنى سەزگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى سەت ئاۋازلىرى بىلەن غوۋغا قىلىپ، يۈزلىرىنى تاتىلاشتى. لېكىن، قۇتەيبەنىڭ تەسىرلىك نۇتۇقلىرى ئەرەبلەرنىڭ روھىنى ئۇستۇردى: «ئوغۇللىرىم ئالغا! بۇ تۈركلەرنى سىلەر تارمار قىلىشىڭلار كېرەك!» دەپ تۈرلۈك قەبىلىلەرگە خىتاپ قىلدى. ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئالدى بىلەن تەمىم قەبىلىسى ئاۋاز قوشتى. ئۇلارنىڭ ئەسكەر بېشى جەۋەنغار زەيىم قەبىلە رەئىسى ۋەقىئى بىنئەبۇ ئەسۋەدنىڭ ئەمرى بىلەن بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا چۈشتى. تەبەرى ئېيتقانىدەك ئەرەبلەرنىڭ بۇ جەڭدە غەلىبىگە ئېرىشىشى شۈبھىلىك ئىدى. لېكىن، شۇنىسى ئېنىقكى ئەرەبلەر بۇ قېتىم تۈركلەرنىڭ سەپلىرىنى بۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى سىياسىي ھىيلە بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى. جەڭدە غەلىبە قازىنالىشىغا كۆزى يەتمىگەن قۇتەيبە بىرلەشكەن تۈركلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇشقا قەست قىلدى ھەم بۇنىڭغا ئېرىشەلىمىدى. چۈنكى، ئىتتىپاقلىققا ساداقەتمەنلىك تۈركلەرنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئىتتىپاقچىلار قوشۇنى ئارىسىدىكى ئەڭ كۆپ ساندىكىسى سوغدى پادىشاھى قويغان ئەسكەرلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوغدى قوشۇنىنى باشقىلاردىن ئايرىۋېتىش ۋە ئۇلارنى جەڭدىن توختىتىش لازىم ئىدى. قۇتەيبە بۇ سىياسىي پىتنىنى ئىشلەشنى ھەييان نەباتى ناملىق بىر كىشىگە تاپشۇردى. ئۇ بىر جەڭ مەزگىلىدە ئىنتايىن مەخپىي ھالدا سوغدى پادىشاھىغا «ئىتتىپاقچىلار سىنى تەختتىن مەھرۇم قىلىشقا قارار قىلدى» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ۋە بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇتەيبەنىڭ بۇ تەرەپتىن كېتىشىنى كۈتمەكتە دېدى. مەككار ئەرەب يەنە ئىزاھات بېرىپ: «بىز بۇ يەردە يىلنىڭ ئىسسىق ۋاقىتلىرىدىلا تۇرالايمىز قىش ۋاقتى كېلىشى بىلەن ئىسسىق تەرەپلەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولىمىز. ئەمما، سەن ئۆزۈڭنىڭ شىمالدىن كەلگەن ئىتتىپاقداشلىرىڭنى ئۇنتۇما. ئۇلارنى سوغدىيانىنىڭ گۈزەل پاراۋانلىقىدىن ئايرىپ، قايتۇرۇپ كېتىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ ئەڭ ياخشىسى شۇكى، سەن بىز بىلەن سۈلھ تۈزگىن، ئەمما ئىتتىپاقداشلىرىڭغا «ھەججاج ئەرەبلەرگە كىش ۋەنەخشەب ۋە نەخشەب ئارقىلىق ناھايىتى كۆپ ياردەم ئەۋەتىپتۇ، مەن شۇ ئىشتىن ئەنسىرەپ سۈلھ تۈزدۈم» دېسەڭ، بۇ قىلغان ئىشىڭغا ماس ھالدا ئۆزرىخاھلىق سورىغانلىقىڭ بولىدۇ، بىز توغرۇلۇق سەن تامامەن خاتىرجەم بولغىن» دېدى. بۇ سۆزلەر سوغدى خانىغا تەسىر كۆرسىتىپ، بۇ تۈركلەرنىڭ خىيانەتكارلىقىمۇ ياكى باشقا بىر مۇھىم

www.uyghurkitap.com



سەۋەب بارمۇ دېگەن مەسىلىنى ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىر بىر پىكىرگە كېلەلمىدى ئاقىۋەتتە ھىيلە ـ مىكىرگە مەغلۇپ بولدى. ئەرەبلەر بىلەن مەخپىي ئەھدۇ ـ پەيمان قىلىشتى. ئۇلارغا يىلىغا ئىككى مىليون خىراجەت تۆلەشكە ۋەدە بەردى ھەم دەرھال ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى توختاتتى. باشقا ئىتتىپاقچىلارنىمۇ ئۆز جايىغا قايتىشقا مەجبۇر قىلدى. قۇتەيبە تۆت ئاي داۋاملاشقان تەھلىكىدىن شۇ تەرىقىدە قۇتۇلۇپ قالدى.

ئەمدى تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوقكى، بۇ سىياسىي ھىيلە ـ مىكىرنىڭ جازاسىنى ھەممىدىن كۆپرەك سەمەرقەند تارخانى تارتتى. سۈلھى ئەھدى قىلىشقا قارىماي، ئەھدىنامىغا مۇۋاپىق بۇ يەردە سېلىنىدىغان مەسچىت قۇرۇلۇشنى تىزلەشتۇرۇش باھانىسى بىلەن شەھەرگە خىش پىشۇرغۇچىلار ئورنىغا تۆت مىڭ قوراللىق ئەرەبنى كىرگۈزدى. تارخان بۇ خىيانەت ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنى كۆزلىگەنلىكتىن ئەرەبلەر ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇنـــى پۈتۈن تەرەپدارلىرى بىلەن بىللە ئۆلتۈردى. سەمەرقەند تالان ـ تاراج قىلىندى. ساسانىيلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى يەزدىگەردنىڭ قىزى ھەم ئەسىرلەر ئارىسىدا ئىدى. ئۇ خەلىپە ۋەلىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى. غەنىيمەت ئېلىنغان ئالتۇن بۇتلار ۋە ئۇلارنىڭ جاھازلىرى ئەللىك مىڭ مىسقال ئېغىرلىققا يېتەتتى.' ئەرەب ئەسكەرلىرىگە بىرقانچە ۋاقىتقىچە دەم ئېلىشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇتەيبە مەرۋىگە قايتتى. پۈتۈن قىش مەۋسۇمىنى ئىستىراھەتتە ئۆتكۈزدى. ئاخىر ئىراق ھەم خۇراساندىن زور مىقداردا ياردەمچى ئەسكەر ئېلىپ كېلىپ، ياز كۈنى ھىجرىيە 91 (مىلادىيە 709) ـ يىلدا بۇخاراغا سەپەر قىلدى. بۇ سەپەردىن مەقسىتى ـ بۇخارا ئۈچۈن بولىدىغان يۈرۈشلەرگە خاتىمە بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. نارشاھىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ ۋاقىتتا زەرەپشان پايتەختىنىڭ ئىدارە قىلىنىشى ئايال پادشاھىنىڭ ئىلكىدە ئىدى، دېيىلىدۇ. ئەمما، بۇ پەيتلەردە ئۇ ناھايىتى قېرى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ گەپلەر ئانچە توغرا ئەمەس. ھەرھالدا ئايال پادشاھمۇ ياكى باشقا پادشاھمۇ قايسى بولمىسۇن ئەرەبلەرگە يەنە قارشىلىق كۆرسىتىشنى پايدىسىز دەپ بىلىشەتتى. ئۈچ قېتىم بويسۇندۇرۇلغان، ئۈچ قېتىم ئىسلام دىنى قايتىدىن قوبۇل قىلدۇرۇلغان، ھەر قېتىم يوشۇرۇن ھالەتتە ئۆزىنىڭ كونا دىنىغا قايتقان بۇخارا ئەمدى دەرۋازىسىنى 4 ـ قېتىم ئاچتى. بۇ يۇرت ئاۋۋال غەيرى بىلىنگەن دىنىنى بېسىپ كىرگەنلەر بىلەن بىللە قوبۇل قىلىپ، كېيىنچە شۇ دىنىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي مۇجاھىرلىرىنىمۇ يېتىشتۇردى. ھازىر ئاسىيانىڭ ھەر ـ بىر قىتئەسىدە ئىسلام گوياكى ئارقىغا قاراپ كېتىۋاتقان بىر ھالەتتە، يالغۇز بۇخارادىلا خەلىپە رەشىدنىـــڭ ئەسىردىكى قائىدە ـ يوسۇنلار داۋام قىلماقتا.

قۇتەيبە شەھەرنى بېسىپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پادشاھى خۇدات (خان) ئۆز مەنسىپىدە قالدۇرۇلدى. لېكىن، ئۇنىڭ يېنىغا خەلىپە تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بىر مەمۇرىي شەخس قويۇلۇپ، ئۇ ھاكىم مۇتلەقلىق يۈرگۈزۈپ، خۇداتنى بىر قونچاققا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇداتنىڭ خەلىپىگە يىلىغا يىگىرمە مىڭ دىرھەم، خۇراسان ئەمىرىگە ئون مىڭ دىرھەم خىراجەت پۇلى تۆلەپ تۇرىدىغانلىقى بەلگىـــلەندى. يەنە بۇخارادا قالدۇرۇلغان ئەرەبلەرگە شەھەردىكى ئومۇمىي ھامماملارنىڭ ساپ خىراجىتىدىن بىر قىسمى بېرىلىشى كېرەكلىكى تەيىنلەندى. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلار ئاخىر ئىسلام مەملىكىتىگە ئايلاندۇرۇلغان بۇخارا ئۈچۈن، باشقا ئىسلام مۇستەملىكىلىرىدە قوللىنىلغان سىياسىي تەدبىرلەرگە ئوخشاش ئېغىر ئىدى. لېكىن، ئىسلامنى تارقىتىش يولىدىكى بەزىبىر سىرلىق ئۇسۇللارنـــى مەغرۇر بۇخارالىقلار چوڭقۇر ھېس قىلىشتى، ئەرەبلەرگە مەلۇم بولۇشىچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئىككىلەنگۈچى كىشىلەر يوشۇرۇن ھالدا كونا مەبۇدلىرىغا ھامان ئىبادەت قىلىپ تۇرۇشقان. شۇ سەۋەبتىن ھەربىر بۇخارالىققا ئۆز ھويلىسىنىڭ

يېرىمىنى ئەرەبلەرگە بېرىش بۇيرۇلغانىدى. ئۇ ئەرەبلەر ئۆي ئىگىلىرىگە ئىسلام شەرىئەتلىرىدىن تەلىم بەردى ھەم ئۇلارنىڭ ئىسلام ئىبادەتلىرىگە رىئايە قىلىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرۇشتى. ئەگەر ئۇلار ئىسيان كۆتۈرۈش ئەھۋاللىرىنى سېزىپ قالسا دەرھال ئەرەب مەمۇرلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ چاقار ئىدى. جۇمە كۈنى قۇتەيبە مەسچىتىگە نامازغا كەلگەن كىشىلەرگە ئىككى دىرھەمدىن مۇكاپات تارقىتاتتى. رېگىستاندا بىنا قىلىنغان بۇ مەسچىتتە قىيام، رۇكۇ، سەجدىلەر ئەركانى ئىبادەتكە، يەنى ئىمامغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلاتتى. ئىبادەت دۇئالىرى، قۇرئان ئايەتلىرى ئەرەبچە ھەتتا پارسچە ئوقۇلاتتى. كونا دىن تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىگە تېڭىلغان دىنغا بىرقانچە ۋاقىتقىچە قارشى تۇرۇشتى. مۇشۇ زامانغا ئائىت ئەدەبىي-تارىخ مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇخارا مۇسۇلمانلىرى ئۈچ يىل مابەينىدە مەسچىتكە بارغاندا يانلىرىغا قورال ئېلىپ يۈرۈشكەن. يەرلىك خەلقلەرگە بولسا ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقان بولسىمۇ، قورال ئېلىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمىغان. ئىككى ئارىدا پات - پات كېلىشمەسلىكلەر چىقىپ تۇرغان. بەزى مەنبەلەردە بۇخارانىڭ سەھرالىقلىرى كۆپرەك قارشىلىق قىلغانلىقلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇلار مەسچىتكە تەكلىپ قىلىنغاندا تاش بىلەن جاۋاب بېرىشكەن. بۇ مۇئامىلە ئەرەبلەرنى غەزەپلەندۈرگەن شۇ سەۋەبتىن ئۇلار سەھرالارغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلىپ مال - مۈلۈكلىرىنى تالان - تاراج قىلىشقان. ئۆيلىرىدىكى ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرىنى مەسچىتلەرنى ئەمىنلەشكە ئېلىپ كېتىشكەن. نارشاھىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە مەسچىتلەرنىڭ ئىشىكلىرى تۈرلۈك رەسىملەر ۋە بۇتلار بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى بۇ تەسۋىرلەر بۇ ئىشلار سۈننىي مۇسۇلمانلىرىغا تەشۋىش سېلىپ، ئۇچيۈز يىلغىچە داۋاملاشقان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەدبىرلەر كۈتكەندەك نەتىجە بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇخارا شەھىرىنى يەرلىك ئاھالىنىڭ قولىدىن پۈتۈنلەي تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئەرەبلەر ئۆز ئارا بۆلۈشۈۋېلىپ باشقۇرۇشقان. شەھەرنىڭ دەرئەتتاران بىلەن قەلئەدە دەرۋازىسىنىڭ ئارىلىقى ناسىرىلارغا، ئىككىنچى قىسمى يەمەنىيلارگە بېرىلگەن. باشقىلارغا بولسا قەلئەنىڭ تاشقىرىدىن ئورۇن بېرىلگەن. مەسچىت سۈپىتىدە قايتا قۇرۇلغان نامازا كالساسى (چىركاۋى) مۇشۇ يەردە بولغان.

ئەرەبلەر سەمەرقەندىمۇ ئەلگە نىسبەتەن ئاشۇنداق شىددەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى. بۇ يەردىمۇ خەلقنى ئۆزىنىڭ قورال - ئەسلىھەلىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. تەبەرىينىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ئەجنەبىيلەر ھەم سىرتتىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ قوللىرىنى مەلۇم ۋاقىتقىچە مۆھۈرلەپ قويىدىغان بولۇشقان. كېچىدە رۇخسەتسىز چىققان كىشىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. قۇتەيبە توغرۇلۇق سۆزلەيدىغان بولساق، ئۇ بۇخارادا يېڭى تەرتىپلەرنىڭ قاتتىق ئۆزلىشىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، شەرقنى ئىستېلاھ قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ھىجرىيە 93 (مىلادىيە 711)- يىلى فەرغانىغا، ھازىرقى قوقەند خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىگىلىدى. قەدىمقى يول بىلەن چوڭقۇر كېچىكتىن ئۆتۈپ، تۈركىستاننىڭ شەرقىغە بىزنىڭ ئېيتىشىمىزچە تۈركىستان چېنىغا سەپەر قىلدى. بۇ يەردە كىچىك ئۇيغۇر خانلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ ئۇلار ئۈستىدىن ئاسانلا غەلىبە قازاندى. گەرچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شىمالىي جۇڭغارىيىدىن قالماق ئەسكەرلىرىنى ياردەمگە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ قۇتەيبەگە قارشى تۇرالمىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەرەبلەر خەنزۇ ۋىلايەتلىرىگىچە ھۇجۇم قوزغىغان.

قەشقەر، خوتەن، تۇرپانلاردا ئەرەب پەيغەمبىرىنىڭ تەلىماتى خېلى كېچىكىپ تارقالغان. بۇددا ۋە نەسرانىيەت نەچچە ئەسىرلەردىن كېيىنمۇ ئىسلامىيەت بىلەن تەڭ ھالدىكى ئۆز قوۋملىرىنى تاپالمىغان. ئەمما، شۇنىسى ھەقىقەتكى تۈركىستاننىڭ شەرقىدىكى ئاھالە

www.uyghurkitap.com

ئەرەبلەرنىڭ بىرىنچى پەيدا بولغان دەۋرىدە تەگرىتاغلىرى ئەتراپى بۇددا ئۆگىسى بولغان ئەسىردە يۇقىرىدا ئېيتىلغان شەھەرلەردە ئىسلامنى قوبۇل قىلدۇرغانلىقى بىلەن پەخىرلەنگەنىدى.

ئىسلامنىڭ شەرقتە ئەڭ ئاخىرقى سەردى (چېگرىسى) بولغان بۇ يەردىن قۇتەيبە پەرغانە ئارقىلىق مەرۋىگە كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا خەلىپە ۋەلىدنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ يېڭى خەلىپە سۇلايمان بىن ئابدۇلمەلىكتىن خەۋپسىرىشىگە ئاساسى بار ئىدى. ئۇ خەلىپىنىڭ قىساس ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز تەدبىرىنى كۆرۈشكە نىيەت قىلدى ھەم ئاشكارا ھالدا ئىسيان كۆتۈردى. دەرۋەقە بۇ ئىشقا قۇتەيبە ئىشەنچلىك بىلەن كىرىشەلمىدى. لېكىن، يېڭى خەلىپىگە بوي سۇنۇشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن چۈشەندىكى خۇراساننىڭ بەختلىك ئەمىرى بىلەن ئاشكارا ئۇرۇش قىلىش ئورنىغا، ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى ئۆزىنى قوللىغۇچىلارنى مەخپىي ھالدا تەييارلاش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. قۇتەيبە بۇ ئىشقا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلدى. خەلىپىگە ئۇنىڭ ئىسيانىنى مەلۇم قىلغۇچى ئەلچىگە بۇ خەۋەردىن تاشقىرىقى ئىككى مەكتۇپ ئەۋەتتى. بىرىنچى مەكتۇپتا سۇلايمانغا ئىتائەت قىلىشقا قارشىلىق بىلدۈرۈلدى. ئىككىنچى مەكتۇپتا يەزىد بىن مەھلەپنى ھاقارەتلەپ، ئەگەر ئۇنى خۇراسانغا ئەمىر قىلىپ بەلگىلەنسە ئىسيان كۆتۈرىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. قۇتەيبە يەزىدبىن مەھلەپنى ئۆزىگە قارىتا رەقىپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭدىن بەكمۇ قورقاتتى. يەزىدنىڭ ھەر دائىم خەلىپىنىڭ يېنىدا تۇرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ قۇتەيبە ئەلچىگە بۇيرۇپ: «ئالدى بىلەن خەلىپىگە بىرىنچى مەكتۇپنى تاپشۇرغىن، ئەگەردە مەكتۇپنى ئىبن مەھلەپكە بەرسە، ئىككىنچى مەكتۇپنى تاپشۇرغىن، يەزىد ئۇنى وقۇسا، شۇ ھامان ئۈچىنچى مەكتۇپنى بەرگىن». ئەلچى خەلىپىنىڭ ھوزۇرىدا ئىبن مەھلەپنى كۆردى ۋە بۇيرۇق بويىچە ھەرىكەت قىلدى. سۇلايمان ھېچ ئىش بولمىغاندەك سۈكۈت قىلىپ، ئەلچىنى ھۆرمەت بىلەن كۆزەتتى. ئەلچى قايتىپ كەلمەستىن بۇرۇن قۇتەيبە ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقانلىقتىن ئىسيان ئېلان قىلدى. لېكىن، قۇتەيبە ئۆزىگە شانلىق غەلىبىلەرنى كەلتۈرۈپ بېرىپ، نۇرغۇن بايلىق توپلاپ بەرگەن ئەسكەرلىرى ئۈستىدە خاتالاشتى. ئەگەر ئۇ ئۆز بۇرادىرى ئابدۇراخماننىڭ مەسلىھىتىگە ئاساسەن ماۋەرا ئۇننەھرىگە كېتىپ، مۇستەقىل پادىشاھلىق قۇرغان بولسا، بۇ جايلاردا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان خوتۇن پەرەستلىك ماجرالىرىدىن پايدىلىنىپ ئەلۋەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولاتتى. قۇتەيبە بولسا ئۆز ئەسكەرلىرىگە ئىشىنىپ مەرۋىدە تۇرۇپ قالدى. ئېغىر شارائىتتا ئۇ ئەسكەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خۇراسان ئەمىرلىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باشقۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، خەلىپە زامانىدىكى تەرتىپسىزلىكلەر ۋە بەختسىزلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلەرگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگەن چاغدا ئۇلارنىڭ ناھايىتى قاششاق ھالدا ئىكەنلىكى كېيىن ئېران ۋە توران خانلىقلىرىنىڭ خەزىنىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ باي بولۇپ كەتكەنلىكلىرىنى سۆزلىدى. ئۇنىڭ قىلغان ۋەز ـ نەسىھەتلىرى نەتىجە بەرمىدى. ۋەقىئە بىن ئەبۇ ئەسۋەت ھەمدە ھىيان بىن ئىياس رەئىسلىكىدىكى ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان قىلىش ھەرىكىتىنى تىزلەشتۇردى، خالاس. ئۇ ئۆزىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلۈشىنى بىلگەندىن كېيىن، ھىيانى ئۆلتۈرۈشكە قارا قىلدى. لېكىن، شۇ ھامان ھەممىسى ئۇنىڭغا قارشى ھۇجۇم قوزغىدى. نەتىجىدە ناھايىتى چوڭ ئېلىشىشلاردىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن، ئۇنىڭغا سادىق ۋە سارايىنى ھىمايە قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى، قەتل قىلىندى. ئىسلام دىنى ئۈچۈن يىراق شەرقتە ناھايىتى زور ۋە كۈچلۈك مەملىكەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن، زەرش دىنىگە (قۇدۇسسىيە ۋە

نەھراندىكى جاراھەتلەر بەدىلىگە) ئەڭ ئاخىرقى زەربىنى بەرگەن، بۇ يەرلەردە ئىسلامنى يەرلەشتۈرگەن بىر مۇجاھىد كۆزىنىڭ قەھرىمانلىقى بىلەن تونۇلغان ھاياتىنى قىرىق يەتتە يېشىدا ھىجرىيە 98 (مىلادىيە 714)- يىلى قەمەرىيە يىلىنىڭ 12 - ئېيىدا شۇ تەرىقىدە ئاياغلاشتۇردى.

## موغۇللار ئىستىلاسى

### ھىجرىيىنىڭ 615 - 621 - (مىلادىيە 1218 - 1226 -) يىللىرى

شەرقىي ئاسىيادا تۈرك ئەللىرىنىڭ ياشايدىغان يەرلىرى شىمال مۆھىتىنىڭ بوز ساھىللىرىدىن جەنۇبقا، ئادرىياتىك قىرغاقلىرىدىن شەرىققە سوزۇلىدۇ ۋە غوبى (موغۇل تىلىدا «سەھرا» دېگەن مەنىدە) چۆلگە تۇتىشىدۇ. شۇ ئورۇندا تارىخ ئىستىلا قىلمىغان قەدىمدىن بۇيان موغۇل قوۋمى ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇلار قىياپەت ۋە تىل جەھەتتىن تۈركلەرگە قىرىنداش ئىدى.

موغۇللار چۆلنىڭ ئۆزگىرىشچان تەبىئىتى ئىچىدە نامراتلىق بىلەن ھايات كەچۈرەتتى. پۈتۈن دۇنيادىن يىراق ۋە خەۋەرسىز ھالدا ياشايتتى. ئەمما، ئۇلارغا ھەمجىنىس (كېلىپ چىقىشى ئوخشاش بولغان) تۈركلەر بىرنەچچە ئەسىرلەردىن بېرى غەربىي ئاسىيانىڭ ھاياتىغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

مۇشۇ خەلق ئارىسىدا ھىجرىيىنىڭ 549 - (مىلادىيىنىڭ 1154 - ) يىلىدا دۇنياغا بىر قەھرىمان تۇغۇلدى. بۇ قەھرىماننىڭ ئىسمى تېمۇرچىن بولۇپ، تۆمۈرگە ئوخشاش مۇستەھكەم، قەتئىي باتۇر ۋە ئىنتايىن شۆھرەتپەرەس ئىدى. شۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇ ۋەتەنداشلىرىنىڭ توپلانغان ۋە ئىپتىدائىي تەبىئىتىدىن پايدىلىنىپ، كۆچ توپلاپ، قەدىردان يايلاقلىرىدىن سىرتقا قاراپ شىددەت بىلەن ئىنتىلىپ، پۈتۈن ئاسىيانى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى. ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بەزى غارايىپ قىسسىلەردە ساقلىنىپ كەلدى. ئۇ جاھان تارىخى مەيدانىغا قىرىق يېشىدا چىقتى. ئۆزىنىڭ قوۋمداشلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ، تۈرك خانلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا غالىبانە ھەرىكەت قىلىپ چىڭگىزلەقىمىگە ئىگە بولدى. چىڭگىز بەقۇۋۋەت، تازا دېگەن مەنىلەرگە ئىگە ئىبارىدۇر.

چىڭگىزنىڭ دەسلەپكى قېتىم كۆزگە كۆرۈنگەن ئاساسىي دۈشمىنى ئۇڭخان بولۇپ، ئۇ كېرەيىت قەبىلىسىنىڭ خانى ئىدى. چىڭگىز ھىجرىيىنىڭ 599 - (مىلادىيىنىڭ 1202 -) يىلىدا ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈرك قەبىلىلىرىدىن ئويرات، قونغىرات ھەم نايمان قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. بۇ قەبىلىلەر موغۇللانىڭ غەربىي تەرىپىدە ياشاپ، قىسمەن بۇددا ۋە ناسىراتىيلار قىسمەن مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ تۇرغاچقا مەدەنىيەت جەھەتتىن موغۇللاردىن يۇقىرىراق ئىدى، لېكىن ھەربىي جەھەتتە موغۇللاردىن چىڭگىز نىزامى بىلەن مەشىق قىلدۇرۇلغان ئەسكەرلەردىن كۆپ ئارقىدا قالغانىدى، دۇنيانى تىترەتكەن موغۇلنىڭ ئاساسىي سىياسىتى شۇنداق ئىدىكى: مەغلۇپ قىلىنغان قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئەسكەرلىرىگە قوشۇۋېلىش، «ياساق دەپتىرى (قانۇنلار مەجمۇئەسى)» نى تەتبىق قىلىپ ئۇنى ئۆز ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قورال قىلىش ھەممە ئىشتا غەلىبە قىلىش ۋە يېڭى غەلىبىلەرنى ئىزدەش، مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئاز - ئازدىن ئېرىشىمۇ، لېكىن مۇستەھكەم، ئىشەنچلىك بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ھىجرىيە 603 - (مىلادىيە 1206 -) يىلىغىچە غوبى سەھراسىدىكى ھەممە قەبىلىلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، قارا قورۇم قەلئەسىنى پايتەخت قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ قوۋمنىڭ شەرق تارمىقىدىن چىڭگىز ئۆز بەدەۋلىرىگە دىن ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ئۈچۈن يېزىق قوبۇل قىلدى. چىڭگىز ۋە ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


يېقىنلىرىنىڭ سۆھبەتداشلىرى، مىرزىلىرى ۋە باشقا مولكى مەمۇرلىرى ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. بۇ شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ خانى ئۇيغۇرچە «ئىدىقۇت»، يەنى سائادەتبەك دەپ ئاتىلاتتى. چىڭگىز خىتايغا قارشى سەپەردە ئۇنىڭ ساداقەتمەن دوست ئىكەنلىكىنى سىناپ كۆرگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت كۆرسەتتى. ماۋەرا ئۇننەھرگە يۈرۈش قىلغاندىمۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىدىن پايدىلاندى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىك خەلقى تېخى مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى. ئەمما، چىڭگىزنىڭ غەربىي ئۇيغۇرلارغا يەنى قەشقەر ھەم خوتەن تۈركلىرىگە مۇناسىۋىتى باشقىچە ئىدى. غەربلىكلەر مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلار قاراخانىيلارنىڭ كۈچلۈك ئىدارە قىلىشى ئاستىدا بىرلەشكەنلىكى ئۈچۈن چىڭگىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. لېكىن، قاراخانىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قىتان (كىدان، قارا خىتاي) لاردىن كۈچلۈك خان تەختىگە چىقىپ ئۆزىنىڭ ئىسلامغا قارشى ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغىغانلىقتىن يېقىندىلا خىتاي سەپىرىدىن زەپەر قۇچۇپ قايتقان چىڭگىز ئۆزىنىڭ نەزىرىنى غەربكە قارىتىشقا پۇرسەت پىشىپ يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

سەردار — چايۇللا رەھبەرلىكىدىكى موغۇل ئەسكەرلىرى كۈچلۈك خانغا ھۇجۇم قىلدى. خاننىڭ ئىتتىپاقچىلىرى ئىغىر مېنۇتلاردا ئۇنى تاشلاپ قويدى. ئۇ يېڭىلىپ بەدەخشان تاغلىرىغا پاناھلانغان بولسىمۇ ئاخىر قولغا چۈشۈپ، تەسلىم بولدى. شىمالدا ئالمالىق ئېلەتىنىڭ خانى ئارسلانخان كۈچلۈككە دۈشمەن ئىدى. ئۇمۇ موغۇللارغا تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈردى. چىڭگىز غوبى سەھراسىنىڭ شەرقى چېگرىسىدىن تەڭرى تېغى تىزمىلىرىنىڭ غەربىي ئېتەكلىرىگىچە ھاكىم ئىدى. بىرقانچە شەھەرلەر، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار، كۆپلىگەن ۋەھشىي ئۇرۇشقاق كىشىلەر ئۇنىڭ خوجايىنلىقىدا ئىدى. ئەگەردە ئۆتكەن بابتا سۆزلەنگىنىدەك خارەزمشاھ سۇلتان مۇھەممەت بىلەن ئوتتۇرىدا ئاداۋەت پەيدا بولمىغان ھالەتتىمۇ چىڭگىز ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك غەلىبىلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى، بايلىقى، يۈكسەكلىكى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەملىكەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمدارى قۇدرەت ۋە شەۋكەت بابىدا چىڭگىزگە تەڭ رەقىپ، لاياقەتلىك دۈشمەن ئىدى.

ئاقىۋەتتە ھىجرىيىنىڭ 615 – (مىلادىيىنىڭ 1218 – ) يىلى موغۇل جاھانگىرى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى ھەم ئەسكىرىي باشلىقلىرى – چاغاتاي، ئوقتاي ۋە جوجى بىلەن خارەزمشاھقا قارشى يۈرۈش قىلدى. ئومۇمىي ئەسكىرى ئالتە يۈز مىڭغا يېتەتتى. يەنە ئۇنىڭغا ئۇيغۇر خانى ئىدىقۇت ۋە ئالمىلىق ھۆكۈمدارى سىغناق تېگىن ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇلغانىدى. ئۇ قەدىمقى يول بىلەن ئىلى جىلغىسى بويىدىن مېڭىپ، شىمالىي پەرغانىدىن ئۆتۈپ، ئوترار ئۇستىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ شەھەر ئالدىدا پۈتۈن ھەربىي كۈچلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنى تەرەپ – تەرەپكە ئەۋەتىش مەقسىتىدە بولدى: بىر قىسمىنى ئوغۇللىرى چاغاتاي ھەم ئوقتاي رەھبەرلىكىدە بۇ يەردىكى خەلقنى بېسىپ تۇرۇش ئۈچۈن قالدۇردى. ئىككىنچى ئوردىغا جوجى باشلىق قىلىنىدى. ئۇ قىزىلقۇم سەھراسى ئارقىلىق جاندكە ئەۋەتىلدى. ئۈچۈنچى قوشۇن بەش مىڭ كىشىلىك ئالاقنويان ۋە سىنتوبۇقا نامىدىكى سەرھەڭلەر قوماندانلىقىدا سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرەپ قىرغىقى بىلەن بىند كەنتىكە قاراپ ھەرىكەت قىلدى. چىڭگىزنىڭ ئۆزى مۇنتىزىم ئەسكەرلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزى — بۇخاراغا قارشى ھەرىكەت باشلىدى. بىز ئوتتۇرا ئاسىياغا خۇددى شىددەتلىك بوراندەك ھەرىكەت باشلىغان بۇ تۆت فىرقە قوشۇن تەۋسىپىنى ئوتراردىن باشلايمىز.

ئوترار چېگرا قەلئەسى ئىدى. قەلئە نائىبى قائىرخان رەھبەرلىكىدە ئەللىك مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بار ئىدى. سۇلتان مۇھەممەتنىڭ يوشۇرۇن ۋەزىرى قاراجى

قوماندانلىقىدا بولارغا يەنە ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن قوشۇلدى. شەھەردە قۇدرەتلىك ھىمايىچى كۈچى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ تارىخچىلارنىڭ نەقىل كۆرسىتىشىگە قارىغاندا، موغۇللار شەھەرنى قامال قىلىشى بىلەن مۇسۇلمانلار ساراسىمىگە چۈشكەن. بۇ دەسلەپكى تەسىراتلارغا قارىغاندا شەھەرنى بەش ئايغىچە مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇش ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئىدى. ئەگەر ئىككى قوشۇن باشلىقى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولمىغاندا قامال قىلىشقا نىسبەتەن قارشىلىق يەنىمۇ داۋام قىلىشى مۇمكىن ئىدى. قائىرخان ئۆزىنى چىڭگىزنىڭ پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرۈشتە جاۋابكار ھېس قىلىپ، چىڭگىز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مايىللىق بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا كۆز قاراشتىكى شېرىكلىرىدىن ئايرىلىپ، كېچىدە ئۆز قوشۇنى بىلەن موغۇللارغا تەسلىم بولدى. ئىككىنچى كۈنى كېچىدە ئۇ چىڭگىز ئوغۇللىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىلدى. ئۇلار بۇنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەپ، ئۇنىڭغا: «سەن ئۆزۈڭنىڭ پادىشاھىڭنى، ۋەلىنېمىتىڭنى① خائىنلارچە تەرك ئەتكەن تۇرساڭ، بىز سېنىڭدىن قانداق ساداقەت كۈتەلەيمىز» دېيىشتى. ئۇنى بارلىق تەرەپدارلىرى بىلەن بىرلىكتە قەتل قىلدى.

قائىرخان ئۈمىدسىز ئارسلاندەك داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئەللىك، ئەللىكتىن بولۇپ، قەلئەدىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىپ ھالاك بولدى. قائىرخان يېنىدىكى ئاخىرقى ئىككى نەپەر مۇھاجىددىن ئايرىلغاندىن كېيىن قەلئە تاملىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇ يەردىن غىشتىلارنى قومۇرۇپ ئېلىپ، قىساسكار دۈشمەنگە قارىتا ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇردى. دۈشمەنلەر قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈشكە قارار قىلدى. ئاخىر ئۇنىڭ ئوقلىرى تۈگىدى، ئۇ دۈشمەن تەرىپىدىن قورشىۋېلىپ قولغا چۈشتى. ئۇ سەمەرقەندتىكى «كۆك ساراي» دا ئۆلتۈرۈلدى. ئوقتاي ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ مالغا ھېرىسمەنلىكى سەۋەبىدىن قۇربان بولغان بىچارە سودىگەرلەرنىڭ ئۆچى ئېلىنىپ، قۇلاقلىرىغا ئېرىتىلگەن كۈمۈش قۇيۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

شۇنداق قىلىپ تۈركىستاننىڭ شەرقىي شىمال قەلئەسى ئوترار موغۇللارنىڭ قولىغا ئۆتتى. موغۇللار بۇ شەھەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئاھالىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. ئاخىر جەنۇب تەرەپكە سەمەرقەندگە قاراپ يۈرۈش باشلىدى.

جەندقا قارشى جوجىمۇ شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەرىكەت باشلاپ ئالدى بىلەن سىغناققا ھۇجۇم قىلدى. بۇ شەھەر سەھرانىڭ غەربىدە ئىدى، ئۇ جەندتىن ئېقىپ چىققان دەريا سۈيى بىلەن سۇغىرىلاتتى. موغۇللار ئۇ يەرگە ھەسەن ھاجى دېگەن بىر كىشىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى. شەھەر كىشىلىرى ئەلچىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭدىن جوجى قاتتىق غەزەپلىنىپ، شەھەرگە دەرھال ھۇجۇم قىلىشنى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئادىمىگە قەدەر ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇق قىلدى. سىغناق خارابىسىدە ھەسەن ھاجىنىڭ ئوغلىنى قالدۇرۇپ، ئۆز كەنتكە كەتتى. بۇ شەھەر ئىختىيارىي رەۋىشتە تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئەشنازغا يول ئالدى ۋە ئۇنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جەندگە يۈرۈش قىلىپ، ھىجرىيىنىڭ 616 – (مىلادىيىنىڭ 1219 –) يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 4 – كۈنى شەھەرنىڭ قارشى تەرىپىدە لەشكەرگاھ قۇردى. موغۇللارنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى شەھەر ئاھالىسىنى چوڭ تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. جەندنائىبى قۇتلۇقخان قورقىنىدىن خارازمغا چېكىنىپ، شەھەرنى پۈتۈنلەي باشباشتاقلىق ھالىتىدە قالدۇردى. جوجىنىڭ ئەلچىسى چىن

---

① ئالىي ھىممەتلىك، سېخى ئادەم مەنىسىدە، ئىككىنچى بىر خىل مەنىسى ئۆزىگە قاراشلىق كىشىلەرنى، ماددىي جەھەتتىن تەمىنلەپ تۇرغۇچى، ئۇلارغا نېمەت بەرگۈچى شەخس

www.uyghurkitap.com

تېمىر شەھەر سېپىلى يېنىغا كېلىپ، ئاھالىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، مۇداپىئەنىڭ پايدىسىزلىقى ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن پۈتۈنلەي خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ھەسەن ھاجىنىڭ ئاقىۋىتىدەك كۈنگە چۈشۈپ قېلىشقا ئاز قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەدبىرچانلىقى بىلەنلا ئامان قالدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن موغۇل ئەسكەرلىرى مەنچاناقلار (تاش ئاتىدىغان قورال) نەرۋانلار (سېپىل ئۈستىگە چىقىشتا ئىشلىتىلىدىغان شوتا ئورنىدىكى قورال) بىلەن كېلىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ھازىرلاندى. ھېكايە قىلىنىشىچە، شەھەردىكى لەشكەرلەر مۇداپىئەگە شۇنچىلىك پايدىسىز ئەھۋالدا پاسسىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، موغۇل ئەسكەرلىرى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ بولغان ۋاقىتتا خۇددى تاماشا كۆرگۈچىلەردەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. يوشۇرۇنۇپ ھۇجۇم قىلغۇچى موغۇللار توپلىشىپ كېلىپ ئەسكەرلەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى. شەھەرنى تالان – تاراج قىلىپ خارابىلىككە ئايلاندۇردى. ئاھالىنىڭ قوراللانغان قىسىملىرىنى قىرىپ تاشلىدى. سولىھ تۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ئاھالە ۋەكىللىرىنى شەھەر سىرتىدا توققۇز كۈن قاماپ قويغاندىن كېيىن چىقىرىۋەتتى.

جوجى ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ غەربىي قىسمىنى ئامۇ ۋە سىر دەريا بويلىرىدىكى سولھىچى ئاھالىنى خارەزمدىكى ماھىر ھەربىيلەردىن ئايرىپ تاشلىغان ۋاقىتتا، . ئالاق نويان ۋەسىنتۇ بۇقا قاتارلىق سەردارلار بەش مىڭ كىشىلىك بىر كىچىك قوشۇن بىلەن بىنكەنى ھەم خوجەند ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا بىنكەنە ئەمىرى ئېلىرخۇ ئىدى. ئۇ قاڭقىل قەبىلىسىدىن توپلانغان ئەسكەرلىرى بىلەن تۆت كۈن مۇداپىئەدە تۇرغاندىن كېيىن ئاخىر تەسلىم بولدى. جەندتە يۈز بەرگەن پاجىئە بۇ شەھەردىمۇ يۈز بەردى. يەنى ئۇنىڭ قوراللىق ئاھالىسى قېلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. قالغانلىرى قۇل قىلىندى ياكى موغۇل ئەسكەرلىرىگە قوشۇۋېلىندى.

ئۇنىڭدىن كېيىن خوجەندكە نۆۋەت كەلدى. بۇ قەلئە سىر دەريانىڭ ئىككى تەرىپىگە بۆلۈنگەن جايىغا قۇرۇلغان. ئۆزىنىڭ تەبىئىي جايلىشىشى قەلئە ھاكىمى تېمۇر مەلىكنىڭ قەھرىمانلىقى بىلەن خوجەندلىكلەر موغۇللارغا كۆتۈلمىگەن قارشىلىقلارنى كۆرسەتتى. قامال قىلىشقا يىگىرمە مىڭ موغۇل، ئەللىك مىڭ قۇل قاتناشتى. بۇ قۇللار ئېغىر ئەمگەكلەردە ئىشلىتىلگەندىن كېيىن بىرەر موغۇلنىڭ ۋاسىلىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار تاغدىن ئۈچ مىل مۇساپىگىچە تاش توشۇشقا مەجبۇر قىلىندى. قەلئەنى قامال قىلغۇچىلارغا ئالانقۇ باشچىلىق قىلاتتى. ئۇ قەتئىيلىك بىلەن بىرەر ئىش قىلالمىدى. تېمۇر مەلىك توغرىسىدا تارىخچىلار ھەقلىق رەۋىشتە: «ئەگەر رۇستەم تىرىك بولغىنىدا ئىدى، مەلىكگە خادىم بولۇشقىلا يارىغان بولاتتى» تېمۇرنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. . ئۇ ئون ئىككى كېمە تەييارلاشنى بۇيرۇدى. كېمىلەرنى دۈشمەننىڭ ئوتى ھەم ئوقىدىن ئاسراش ئۈچۈن يۇڭدىن نەمەت كىگىزلەر بىلەن قاپلاپ سىركىلىك لاي بىلەن سۇۋاپ چىققاندى. ئۇنىڭ بىلەن ساھىلغا خەۋپسىز يېتىۋېلىپ دۈشمەنلەرنى ئوققا تۇتالايتتى. تېمۇر شەھەرنى شۇ تەرىقىدە ئۇزۇنغىچە مۇداپىئە قىلدى. لېكىن، دۈشمەن بىلەن ئۇزۇنغىچە قارشىلىشىش پايدىسىز ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، مال – مۈلكىنى يەتمىش كېمىگە قاچىلاپ، ئېقىمغا قارشى ئۈزۈپ كەتتى. جەند ئارقىلىق سەھراغا ۋە ئۇيەردىن خارەزمگە بارماقچى بولدى. ساھىلدىن موغۇللارنىڭ تەقىپى ئاستىدا ئاجايىپ ھالدىكى دەريا سەپىرىنى داۋام قىلدۇردى. بىكەند توغرىسىدا دەريانىڭ ئۇ ساھىلىدىن بۇ ساھىلغا زەنجىر قارىتىلغانىدى. تېمۇر ئۇنى بىر زەربە بىلەن ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن «بار قايىق كەتتى» قابىلدە ساھىلغا چىقتى. ئۇنىڭ ساھىلدىكى جەڭلىرى ھەققىدە ئاجايىپ ھېكايىلەر مەيدانغا كەلدى. ئاخىر خارەزمگە ئامان – ئېسەن يېتىپ باردى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# چۆچەكلەر

## سۇمبۇل قۇش

قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بولغانىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئوغۇللىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— باللىرىم، ئۈچۈڭلار شىكارغا چىقىپ سۇمبۇل قۇش ئۇۋلاپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

باللارنىڭ ھەربىرى ياخشى ئاتلاردىن بىردىن مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئۇلار بىر چوڭ يول بويىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ، كىم قايسى يولغا بېرىشنى مەسلىھەت قىلىپ تۇرسا، بىرىنىڭ كۆزى بىر خەتكە چۈشۈپتۇ. ئوقۇپ باقسا «بارسا كېلەر يول»، «بارسا كەلمەس يول»، «بارسا كېلەر يا كەلمەس يول» دەپ يېزىلغانىكەن. ئاكا - ئۇكىلار كۆپ تالاشماستىن چوڭى بارسا كېلەر يولغا، ئوتتۇرانچىسى بارسا يا كېلەر يا كەلمەس يولغا، كىچىكى بارسا كەلمەس يولغا مېڭىپتۇ. ئۇلار: «ھەممىمىزنىڭ ئامىتى كەلسۇن، سالامەت كۆرۈشەيلى!» دەپتۇ - دە، يولغا بۆلۈنۈپتۇ.

ئىككى ئاكىسى يول يۈرىۋەرسۇن، گەپنى كەنجىسىدىن ئاڭلايلى:

كەنجى بالا بىر يەرگە بارسا، قىرىق دىۋە بەزمە قۇرۇپ ئولتۇرغانمىش. ئۇلار بالىنى كۆرۈش بىلەنلا «مەن يەيمەن!» «مەن يەيمەن!» دەپ ئوتتۇرىغا ئېلىۋاپتۇ. كەنجى بالا شۇ يەردە ئاتىسى بەرگەن قىرىق پاتمانلىق يايىنى بىر ئايلاندۇرۇپ ئوق ئۈزۈپ، قىرىق دىۋىنى بىر - بىرىگە يېپىشتۇرۇپ قويۇپتۇ - دە، يەنە يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، بىر پادىشاھنىڭ شەھىرىگە بېرىپتۇ. بۇ يۇرت پادىشاھىنىڭ بىر گۈزەل قىزى بار بولۇپ، دىۋە شۇ قىزنى ئېلىش ئۈچۈن ھەركۈنى بىر ئادەمنى ئېلىپ كېتەر ئىكەن. پادىشاھ قىزىنى دىۋىنىڭ ئېلىپ كېتىشىنى ئويلاپ غەم قىلىۋېرىپ، چاچ - ساقىلى ئاقىرىپ كەتكەنىكەن. كەنجى بالا بۇ ماتەمنى كۆرۈپ ئىنتايىن قايغۇرۇپتۇ. ۋە بىر چالدىن:

— ئاتا، ئېيتىڭا، دىۋە ئېلىپ كەتكەن ئادەمنى قەيەردە يەيدۇ؟ — دەپتۇ. چال كەنجى بالىغا دىۋە ئادەمنى يەيدىغان جاينى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. كەنجى بالا بېرىپ قارىسا، بىر ئادەم باغلاقلىق تۇرغۇدەك، بالا دەرھال ئۇ كىشىنى بوشىتىپ، ئۆزى شۇ ئادەمنىڭ ئورنىدا قولىغا ئالماس قىلىچنى ئېلىپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا يەر - يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، كۈچلۈك سەل يېغىپتۇ - دە، بىر دىۋە كېلىپ كەنجى ئوغۇلغا چاڭ ساپتۇ. كەنجى بالا بوش

كەلمەي، دېۋىنىڭ قولىغا بىر قىلىچ ئۇرۇپ، تۆت بارمىقىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. دېۋىنىڭ قەھرى كېلىپ كەنجى بالىغا يەنە ھۇجۇم قىپتۇ. بالا قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دېۋىنىڭ بېلىگە ئۇرۇپتۇ. ئۈچ كۈن ئېلىشىپتۇ. ئاخىر بالا دېۋىنى يېڭىپ، كاللىسىنى ئېلىپ، دېۋىنىڭ بېشىنى ئويناپ مېڭىپتۇ. ۋەقەدىن خەۋەردار بولغان شەھەر ئادەملىرى بالىنىڭ كۈچ قۇدرىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ ـ ۋەزىرلەر، ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ كېنىزەكلىرى، قىزلىرى، ئوغۇللىرى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. نۇرغۇن قىزلار ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ. يۇرتنىڭ پادىشاھى:

— سەن يۇرتۇمنى ماتەمدىن قۇتقۇلدۇردۇڭ، سەن بۇ يۇرتنىڭ باھادىرى بولدۇڭ، مەن سەن ئۈچۈن قىرىق كۈن توي بېرەي، — دەپتۇ.

— قۇللۇق، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل.

شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ قىزى ئۇ بالىنى ماراپ تۇرغانىكەن، ئۇنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئاتىسىغا:

— ئاتا، شۇ بالىنى ماڭا بېرىڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— بۇ يىگىت كۆيئوغۇللۇققا لايىق ئىكەن، قىزىم دېگىنىڭدەك بولسۇن، — دەپ قىزىنى كەنجى بالىغا نىكاھلاپ بېرىپ، يەنە قىرىق كېچە كۈندۈز توي بېرىپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بالىنىڭ ئېسىگە سۇمبۇل قۇش ۋە ئاكىلىرى كېلىپ، غەمكىن ئولتۇرسا، مەلىكە كىرىپ ئۇنىڭغا:

— مەندىن باشقا يارىڭىز بار ئوخشايدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بالا غەزەپلىنىپ:

— سېنىڭ دەردىڭ يار، مېنىڭ دەردىم ئاتا ـ ئانام، ئاكىلىرىم، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. مەلىكە پۇشايمان قىلىپ، يىگىتتىن ئەپۇ سوراپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت:

— مەن سۇمبۇل قۇشنى ئىزلەپ يۇرتۇمدىن چىققانمەن. ماڭا بۇ يەردە ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇش ھارام، — دەپتۇ.

— سۇمبۇل قۇش قىرىق كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر باغدا. ئۇ يەردە بىر قاراۋۇل بار. قاراۋۇلنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن سۇمبۇل قۇشنى تۇتۇپ بېرىشنى سورىسىڭىز، تۇتۇپ بېرىدۇ، — دەپتۇ مەلىكە.

كەنجى بالا سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. قىرىق كۈن يول يۈرۈپ، مەلىكە ئېيتقان باغقا يېتىپ كەپتۇ. باغنىڭ ئەتراپىنى قىرىق قېتىم ئايلىنىپمۇ كىرەلمەپتۇ. ئاخىر، بىر كېچىسى باغنىڭ بىر يېرىدىن ئىشىك ئېچىلىپ باغنىڭ قاراۋۇلى چىقىپتۇ. بالا دەرھال قاراۋۇلنى تۇتۇۋېلىپ:

— يا سۇمبۇل قۇشنى تېپىپ بەر، يا جېنىڭدىن ئۈمىد ئۈز، — دەپتۇ.

قورققىنىدىن قاراۋۇلنىڭ يۈزىدىن قان قېچىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھوشىغا كەلسە، ھېلىھەم بالىنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئىكەن.

— تۇتۇپ بېرەي، — دەپتۇ قاراۋۇل. شۇنىڭدىن كېيىن سۇمبۇل قۇشنى تۇتۇپ كەنجى بالىغا بېرىپتۇ. كەنجى بالا قاراۋۇل بىلەن خوشلىشىپ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئەمدى گەپنى مەلىكىدىن ئاڭلايلى:

كەنجى بالا كەتكەندىن كېيىن مەلىكە ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كۆزى تېشىلەي دەپتۇ. تۆت ئاي بولغاندا، كەنجى بالا سالامەت يېتىپ كەپتۇ ۋە خوتۇنىغا:

— سەن بۇ يەردە قال، مەن يۇرتۇمغا باراي، ئاتام بىلەن سۆزلىشىپ، قايتىدىن توي

قىلىپ، سېنى ئېلىپ كېتىمەن، — دەپتۇ. مەلىكە ماقۇل بوپتۇ. كەنجى بالا يولغا چىقىپتۇ. ئۈچ ئاچا يولغا كەپتۇ. قارىسا ئىككى ئاكىسى تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئۇلار سۇمبۇل قۇشنى ئەكېلەلمىگەنىكەن. كەنجى بالا ئاكىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، سۇمبۇل قۇشنى كۆرسىتىپتۇ. ئاكىلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ، بىزدىن كىچىك تۇرۇپ بىز قىلالمىغان ئىشنى بۇ قىپتۇ، دەپ ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ كەنجى بالىنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ ئېلىپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ، ئىككى كۆزىنى سۇمبۇل قۇشنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. سۇمبۇل قۇش ناھايىتى ئەقىللىق قۇش بولۇپ، كەنجى ئوغۇلنىڭ ئىككى كۆزىنى قانىتى ئاستىغا يوشۇرۇۋاپتۇ. ئىككى ئوغۇل سۇمبۇل قۇشنى ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

سۇمبۇل قۇش بىر كۈنى پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھ كەنجى ئوغلىڭىز ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ، بىر قۇدۇقتا يېرىم ئۆلۈك ياتىدۇ. ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ، — دەپتۇ، پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال لەشكەر تارتىپ يولغا چىقىپتۇ. سۇمبۇل قۇش ئۇلارنى ھېلىقى قۇدۇق بويىغا باشلاپ كەپتۇ. لەشكەرلەر قۇدۇققا ئارغان تاشلاپ، كەنجى بالىنى تارتىپ چىقىرىپتۇ.

پادىشاھ ۋە لەشكەرلەر قارىسا بالىنىڭ ئىكى كۆزى ئويۇۋېلىنغان. ھەممەيلەن زار - زار يىغلىشىپتۇ. شۇ چاغدا كەنجى ئوغۇلنىڭ خوتۇنى كېنىزەكلىرى ۋە بەش يۈز لەشكەر بىلەن يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە قارىسا ئېرىنىڭ كۆزى ئويۇلغان، مەلىكە زار - زار يىغلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپتۇ. سۇمبۇل قۇش:

— قىساسكارمەن، ئەگەر پادىشاھ شۇ ئىگەمنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويغان باللىرىنى جازالىمىسا، ئىگەمنىڭ ئىككى كۆزىنى بەرمەيمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئىككى ئوغلىنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ سۆرىتىپتۇ. سۇمبۇل قۇش قانىتى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزنى ئېلىپ كەنجى بالىنىڭ كۆزىنىڭ ئورنىغا قويۇپتۇ. كەنجى بالا ئەسلىگە كەپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە قايتىدىن مەلىكە بىلەن كەنجى بالىنىڭ تويىنى قىلىپ بېرىپتۇ. ھەممەيلەن مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

1991 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «كەنجى باتۇر» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# رىۋايەتلەر

توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

## سۇ بېسىپ كەتكەن ئۆيدىكىلەرنىڭ نامراتلىشىپ، ئوت كەتكەن ئۆيدىكىلەرنىڭ بېيىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئۆيلەرنى سۇ بېسىپ كېتىدىغان ياكى ئوت كېتىدىغان ئەھۋال تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدۇ. سۇ بېسىپ كەتكەن ئۆيدىكىلەرنىڭ نامراتلىشىپ، ئوت كەتكەن ئۆيدىكىلەرنىڭ بېيىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت تارقالغان: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بىرەر ئۆيگە سۇ كىرىپ كەتسە، باشقىلار ئۇنى ئۇققاندىن كېيىن، سۇ كىرىپ كەتكەن ئۆيدىكىلەرگە خەيرخاھلىق ۋە ھېسداشلىق قىلىپ، «قۇرۇپ كېتەر، قۇرۇپ قالار» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىدۇ. بىراق، بۇ سۆز سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، سۇدا ھۆل بولۇپ كەتكەن جايلار قۇرۇپ كېتىش بىلەن بىرگە، شۇ ئۆيگە كېلىدىغان ئامەتمۇ «قۇرۇپ» قېلىپ، شۇ ئائىلىنىڭ نامراتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرارمىش مۇبادا بىرەر ئۆيگە ئوت كەتسە، كىشىلەر ئۇۆيدىكىلەرگە خەيرخاھلىق ۋە ھېسداشلىق قىلىپ، خۇدايىم بېرەر» دېگەن سۆزنى ئېيتىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئوت كەتكەن ئۆيدىكىلەرگە ئامەت ئېلىپ كېلەرمىش ھەمدە بېيىپ كېتەرمىش».

## بىر توپ بۇيىنىڭ ئاستىدا يەتتە ئادەم سەگىدەيدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇنقى زاماندا ئادەملەر ناھايىتى ئېگىز ۋە بەستلىك ئىمىش. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا - بارا كىچىكلەپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلگەنمىش. مۇشۇ بويىچە كېتىۋەرسە، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەملەر تېخىمۇ كىچىكلەپ، بىر توپ بۇيىنىڭ ئاستىدا يەتتە ئادەم سەگىدەيدىغان ھالغا كېلىپ قالارمىش.

## قۇشقاچ گۆشى يېگەن ئادەمنىڭ ئۇزۇنغىچە جېنى چىقمايدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇشقاچ زەمزەم سۈيى ئىچىۋالغانمىش. شۇڭا، زەھەرلىك نەرسىلەرنى يەۋالمىسا ياكى سۇنئىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىسىلا، نەچچە ئەسىرلەپ ياشارمىش. قۇشقاچ ئەنە شۇنداق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان بولغاچقا، ئادەملەر قۇشقاچ گۆشىنى

يەپ سالسا، سەكراتقا چۈشۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇزۇنغىچە جېنى چىقماي، قىينىلىپ كېتەرمىش.

## توغراقنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ھەممىگە مەلۇم، توغراق قۇرغاق كىلىماتقا ماسلاشقان دەرەخ بولۇپ، ناچار ھاۋا شارائىتىدىمۇ باراقسان ئۆسىدۇ. ھەتتا ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ياشايدۇ. توغراقنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، خەلق ئىچىدە تۆۋەندىكىدەك رىۋايەت تارقالغان: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر ئادەم زەمزەم سۈيىنى تېپىپ ئالغانمىش. ئۇ ئادەم زەمزەم سۈيىنى بىر قاچىغا ئېلىپ، ئەمدى ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا: «شۇ سۇنى ئىچمىسەڭ بوپتىكەن» — دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغانمىش. ئۇ ئادەم ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىسا، يەردە بىر ئادەم ياتقانمىش. ھېلىقى ئادەم يەردە ياتقان ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. يەردە ياتقان ئادەم ھېلىقى ئادەمگە مۇنۇلارنى دەپ بېرىپتۇ: «مەنمۇ ھېسسىياتقا بېرىلىپ، زەمزەم سۈيىنى مىڭ بىر تەستە تېپىپ ئىچىپ ساپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇن ياشىدىم. تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە قېرىدىم. يەنىلا جېنىم چىقمىدى. قېرىلىقتىن يېتىپ قالدىم. بىر ئورۇندا ئۇزۇن زامانلار يېتىۋەرگەچكە، يەردىن ئۈنۈپ چىققان قومۇش، دەرەخلەر تېنىمنى تېشىپ ئۆتۈپ كۆكلەۋاتىدۇ. جېنىم بەكمۇ قىينالدى. بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال يوق. مېنىڭ ساڭا نەسىھىتىم. شۇ سۇنى ئىچمىسەڭ ھەم ماڭا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قالمىساڭ» دېگەنمىش. ھېلىقى ئادەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، زەمزەم سۈيىنى ئىچىشتىن يالتىيىپتۇ ھەم قاچىسىدىكى زەمزەم سۈيىنى يېنىدىكى توغراقنىڭ تۈۋىگە قۇيۇۋېتىپتۇ. توغراقنىڭ قۇرۇپ كەتمەي، ئۇزۇنغىچە كۆكلەپ تۇرۇشى ئەنە شۇنىڭدىنمىش.

## قۇشقاچنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باشقا جانلىقلارغا قارىغاندا قۇشقاچ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەرمىش. بۇنىڭغا ئۇنىڭ زەمزەم سۈيى ئىچكەنلىكى سەۋەب بولغانمىش. قۇشقاچنىڭ زەمزەم سۈيى ئىچكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت تارقالغان: «بىر ئادەم ئۇزۇن ۋاقىت ئىزدەپ يۈرۈپ، زەمزەم سۈيىنى تاپقانمىش. ئۇ ئادەم زەمزەم سۈيىنى ئەمدى ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا، «شۇ سۇنى ئىچمىسەڭ بوپتىكەن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ، بىر ئادەمنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يەردە ياتقان ئادەم، ھېلىقى ئادەمگە «سەن ئېھتىمال بىلمىسەڭ كېرەك، مەنمۇ ھېسسىياتقا بېرىلىپ، ئۇزۇن يىل ئىزدەپ ئاخىر زەمزەم سۈيىنى تېپىپ ئىچىپ ساپتىمەن. تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە قېرىلىق يېتىپ، يېتىپ قالدىم. پۇت ـ قوللىرىمدىن ماغدۇر كەتتى. ئەمما، زەمزەم سۈيى ئىچىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن جېنىم چىقمىدى. ئورنۇمدىن تۇرالمىغاچقا، يەردىن ئۈنگەن قومۇش» دەرەخلەر تېنىمنى تېشىپ ئۆتۈپ كۆكلەۋاتىدۇ. بەكمۇ قىينالدىم. ئامال يوق. سەنمۇ زەمزەم سۈيىنى ئىچىپ، مەن تارتىۋاتقان ئازابقا قالمىساڭكەن، دەيمەن» دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، زەمزەم سۈيىنى ئىچمەسلىك قارارىغا كەپتۇ، ھەم زەمزەم سۈيىنى يېنىدىكى توغراقنىڭ تۈۋىگە قۇيۇۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا توغراقنىڭ ئۈستىدە قۇشقاچ بار ئىكەندۇق. قۇشقاچ دەرھال ئۇچۇپ چۈشۈپ، زەمزەم سۈيىنى ئىچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇشقاچ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان بولۇپ قالغانمىش.

## ئادەملەرنىڭ مىجەزىنىڭ ھەر خىل بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئادەملەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقى بىر ـ بىرىگە تازا ئوخشاپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن، بەزىلىرى

www.uyghurkitap.com



ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق كېلىدۇ، بەزىلىرى چىشلىگەك كېلىدۇ، يەنە بەزىلىرى تەپكەك كېلىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە خەلق ئىچىدە مۇنداق رىۋايەت تارقالغان: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرى بىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنيالىقتا بىر تاللا قىزى بولغانىكەن. ئۇ قىز بويىغا يېتىپ، رەسمىدە بولغاندا، يىراق ـ يېقىندىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. بىرىنچى قېتىم ئەلچىلەر كېلىپتۇ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارغا «ماقۇل» دەپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توي كۈنىنىمۇ پۈتۈشۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، 2 ـ قېتىم باشقا جايدىن يەنە ئەلچى كەپتۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغىمۇ «ماقۇل» دەپ قويۇپتۇ. خۇددى يوقىرىدىكىگە ئوخشاشلا، توي كۈنىنى بېكىتىپ قويۇپتۇ. ئارقىدىن 3 ـ قېتىم ئەلچىلەر كېلىپتۇ. ئۇلارغىمۇ ئالدىنقى ئىككى قېتىمقىغا ئوخشاش «ماقۇل» دەپ توي كۈنىنى بېكىتىپ قويۇپتۇ. ئەلچىلەر كەتكەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىز بىر، «ماقۇل» دەپ قويغان جايىمىز ئۈچ، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ ــ دەپ قاتتىق ۋەسۋەسىگە چۈشۈپتۇ ھەمدە بۇ ھەقتە ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىش توغرىسىدا ئالللاتائالادىن قاتتىق ئۆتۈنۈپتۇ. ئالللاتائالانىڭ ئۇلارغا رەھمى كېلىپ، ئىشىك تۈۋىدە باغلاقلىق تۇرغان قانجۇق ئىتنى ھەم ئېغىلدىكى ئېشەكنى قىزنىڭ سىياقىغا كەلتۈرۈپ بېرىپتۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىمۇ ھەل بوپتۇ. پۈتۈشكەن توي كۈنىمۇ يېتىپ كېلىپ، توي باشلىنىپتۇ. توي ئىگىلىرى قىزلارنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىشىپتۇ. ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىمەپتۇ. ئادەم بالىسى بولغان قىزدا ئادەمىيلىك خۇسۇسىيەت بولغاچقا، تويدىن كېيىنمۇ ھېچقانداق قولاق ئاغرىقــى كەلتۈرمەي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئائىلىدىلا ئەمەس، بەلكى مەھەللە ـ تويلاردىمۇ مەھەللىلىكلەر بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈپتۇ. ئۇ قىزدىن تۇغۇلغان باللارمۇ، ئادەمىيلىك خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قاپتۇ. قانجۇق ۋە ئېشەكتىن ئۆزگەرگەن قىزلاردا بولسا، ئەھۋال باشقىچە بوپتۇ. ئالايلۇق، قانجۇق ئىتتىن ئۆزگەرگەن قىز ھەدېگەندە ئازراق ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن، ئېرىنى ۋە باشقىلارنى چىشلەپ ئارام بەرمەپتۇ. ئېشەكتىن ئۆزگەرگەن قىز بولسا، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئېرىنى ۋە باشقىلارنى ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن تېپىپ، ئارام بەرمەپتۇ. ئۇلاردىن تۇغۇلغان باللارمۇ ئوخشاشلا چىشلىگەك، تەپكەك بولۇپ چىقىپتۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىت مەسىللىك ئادەملەرنى «ئىت ئامباللىق»، ئېشەك مەسىللىك ئادەملەرنى «ئېشەك ئامباللىق» دەپ ئاتىشىدۇ. ھازىرقى زامان ئادەملەر ئىچىدىكى ئاشۇ خىل ھالەتلەر ئەنە شۇلارنى كەلگەنمىش.»

## ئادەملەرنىڭ ئۆمرى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئالللاتائالا جانلىقلارنى ياراتقاندا، ئۆمرىنى بىردەك ئوتتۇز يىل قىلىپ ياراتقانمىش. بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت ئادەملا بۇنىڭغا قايىل بولماي ئالللاتائالادىن ئوتتۇز ياشقا يەنە ئازراق قوشۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئالللاتائالا ئادەمگە ئۆمۈر پىلان بويىچە تەقسىم قىلىنىپ تۈگىدى. ساڭا راستتىنلا لازىم بولسا، ساقلاپ تۇر، مۇبادا ئۆمۈرنى ئارتۇق كۆرۈپ ئالمايدىغانلار چىقىپ قالسا، ساڭا بېرەي، دەپتۇ. ئادەم بۇنىڭغا «ماقۇل» دەپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئېشەك كېلىپ ئالللاتائالانىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئالللاتائالاغا دەردىنى تۆكۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ مۇنداق دەپتۇ: «ئالللاتائالا، سىلى مېنىمۇ باشقىلار قاتارىدا كۆرۈپ، ماڭا ئوتتۇز يىل ئۆمۈر تەقسىم قىلىپتىلا، ئەمما ئۆلگۈدەك ئىشلىسەممۇ قورۇق ئوت ـ چۆپتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەيمەن. ئادەملەر ئۇستۈمگە ئېغىر يۈك ئارتقاندىن سىرت، يۈكنىڭ ئۈستىگە مىنىشىۋالىدۇ. ھېرىپ، ھالىمدىن كەتكىنىمگە قارىماي، باش كۆزۈمگە بولۇشىغا ئۇرىدۇ. ئۇنى ئاز دەپ يەتمىش پۈشتۈمغىچە بولمىغۇر تىللار بىلەن تىللايدۇ. ئېغىر يۈك دەستىدىن ئۇچام زەخىملىنىپ، يېغىر بولۇپ قالسا، داۋالاتماي تاشلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چۈشىن

بولۇشىغا ئاۋارە قىلىدۇ. مەن بۇ خىل ئازابلارغا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەكمەن. شۇڭا، ماڭا بېرىلگەن ئۆمۈردىن ئون بەش يىل ئېلىۋېتىلسىكەن» دەپتۇ. ئاللاتائالا ئادەمنى چاقىرتىپ: «ئېشەك ئون بەش يىل ئۆمرىنى ئالمايدىكەن. قانداق قىلىسەن؟» دەپ سورىغانىمىش. ئادەم: «ئۇنداق بولسا مەن ئالاي» دەپتىكەن ئاللاتائالا ئېشەكنىڭ ئون بەش يىللىق ئۆمرىنى ئادەمگە ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاتائالا ئادەمنى سىرتتا ساقلاپ تۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپتۇ. بىر چاغدا ئىت كېلىپتۇ. ئۇ ئاللاتائالاغا: «ئەي قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ خۇدا، سەن مېنىمۇ ئەزىز بىلىپ، باشقىلارغا ئوخشاشلا ئوتتۇز يىل ئۆمۈر تەقسىم قىلىپسەن، ئەمما، مەن ئۆز خوجايىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلساممۇ، ئۇنىڭ بەدىلىگە قاق سۆڭەك، ئاشقان - تاشقان تاماققا ئېرىشىمەن. قىش - ياز يوغان زەنجىر بىلەن باغلاقتا تۇرغىنىم تۇرغان. كەچ كىرگەندىن تارتىپ تاڭ ئاتقۇچە قاۋاپ چىقىمەن. مۇبادا چارچاپ، ئۇگدەپ قېلىپ قاۋىماي قالسام، قاق سۆڭەك ۋە ئاشقان - تاشقان تاماقمۇ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. مەن بۇ خىل ئۇسۇلدا ئوتتۇز يىل ياشىسام، بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتىدىكەنمەن. بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەكمەن، شۇڭا ماڭا تەقسىم قىلىنغان ئۆمۈرنىڭ يېرىمى ئېلىۋېتىلسە» دەپتۇ. ئاللاتائالا ئادەمنى چاقىرتىپ: «ئىت ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئۆمۈرنىڭ يېرىمىنى ئالمايمەن دەيدۇ، قانداق قىلىسەن؟» دەپتۇ. ئادەم ئۇنداق بولسا ئۇمۇ ماڭا ھېساب بولسۇن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىتقا تەۋە بولغان ئون بەش يىلنىمۇ ئادەمگە قوشۇپ بېرىپتۇ. ئاللاتائالا ئادەمنى سىرتتا ساقلاپ تۇرۇشقا ئىشارەت قىپتۇ. ئادەم سىرتتا تۇرغاچ: «ئۆزۈمگە تەقسىم قىلىنغان ئوتتۇز يىلغا ئېشەكتىن ئاشقان ئون بەش يىلنى قوشسام قىرىق بەش يىل بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىتتىن ئاشقان ئون بەش يىلنى قوشسام ئاتمىش يىل بولىدۇ. مۇشۇنىڭ بىلەن بولدى قىلايمۇ ياكى يەنە بىردەم ساقلاپ تۇرۇپ باقايمۇ» دەپ تۇرۇشىغا مايمۇز كېلىپتۇ. ھەم ئاللاتائالانىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. مايمۇن ئاللاتائالاغا مېنىڭ ئۆمرۈمنىمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئوتتۇز يىل قىلىپ قويۇپتىلا، ئادەملەر مېنى «قوڭى قىزىل» دەپ ھاقارەتلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىت تېرىپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئىشىم يوق. شۇڭا، ماڭا نىسبەتەن ئوتتۇز يىل بەك ئۇزۇن. مۇمكىن بولسا، ماڭا تەقسىم قىلىنغان ئۆمۈرنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋەتكەن بولسىلا، دەپتۇ. ئاللاتائالا ئادەمنى چاقىرتىپ: «مايمۇنمۇ ئون بەش يىلنى ئالمايدىكەن. قانداق قىلىسەن؟» دەپتىكەن، ئادەم ئۇنداق بولسا ئۇمۇ ماڭا قوشۇۋېتىلسە» دەپتۇ. ئاللاتائالا مايمۇننىڭ يېشىدىنمۇ ئون بەش يىلنى ئادەمگە قوشۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى يەتمىش بەش يىل بولۇپتۇ. ئادەم ئەسلىدىلا ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئوتتۇز بەش يىللىق ئۆمرىنى غەم - غۇسسىسىز، ناھايىتى ياخشى ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئېشەكتىن ئاشقان ياشنى ياشاشقا باشلايدىكەن. شۇ چاغدا ئادەمنىڭ يۈكى ئېغىرلاپ، خۇددى ئېشەككە ئوخشاش ئېغىر ئىشلەپ كېتىدىكەن. ئېشەكنىڭ يېشىنى ياشاپ بولغاندىن كېيىن، ئىتتىن ئاشقان ياشنى ياشاشقا باشلايدىكەن. بۇ چاغدا ئىشىنىڭ كۆپلۈكىدىن، كۆنى قاقشاش بىلەنلا ئۆتۈدىكەن. بالىلىرى چوڭ بولۇپ، بالىلىرىنىڭ قىلغان ئىشى پەسەنتىگە ياقمىسا تولا گەپ قىلىپ، بالىلىرىغىمۇ سەت كۆرۈنۈپ كېتىدىكەن. ئىتنىڭ يېشىنى ياشاپ بولغاندىن كېيىن، مايمۇندىن ئاشقان ياشنى ياشاشقا باشلايدىكەن. بۇ چاغدا باشقا ئىشلارنى قىلىش ئىقتىدارى بولمىغاچقا، خالىي جايدا ئولتۇرۇپ ئاپتاپ سىنغاچ، ئۇ يەر - بۇيېرىنى تاتىلاپ ئولتۇرىدىكەن.

**ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: دۇگامەت زوردۇن ئاكا، ئابلەت ئەخمەت، ئابلەت توختى، غېنى مەينەم، مۇرات قاسىم پەرسا.**

www.uyghurkitap.com



# ئەسھابۇلكەھف مازىرى ھەققىدە رىۋايەت

رەتلىگۈچى: دىلمۇرات ئابلىز

بۇرۇن دەقيانۇس ئاتلىق بىر پادىچى ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ قويلىرىنى باققىلى ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇ بىر شورتاڭلىق يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىر تۆشۈككە پۇتى پېتىپ قاپتۇ. پۇتىنى تارتىۋېلىپ قارىغۇدەك بولسا تۆشۈكتە بىر پارچە خەت تۇرغۇدەك. دەقيانۇس ساۋاتسىز بولغاچقا، خەتنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن موللا ئىزدەپ مېڭىپتۇ. نۇرغۇن يېزا-قىشلاقلارنى ئىزدەپ ئاخىر بىر دامولللىنى تېپىپ خەتنى ئوقۇتۇپتۇ. دامولللا خەتنى ئوقۇپ بولۇپلا يىغلاپ كېتىپتۇ. دەقيانۇس:

— ئەي دامولللا، نېمىگە بۇنچىۋالا يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ خەت چىققان جايدا بىر تىلسىم خەزىنە بار ئىكەن. بۇ خەتنى تاپقان ئادەم — سەن پادىشاھ بولغۇدەكسەن. بۇ خەتنى ئوقۇغان ئادەمنى سەن ئۆلتۈرگۈدەكسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ دامولللا. دامولللامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان دەقيانۇس:

— ئەگەر شۇ يەردىن سەن دېگەندەك مال - دۇنيا چىقىپ قالسا، ئۇنىڭغا ئىككىمىز تەڭ شېرىك بولىمىز. مەن پادىشاھ بولۇپ قالسام پادىشاھلىقنىڭ يېرىمى سېنىڭ بولىدۇ، — دەپتۇ. دەقيانۇس خۇدايىتائالانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ قەسەم قىلغاندىن كېيىن، دامولللا دەقيانۇسنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، بىرگە بېرىپ خەت چىققان تۆشۈكنى كولاشقا باشلاپتۇ. بىرنەچچە مېتىر كولىغاندىن كېيىن بىر تۈگمەن تېشى چىقىپتۇ. ئۇنى قومۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن بىر قۇدۇق كۆرۈنۈپتۇ. قۇدۇققا چۈشۈپ قارىسا ئىككى تەرەپتە ئوندىن - يىگىرمە ئېغىز ئۆي بار ئىكەن. ھەممە ئۆيدە خىلمۇ خىل قورال - جابدۇق، شاھانە كىيىم - كېچەك، ئالتۇن- كۈمۈش دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىكەن. بۇ يەردە ئەسلى بىر تىلسىمات بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ خۇنى تۆكۈلمىسە سىرى ئېچىلمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن دەقيانۇسنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. دامولللىنى ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن مال - مۈلۈككە ئۆزى يالغۇز ئىگە بولماقچى بوپتۇ. ئاخىر دامولللىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاپ، بىر ئالتۇن ئىگەرنى ئېلىۋېلىپ، تۆشۈككە بەلگە قىلىپ قويۇپ ئېتىۋېتىپتۇ. ئاندىن ئالتۇن ئىگەرنى ئېلىپ ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئالتۇن ئىگەرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ بۇ سوۋغاتنى كۆرۈپ خۇشال بولغان ھالدا:

— سېنىڭ نېمە تىلىكىڭ بار، تارتىنماي ئېيتقىن، — دەپتۇ. دەقيانۇس:

— پادىشاھىئالەم، مەن بىر پادىچى، ئاىلىلىرىنىڭ غەمخورلۇقىدا چارۋىلىرىم ھەددى - ھېسابسىز كۆپەيدى. قوتانغا پاتمايۋاتىدۇ. شۇڭا، سىلىنى قوتان سالغۇدەك بىرەر جاينى مەرھەمەت قىلارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ھۇزۇر - شەرىپلىرىگە كېلىپ قالدىم، — دەپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆرۈپ «قايسى ئورۇننى مۇۋاپىق كۆرسەڭ، شۇ يەرنى ئىشلەتكىن، كىمدە - كىم ساڭا زىيان - زەخمەت يەتكۈزسە، قىلىچىم ئۇنىڭغا رەھىم قىلمايدۇ.» دېگەن مەزمۇندا بىر يارلىق پۈتۈپ بېرىپتۇ.

دەقيانۇس يارلىقنى ئالغان كۈندىن باشلاپ «ئىشلىشنى خالايدىغانلار ھۇزۇرۇمغا كېلىڭلار» دەپ مۇراجىئەت ئېلان قىلىپتۇ، كەلگەنلەرگە ھەققىنى ئوبدان بېرىپ، خەزىنە چىققان ئورۇنغا كاتتا ئوردا بىنا قىلدۇرۇپتۇ. ئوردا پۈتكەندىن كېيىن پادىشاھ، ۋەزىر - ۋۇزرا ھەم جىمى يۇرت كاتتىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. پادىشاھ دەقيانۇسنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئۆزىگە ۋەزىر

قىلىشۋاپتۇ. دەقيانۇس ۋەزىر بولغاندىن كېيىن پادىشاھقا چىن دىلى بىلەن خىزمەت قىلىپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئاۋام خەلققە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، باج - خىراجەتنى ئازايتىپتۇ. ئاجىز-كەمبەغەللەرگە ھېلىقى خەزىنىدىن پۇل - مال ئاچىقىپ بېرىپ، پۈتۈن ئەلنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، مەخپىي بىر گورۇھ ئويۇشتۇرۇپتۇ. ئاندىن پادىشاھنى يوقىتىپ پادىشاھ بوپتۇ. دەقيانۇس پادىشاھ بولغاندىن كېيىن يۇرتنى بىرنەچچە يىل ئوبدان باشقۇرۇپتۇ. ھەممە ئادەم بىردەك ئىشەنگەندىن كېيىن، خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ، مەن يەر يۈزىنىڭ خۇداسى دەپ، نەچچە مىڭ مو يەرگە مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ باغ بىنا قىلدۇرۇپتۇ. ئەتراپىغا ھەرخىل شىرە - ئورۇندۇقلارنى ئورنىتىپ «بېھىش» دەپ نام بېرىپتۇ. نەچچە پاتمانلىق يەرگە چوڭ - كىچىك قازانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ياغنى قۇيۇپ قىزىتىپتۇ. ھەر خىل خۇمدان، تونۇر قاتارلىق نەرسىلەرگە ئوتنى يېقىپ بۇ يەرگە «دوزاخ» دەپ نام بېرىپتۇ. پەرمانىغا بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلغانلارنى «بېھىش»تا سەيلە - ساياھەت قىلدۇرۇپتۇ. ئىتائەت قىلمىغانلارنى قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، بەزىلىرىنى ياغقا تاشلىسا بەزىلىرىنى خۇمدان، تونۇرلارغا تاشلاپتۇ.

دەقيانۇس مۇشۇنداق دەۋر سۈرۈپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى يەمەن پادىشاھىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئاڭلايلى: يەمەن پادىشاھىنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ چوڭىنىڭ ئىسمى يەملىخا، ئوتتۇرانچىسىنىڭ مىسلىنا، كەنجىسىنىڭ مەكسەلمىنا ئىكەن. بۇلار خۇدانى ئىزدەپ، يۇرتىدىن ئايرىلىپ بىر قانچە كۈن چۆل - جەزىرىلەردە يۈرۈپ، ئاخىر دەقيانۇسنىڭ شەھىرىگە كېلىپ قاپتۇ.

دەقيانۇسنىڭ پاسىبانلىرى ئۇلارنى توسۇپ:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ قەيەردىن كەلدىڭلار؟ نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىز يەمەندىن بۇ يەرگە خۇدانى ئىزدەپ كەلدۇق، — دەپتۇ شاھزادىلەر.

پاسىبانلار دەقيانۇسقا خەۋەر قىپتۇ. دەقيانۇس:

— ئۇلار كىرسۇن، بېھىشقا ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. پەرمانغا بىنائەن مەزكۇر ئۈچ شاھزادە بېھىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. ئۇلار دەقيانۇس «بېھىش» دەپ نام بەرگەن باغدا يۈرۈپ، بەزىبىر ئىشلاردىن گۇمانلىنىپ قاپتۇ - دە، سىناپ كۆرمەك بوپتۇ. دەقيانۇسنىڭ ئۇخلىغاندا چىراغنى ياندۇرۇپ مۈشۈكنىڭ بېشىغا قويۇپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. بىر كۈنى دەقيانۇس ئۇخلاۋاتقاندا شاھزادىلەر دەقيانۇسنىڭ ھۇجرىسىغا يېقىنغا بىر چاشقاننى تىقىپ كىرىپ، قويۇۋېتىپتۇ. مۈشۈك چاشقاننى كۆرۈپلا چىراغنى ئۆرۈۋېتىپ، چاشقاننى قوغلاپ كېتىپتۇ. دەقيانۇس بولسا ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلاۋاتقۇدەك. بىرنەچچە ئادەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ ئۇنى چىۋىندىن قوغداۋاتقۇدەك. بۇلارنى كۆرۈپ شاھزادىلەر «دەقيانۇس خۇدا ئەمەسكەن، چىۋىندىن ئۆزىنى قوغدىيالمىغان ئادەم قانداقمۇ خۇدا بولسۇن؟» دە ئويلاپ شۇ كېچىسىلا قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇلار كېتىۋېتىپ دەقيانۇسنىڭ پادىلىرىنى بېقىۋاتقان پادىچىلارغا ئۇچراپ قاپتۇ.

— ئەي يىگىتلەر، قەيەردىن كەلدىڭلار، نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ پادىچىلار.

شاھزادىلەر بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پادىچىلارمۇ ئىمان ئېيتىپ ئۇلار بىلەن بىرگە خۇدانى ئىزدىمەكچى بوپتۇ. پادىچىلار تۆت ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى كەكەشپۇتەن، ئازارپەت، يۇنۇس، يۇۋانىس يۇنۇس ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىر ئىتى بولۇپ، ئىسمى قىتمىر ئىكەن. ئۇلار خۇدانى ئىزدەپ ماڭغاندا ئىتمۇ ئەگىشىپ بىرگە مېڭىپتۇ. پادىچىلار ئىتنى توساپ بېقىپتۇ، ئۇرۇپمۇ بېقىپتۇ. ئاخىر پۇت-قوللىرىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئىت خۇدايىتائالانىڭ كارامىتى بىلەن زۇۋانغا كېلىپ:

— سىلەرگە لازىم بولغان خۇدا ماڭا لازىم ئەمەسمۇ؟، — دەپ كەلىمە شاھادەتنى ئوقۇپتۇ. پادىچىلار ئىتنىڭ پۇتىنى سۇندۇرغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، ئىتنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانچە بىر تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بىرەر جاينى تېپىپ ئارام ئالماقچى

بوپتۇ. پادىچىلار:

— بىز پادا باقىقان چاغلاردا مۇشۇ تاغنىڭ باغرىدا بىر غار بارلىقىنى كۆرگەن، بۇ غار ناھايىتى پىنھان بىزگە ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ، — دېيىشىپتۇ. ھەممەيلەن ھېلىقى غارغا كىرىپتۇ. كىرىپ بولۇشى بىلەنلا خۇدايىتائالانىڭ كارامىتى بىلەن ئۆمۈچۈكلەر غارنىڭ ئاغزىغا تور باغلاپ، كەپتەرلەر ئۇۋا ياساپتۇ.

ئۇلار مۇشۇ غاردا تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى دەقيانۇستىن ئاڭلايلى:

دەقيانۇس شاھزادىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ خۇدا ئەمەسلىكىنى بىلىپ قېلىپ، قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قول ئاستىدىكى بارلىق لەشكەرلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇق قىپتۇ. لەشكەرلەر ئۇلارنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماي ئاخىر ھېلىقى غارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىسا غارنىڭ ئاغزىدا ئۆمۈچۈكلەر تورباغلاپ، كەپتەرلەر ئۇۋا سېلىشقانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «قاچقۇنلار بۇ يەرگە كەلگەن بولسا چوقۇم ئىزى بولغان بولاتتى. باشقا يەرگە كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قايتىپ بېرىپ دەقيانۇسقا مەلۇم قىپتۇ. دەقيانۇس قۇرئە سالدۇرسا، قاچقۇنلارنىڭ غاردا ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. دەقيانۇس يەنە لەشكەرلىرىگە «قاچقۇنلار غارغا كىرىۋاپتۇ. تولۇق ئاختۇرۇڭلار» دەپ پەرمان قىپتۇ. لەشكەرلەر قايتا بېرىپ يەنە تاپالمىغاندىن كېيىن، دەقيانۇس كۆپ باش قاتۇرۇپ ئۆز تەۋەسىدىكى قىز - يىگىت، ئەر - ئاياللارنى يىغىپ:

— سىلەر غارنىڭ ئالدىغا توپلىشىپ داپ - دۇتارلارنى چېلىپ، بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىپ، بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئويناپ مەشرەپ قىلىڭلار، ئۇلارمۇ ياش بولغاندىكىن چوقۇم ناخشا - موزىكا ئاۋازىنى ئاڭلاپ غاردىن چىقىدۇ، — دەپتۇ. ئاندىن يەنە لەشكەرلىرىگە:

— سىلەر ھوشيار تۇرۇپ، ئۇلار غاردىن چىقىشى ھامان تۇتۇۋېلىپ ئالدىمغا ئەكېلىڭلار، — دەپتۇ. دەقيانۇسنىڭ دېگىنى بويىچە ئەر - ئايال، قىز - يىگىتلەر غارنىڭ ئالدىغا توپلىشىپ كۈنگە بىر قانچە قېتىملاپ ئويۇن - تاماشا، مەشرەپ قىپتۇ. لەشكەرلەر ئەتراپنى قورشاپ يېتىپتۇ. ئەمما، غاردىكىلەردىن شەپە بولماپتۇ. بۇلار مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى غاردىكىلەردىن ئاڭلايلى:

غاردىكىلەر ھېرىپ كەتكەچكە، شۇ ئۇخلىغىنىچە ئۈچيۈز توققۇز يىل ئۇخلاپتۇ. خۇدايىتائالا پەرىشتىلەرگە ئۇلارنى ھەپتىدە بىر قېتىمدىن ئۆرۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن دەقيانۇسنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماي ئامان قاپتۇ. بۇلار شۇ پېتى ئۈچيۈز توققۇز يىل ئۇخلاپ، ئويغانغاندىن كېيىن (ئەمما ئۆزلىرى بىلمەيدۇ) قورسىقى ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەملىخانى نان ئەكېلىشكە ئەۋەتىپتۇ ئۇ بازارغا كېلىپ نان ئالغاندىن كېيىن، ناۋايغا بىر تەڭگە بېرىپتۇ. ناۋاي پۇلنى كۆرۈپ يەملىخاغا:

— سەن بۇ پۇلنى قەيەردىن ئالدىڭ؟ بۇ پۇل ھازىر ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەسلى سەن دەقيانۇسنىڭ خەزىنىسىنى تېپىۋالغانىكەنسەن - دە، ماڭ مەن سېنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، — دەپتۇ. يەملىخا ناۋايدىن مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلۇپ، غارغا قېچىپ كىرىپلا غايىب بوپتۇ. بۇ ۋاقىت ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات كەچۈرگەن ۋاقتى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ، شەيخلەر بۇ مازارنى «تىرىكلەر مازىرى» دەپ ئاتىغان، خوجا - ئىشانلار بولسا تېخىمۇ ئۇلۇغلاپ «بۇ مازارنى زىيارەت قىلىش يېرىم ھەج قىلغانغا ئوخشاش» دېيىشكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھېلىقى يەتتەيلەن تا ھازىرغىچە ھەپتىدە بىر ئۆرۈلۈپ قويۇپ ئۇخلاۋاتقۇدەكمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا ئەسھابولكەھپ مازىرىدىن: ئابلا ئەخمەت.

# لەتىپىلەر

توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: ئابلىز توختى ، دىلنۇر ئابلىز

## خۇدا ساقلىدى

ئەپەندى بىر كۈنى ئېشىكىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، توختىماي «خۇداغا شۈكرى» دەۋېرىپتۇ. ئاغىنىلىرى بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندى، ئېشىكىڭىزنى يىتتۈرۈپ قويغان تۇرۇقلۇق «خۇداغا شۈكرى» دەۋېرىسىزغۇ، — دەپ سورىشىپتۇ. ئەپەندى:

— نېمىشقا شۈكرى قىلمايدىكەنمەن، ئەگەر ئېشەكنىڭ ئۈستىدە ئۆزۈم بولغان بولسام، مەندىنمۇ ئايرىلىپ قالاتتىڭلار، خۇدا بىر ساقلىدى، — دەپتۇ.

## تۇتۇۋېلىپ ئىگىسىگە بېرىمەن

ئەپەندى كوچىدا ئادىشىپ يۈرگەن بىر قوينى تۇتۇۋېلىپ، سويۇپ يەۋېتىپتۇ ۋە بۇ سىرنى بىر ئاغىنىسىگە ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاغىنىسى ئۇنى قورقىتىپ:

— قىيامەتتە خۇدانىڭ ئالدىدا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىز؟ باشقىلارنىڭ مېلىنى سورىماي يەۋېلىش قاتتىق گۇناھ، — دەپتۇ.

— تېنىۋالىمەن، — دەپتۇ ئەپەندى.

— تېنىۋالالمايسىز، قوينىڭ ئۆزى كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— ئۇنداقتا ئوبدان ئىكەن، شۇ يەردە تۇتۇۋېلىپ ئىگىسىگە بېرىۋېتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندى جاۋابەن.

## ئالاقىسى بار گەپ

ئەپەندى بىر باغقا ئوغرىلىقچە كىرىپ، مېۋىلەردىن ئۈزۈپ، سېۋەتنى تولدۇرۇپ تۇرغاندا، باغۋەن كېلىپ:

— ھەي ئوغرى، سەن نېمىشقا بىراۋنىڭ بېغىغا ئوغرىلىقچە كىردىڭ؟ — دەپتۇ.

ئەپەندى بىر پەس ئۈنچىقماي تۇرۇپ، بىردىنلا:

— سەن نېمىشقا خوتۇنۇڭغا كەش ئېلىپ بەرمىدىڭ؟ — دەپتۇ. باغۋەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

— بۇ ئىككى گەپنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ — دەپتۇ. ئەپەندى:

— ئالاقىسى بار گەپنى تاپالمايۋاتسام، ئەمسە نېمە دەيمەن؟ — دەپتۇ.

## بىلەمسىلەر

نەسىردىن ئەپەندى بىر كۈنى مەدرىستە مۇنبەرگە چىقىپ موللىلاردىن:

— مەن ھازىر نېمە دېمەكچى، بىلەمسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق بىلمەيمىز، — دېيىشىپتۇ موللىلار.

— بىلمىگەن ئادەملەرگە سۆز قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ — دەپتۇ-دە، ئەپەندى مۇنبەردىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەپەندى يەنە
مۇنبەرگە چىقىپ، ھېلىقى سوئالنى
قويۇپتۇ. مۇللىلار بۇ قېتىم «بىلىمىز» دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ. ئەپەندى:
— سىلەر بىلىدىغان گەپنى دەپ نېمە
قىلاي، — دەپ مۇنبەردىن چۈشۈپ
كېتىپتۇ.
ئەپەندى ئۈچىنچى قېتىم مۇنبەرگە
چىقىپ، شۇ سوئالنى قويغاندا مۇللىلار
مەسلىھەتلىشىپ:
— بەزىلىرىمىز بىلىمىز،
بەزىلىرىمىز بىلمەيمىز، — دېيىشىپتۇ.
— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ
ئەپەندى — بىلگەنلىرىڭلار بىلمىگەنلە-
رىڭلارغا ئېيتىپ بېرىڭلار.

## شوتا بازىرى

ئەپەندى بىر ئۇزۇن شوتىنى كۆتۈرۈپ
بىر كىشىنىڭ بېغىغا كىرىپتۇ. باغنىڭ
ئىگىسى ئۇنى كۆرۈپ:
— خۇش كەپسىز ئەپەندى، بۇ باغدا
نېمە ئىشىڭىز بار؟ — دەپتۇ.
— بۇ شوتىنى ساتماقچىدىم، — دەپتۇ
ئەپەندى.
— شوتا ساتىدىغان ئادەم بازارغا
بارماي، باغدا نېمە قىلىسىز؟ — دەپتۇ باغ
ئىگىسى.
— شەھەردە مەخسۇس شوتا بازىرى
بولمىغاندىكىن ئۇزۇم خالىغان جايدا
ساتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ
ئەپەندى.

## ئېتىزغا چىقىپ كېتەمسىز

ئەپەندى ئىشكىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرسا،
يولدىن قازى ئۆتۈپ قاپتۇ. ئەپەندى قازىنى
كۆرۈپ:
— يول بولسۇن تەخسىر! يوللىرى
قاياققىكىن؟ — دەپتۇ.
قازى ئەپەندىنى مازاق قىلماقچى
بولۇپ، مەسخىرە تەلەپپۇزدا:
— كېكىردەككە، — دەپتۇ. ئەپەندى
چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:
— قايتىپ كېلەمسىز ياكى شۇ ياقتىن
ئېتىزغا چىقىپ كېتەمسىز؟ — دەپ
سوراپتۇ.

## ئەپەندىنىڭ ئېشىكى

ئەپەندىنىڭ ئېشىكى ناھايىتى قاشاڭ
ئىكەن، بىر كۈنى نەسىردىن ئەپەندى
ئېشىكىنى مىنىپ كېتىۋاتسا، بىر ئاغىنىسى
ئۇچراپ:
— ئەپەندى يولىڭىز خەيرلىك بولسۇن!
نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— جۇمە نامىزىغا.
— بۈگۈن پەيشەنبىغۇ! — دەپ
سوراپتۇ ئاغىنىسى ھەيران بولغان ھالدا.
— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ ئەپەندى —
ئېشىكىمنىڭ مېڭىشى شۇ تۇرسا، ئەتە جۇمە
نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ بارالىسام چوڭ گەپ.

## بۇرۇن

بىر كىشى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ قىزىغا
قاپاق بۇرۇن، ناماز شام قارىغۇسى بىرسىگە
ئەلچى بولۇپ كېلىپ، ئەپەندىنىڭ بولغۇسى
كۈيئوغلىنى ماختاپ:
— ئۇ يىگىت ناھايىتى سەۋرچان،
ياۋاش، قىزىڭىزنىڭ ئانچە - مۇنچە
كەمچىلىكلىرى بولسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ
يۈرۈۋېرىدۇ، — دەپتۇ. ئەپەندى بۇنى
ئاڭلاپ:
— راست ئېيتتىڭىز! مېنىڭچىمۇ
ناھايىتى سەۋرچان بولسا كېرەك، ئوتتۇز
يىلدىن بېرى شۇنداق يوغان بۇرۇننى
كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ. ئەمما، بۇرنى كۆزنى
توسۇۋېلىپ قىزىمنى كۆرمەي قالامدىكىن
دەيمەن، — دەپتۇ.








بۇلاق

源泉（布拉克）（维吾尔文）总70期

(قوش ئايلىق ژۇرنال ) ئومۇمىي 70 - سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65－1050/I
本刊代号：58－108　定价：4.50元
ISSN1005－0876　国外代号Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1050/I
ۋاكالەت نومۇرى: 108 - 58، باھاسى: 4.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118

ISSN 1005-0876

02>

9 771005 087006